# تارىم

12

1992

# بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

www.uyghurkitap.com



ماھۇت زايىت پېشقەدەم شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ 1959 - يىلى تۇنجى شېئىرى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىش بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى. ئۇنىڭ «گۈلمىرۋى»، (شېئىرىي رومان)، «خاز - تەگرى قىزى» (داستانلار توپلىمى)، «ئانا رىۋايىتى»، «كارۋان بۈيۈك نەزمىسى»، «باھار قارلىغاچلىرى»، «سېنى كۈتىمەن»، «چارەك ئەسىر نەزمىسى»، «ئات جۇۋازدا، كالا مەيدە»، «ئۆلۈكلەر ۋەتىرىكلەر» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. 13 پارچە ئەسىرى ئاپتونوم رايونى بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئىجادىيەت ۋكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن.

ئۇ ئىجادىيەت ئۈستىدە.



ئۇ مايتاغ نېفت ئايرىش زاۋۇتىدا.



ئۇ بۇغدا كۆلى بويىدا.



ئۇ نېفت ئىنژېنېرى بىلەن بىللە.

# تارىم

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

42-يىل نەشرى

12

1992

باش مۇھەررىر

مۇھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر

ئارسلان

مەسلىھەتچىلەر

ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم

تەھرىر ھەيئەتلەر

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئارسلان، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابلىكىم باقى، تۇرغان شاۋۇدۇن، تۇرسۇنئاي ھوسەيىن، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مۇھەممەت زۇنۇن، مەھمۇد زەيدى، ئەمىن تۇرسۇن، ئىمىن ئەخمىدى، زوردۇن سابىر.

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئارسلان ........ ئۆپۈقتىكى سۈرەتلەر (پوۋېست) ........ 4
م. مۇھەممەت ........ ھېكايىلار ........ 65
ئە. غۇلام ........ مودا قالپاق (ھېكايە) ........ 71
ي. تۇرسۇن ........ كىم ئەيىبلىك (ھېكايە) ........ 78
ئە. غۇپۇر ........ سۆكۈتكە چۆمگەن دالا (پوۋېست) ........ 94


## شېئىرلار


ئا. مۇھەممەتئىمىن ........ شېئىرلار ........ 61
غ. غەيۇرانى ........ رۇبائىي ۋە قىتئەلەر ........ 62
ي. زىلال ........ غەزەللەر ........ 63
ن. ئابلەت ........ ياشلىق كۈيلىرى ........ 86
ئا. تۇنىياز ........ شېئىرلار ........ 87
ت. ئابلىز ........ يۇلتۇز، ئاي ۋە سۈبھى ........ 89
م. سالىم ........ مۇھەببەت سەۋدالىرى ........ 89
ئا. ئابدۇللا ........ ئايدىڭدىكى ئاي دالا ........ 92


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


ئە. قۇربان ........ ھېكايىدىكى شېئىر ۋە مۇزىكا ........ 130


## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن


ھ. يالقۇن ........ شېئىرلار ........ 136

## كىتابخانىلاردىن خەت

پ. مەھەممەت ........ سىپايىلىق ئاستىغا يوشۇرۇنغان رەزىللىك ............ 140

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

ك. مۇرايىدىس .......... يېڭى سەھىپە (ھېكايە) ................................ 142

* * *

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجىسى ......... 151


مۇقاۋىنىڭ 3 - ۋە 4 - بەتلىرىدە: قارامايدا ئۆتكۈزۈلگەن 4 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر ........ ق. تۇرسۇن، مەتتىمىنلەر فوتوسى.


* * *

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ھۆسن خەتلەرنى م. ئايۇپ، م. نۇرمەمەتلەر ئىشلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





# ئۈپۈقتىكى سۈرەتلەر

(پوۋېست)*

بىز دەرھال سومكىلىرىمىزنى ئېچىپ، بوغچىمىلىرىمىزنى يېشىپ ئارقان ئىزدەشتۈردۇق. ئىككى غۇلاچ كەلگۈدەكلا ئېنچىكە نىلون تانىدىن باشقا نەرسە چىقمىدى. ئۆپچۆرىمىزنى قاراشتۇردۇق. قولغا ئىلەشكۈدەك بىرنەرسە ئۇچرىمىدى. ھالاكەت چاڭگىلىدىكى ئادەمنى تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلىمىز ئۇنىمىدى.

مەسلىھەتلىشىپ قىنىيائادەمنى يارلىبۇيىدە قالدۇرۇپ، لوئىمىزا ئىككىمىز نېرىراقتا يانپاشلاپ ياتقان دۆڭلۈككە قاراپ يول ئالدۇق. كۆڭلىمىزدە بىرەر ئادەمزاتنىڭ قارىسى ئۇچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس دېگەن ئۈمىد قىمىرلايتتى. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، يامىشىپ دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق. ئۇ تەرەپ كىچىكرەك كۆكۈلمەيدان تۈزلەڭ ئىكەن. تۈزلەڭلىكنىڭ ئۇ چېتىدە توپ - توپ يىلقىلار ئوتلاپ يۈرەتتى. ئايغىرلار كىشنىشىپ، بىر-بىرى بىلەن چىشلىشىپ قالاتتى. قۇلۇن-تايلار ئۇيياقتىن بۇياققا قىيغىتىپ ئوينايتتى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يېگىرۈكلۈكلىرىنى ئۆگىنىشتىكى سىناق مەشقلىرىدۇر بۇ بەلكىم. يىلقىچىلار قوللىرىدا قورۇق، سالمىلارنى كۆتۈرۈشۈپ، يىلقىلارنى قايرىپ قوياتتى. تۈزلەڭنىڭ بۇ چېتىدە يېقىنلا يەردە قوي پادىسى ئاق بۇلۇتتەك يېيىلىپ ئوتلاۋاتاتتى. ھەن لوڭزانى ئۆسكىلەك چۆپلەر ئارىسىغا

* بېشى ئۆتكەن سانىدا.

ئولتۇرغۇزۇپ، بېكىندۈرۈپ قويدۇم. ئۆزۈم گاھ ئېگىشىپ، گاھ ئۆمىلەپ يۈرۈپ قويلار توپىغا قاراپ سىلجىپ، ھايال ئۆتمەيلا بولاق بويىدا نەي چېلىپ ئولتۇرغان پادىچىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن چىقتىم. پادىچى بالىدىن بەش - ئالتە مېتر نېرىدا بىر توپ ئارقان يىلاندەك يۆگىشىپ ياتاتتى. خۇشاللىقتىن يۈرىكىم پادىچىغا ئاڭلانغۇدەك دۈپۈلدەپ كەتتى. مەن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ، پادىچىدىن كۆزلىرىمنى ئۈزمەي، پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، تۈيدۇرماي بېرىپ، ئارقاننى ئالدىم. پادىچى نەينىڭ مۇڭىدا مەست بولۇپ، ھېسسىيات ئالىمىدە دەلدۈگۈنۈپ يۈرۈۋاتقان بولسا كېرەك، قىمىر قىلمىدى. مەن قىل ئارقاننىڭ ئالىمىدە دەلدۈگۈنۈپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى سەزگەن ھالدا ئۈن - تىنسىز كەينىمگە قايتىپ كەلدىم. چېكىلىرىمدىن مۇنچاقتەك سوغۇق تەر چىقىپ كەتكەنىدى.

ئىككى ئارقاننى بىر - بىرىگە ئۇلىدۇق. ئاندىن ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى قىيا ئادەم نىڭ بېلىگە باغلاپ ۋە ئۇچىمىز تەڭ تۇتۇپ، ئىككىنچى ئۇچىنى ئاستا - ئاستا يارغا ساڭگىلاتتۇق. بىز تاكى ئېگىشىپ مەيدىمىزنى يەرگە تىرىگەندە، ئارقاننىڭ ساڭگىلىتىلغان ئۇچى يار بېشىدىكى ئادەمگە ئاران يەتتى. يار ئاستىدىن ئارقاننى سىلكىگەن، ۋارقىرىغان بەلگە كەلگەندىن كېيىن، بىز ھە - ھۇ بىلەن ئارقاننى يۇقىرىغا تارتىشقا باشلىدۇق. بىر ھازادىن كېيىن بىزنى ھەيران قالدۇرۇپ يار گىرۋىكىدىن ئاۋۋال چۇۋۇلغان سۇمبۇل چاچ، ئاندىن كېيىن قاملاشقان بىر كىچىك باش ۋە پەۋقۇلئاددە گۈزەل بولمىسىمۇ، خوپلا ئوماق بىر قىزنىڭ يۈزى كۆرۈندى. قىزنىڭ دېمى سىقىلىپ يار ئۈستىگە يامىشىپ چىققۇدەك ماجالى قالمىغانىدى. لوڭزا ئىككىمىز ئۇنى قولىدىن تارتىپ چىقىرىۋالدۇق. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىملىرى ئەت تالىشەتكەندەك يىرتىلغان، يۈزى سۈرۈلگەن بولۇپ، پېشانىسىدىكى يېرىقتىن قان تەپچىرەپ تۇراتتى. چىرايى قانسىرىتىلغان ئۆپكىدەك تاتىراڭغۇ ئىدى. قاتتىق ھاسىراپ كۆچىنىپ نەپەس ئالاتتى. ئۇ خېلىغىچە شۇنداق سوناي ياتقاندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا ئېسىنى يىغدى. كېسەل تارتقان كىشىدەك قوللىرىدا يەر تىرەپ ئورنىدىن تۇردى. ئالىقانلىرى قان يۇقى ئىدى. ئۇ سالام قىلغاندىن كېيىن تۈركمى تىلىدا سۆزلەپ، بىزنىڭ كىملىكىمىزنى، قەيەردىن كېلىۋاتقانلىقىمىزنى سورىدى.

— قوشنا ئەلدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرمىز، — دېدىم مەن تۇتۇق جاۋاب بېرىپ.

— ئىدىل دەرياسى تەرەپلەردىن ئوخشايسىلەر، بىزنىڭ بويىقلارغا سودا يولى ئارقىلىق ھەممە دۆلەتلەرنىڭ سودىگەرلىرى كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ. ساياھەتچىلەر ئىچىدە يۇنان، ھىندى ھەتتا مىسىرلىقلارمۇ ئۇچرايدۇ. مېنىڭ تاغاممۇ سودىگەرچىلىك قىلىدۇ. شۇڭا مەنمۇ ئانچە - مۇنچە ئىشلاردىن خەۋەردار. كىم بولساڭلارمۇ بېشىمغا كۈن چۈشكەندە، مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغىنىڭلار ئۈچۈن كۆپ رەھمەت. ياخشىلىقىڭلارغا مەندىن ياخشىلىق قايتمىسا تەڭرىدىن قايتار.

— شۇنداق قىلىشىمىزغا تېگىشلىك، رەھمەت دېگۈچىلىكى يوق، — دېدىم مەن ئەدەب بىلەن.

— ئۆزىڭىز كىم؟ نېمە پالاكەتكە يولۇققان؟ — دېدى قىيا ئادەم.

— ئېتىم كۆمۈش، شەھەر ئىچىدىكى تاشباي دېگەن كىشىنىڭ خىزمەتكارى ئىدىم، بەزىدە يىلقىلىرىغىمۇ قارايمەن. بۈگۈن قارا باسقاندەك ئىش بولدى. يىلقىچىلار مېنى نان، تۇز ئەكىلىشكە بازىنىڭكىگە ئەۋەتكەنىدى. مەن كۆرەك قاشقىنى مىنىپ شەھەرگە يول ئالدىم. مۇشۇ ئالدىمىز تەرەپتىكى ئۇزۇن جىلغا ئىچىدە كېتىۋاتقىنىمدا، يانىدىكى تۆپىلىكتىن تۆت ـ بەش ئاتلىق ئادەم چۈشۈپ يولۇمنى توردۇۋالدى.

— مانا داڭلىق كۆرەك قاشقا ئۆز پۇتى بىلەن مېڭىپ ئالدىمىزغا كەپتۇ، قارشى ئالىمىز! — دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر كۆزلۈك، تەتۈر ئۈستىخان بىرى.

— بۇ تومۇچۇققا كۆزۈم چۈشۈپ يۈرگىلى ئۇزۇن بولغان، بۈگۈن تەڭرى ئۆزى يەتكۈزۈپتۇ جانغا شىپا بالىخانىنى، — دېدى ئېگىز قالپاقلىق پاكىنىكى ھىجىيىپ. خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەنىدى.

مەن تاشباينىڭ يىلقىچىسى، خىزمەتچىسى ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ يالۋۇرساممۇ ئۇنىماشمىدى.

ئاستىمدىكى كۆرەك قاشقا ئويناقلاپ تىرىدىغان ئۇچقۇر ئات، يېنىپ تۇرغان بىر پارچە ئوت ئىدى. كۆپ قېتىم بەيگىدە ئۈزۈپ چىقىپ شۇ ئەتراپتا داڭق چىقارغانىدى. قاراقچىلارنىڭ بۇ تۇلپارنىمۇ، مېنىمۇ ئوبدان بىلگىنىدىن قارىغاندا، ياقا يۇرتلۇقلار بولمىسا كېرەك. بىراق، ئۇلار ماڭا شەپقەت قىلىشنى ئويلاپمۇ قويۇشمىدى، بىر كۆزلۈكى كاتتىباش بولسا كېرەك، بۇيرۇق چۈشۈردى.

— ئېلىپ مېڭىڭلار!

بىرنەچچە قول بىرنەچچە تەرەپتىن بىراقلا سوزۇلۇپ كەلدى. كىملەردۇر يۈگەنگە تەمشەلدى. كىملەردۇر باش ئۈستىمدە قامچا ئويناتتى. مەن تىزگىننى سىلكىپ ئاتنى دېۋىتتىم. كۆرەك قاشقا قاتتىق كىشنەپ ئۆرىدەپ ئارقا ئاياغلىرىدا دەست تۇردى ـ دە، سېركىچى ئاتلاردەك كەينىگە ئايلاندى. مەن تىزگىننى قويۇۋېتىپ بىر قامچا ئۇرۇپ سالدىم. ئۆمرىدە قامچا تېگىپ باقمىغان ئات ئىدى. ئويلىسام ھازىرمۇ ئىچىم سىيرىلىدۇ. ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن كۆرەك قاشقام. بىچارە كۆرەك قاشقا شۇ چاغدا نېمە قىلىۋاتقانلىقىمنىمۇ چۈشىنىپ كەتمىدى بولغاي، ئاغرىق ئازابىدىن ئوق يىلاندەك بىر تولغاندى، ئەجدىھادەك بىر يۇلقۇندى ـ دە، توپنى ئۇچار زۇلپىقاردەك يېرىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ شۇ تاپتا، يادىن چىققان ئوق، كۆكتىن چۈشكەن چاقماق ئىدى. ئاسمان دۈلدۈلى كەلسىمۇ، ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى. مەن پەقەت ئارقامدىن بولۇۋاتقان چاڭ ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنىلا بىلىمەن. قۇلىقىمغا شامالنىڭ ۋىژىلدىشىلا ئاڭلىناتتى. قاراقچىلارنىڭ قىيا ـ چىيالىرى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلا ئارقىدا قالدى. مانا شۇ يارنى بويلاپ داۋانغا قاراپ چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقىنىمدا، كۈتۈلمىگەندە ئاۋۇ پارچە تاغ كەينىدىن قورساقلىق ئەجدىھادىن بىرى ئېتىلىپ چىقىپ قالدى. ھە، نېمىدى، جەت ئەللىكلەر دىنوزاۋۇر دەيتتىغۇ دەيمەن، ئۇ مەخلۇق قورسىقىنى دومبايتىپ، ئىتتىكى قولىنى بېقىنىدا دىڭگايتىپ ئىغاڭلاپ ۋارقىراپ يۈگۈرۈپ كەلدى. قۇتۇلۇش يوق ئىدى. ئۈركۈپ كەتكەن كۆرەك قاشقا ھېلىمۇ ياخشى ھاڭغا دومىلىماي ئۆلۈك ياقىغا

يۇلقۇنۇپ سەكرىدى. ئاشۇ شىددەتلىك بۇرۇلۇپ سەكرەشتە مەن ياۋىداق ئاتتىن يەرگە بىر پارچە تاشتەك ئۈچۈپ چۈشتۈم. مۈرەمنىڭ يار گىرۋىكىدىكى تاشقا سوقۇلغىنىنىلا بىلىمەن، كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ كەتتى. بوشلۇقتا ئۈچۈپ كېتىۋاتقاندەك بولدۇم. كېيىن قانداقتۇر بىر دەرەخنىڭ شاخلىرىغا قاتتىق ئۇرۇلدۇم. قوللىرىم تۇغما تۇيغۇدا ئۇنىڭغا يېپىشتى. شاخلار يۈز - كۆزۈمنى جىجىلاۋەتتى، ھوشۇمغا كېلىپ، ئۆزۈمنىڭ يارنىڭ نېرىدىكى قىيادا ئۆسكەن بىر تۈپ دەرەخ ئۈستىدە يەر بىلەن ئاسمان ئارىسىدا ئېسىلىپ تۇرغانلىقىمنى كۆردۈم. پەسكە چۈشكىلىمۇ، ئۈستىگە چىققىلىمۇ ئىمكان يوق ئىدى. ۋارقىراپ ياردەم چاقىرىشتىن ئۆزگە ئامال تاپالمىدىم.

كۈمۈش قىز كەچۈرمىشلىرىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، بىزنى شەھەردىكى شىرەم تۇغقىنى بولمىش تاشبايىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بارماقچى بولدى. تەلىيىمىزگە بۇ شەھەر بىسىپ ئۆتىدىغان يولىمىز ئۈستىدە ئىكەن. بىز بىر - بىرىمىزگە مەنىلىك قارىشىۋېلىپ، قىزنىڭ رايىغا باقتۇق. چۈنكى قۇياش غەربىي ئۇپۇق سىزىقىغا قاراپ پەسلەپ كېتىۋاتاتتى. يىرتقۇچلار قوتراپ يۈرگەن ئايدالىدا تۈنىگەندىن كۆرە، شەھەرلىك بىرەر باينىڭ ئۆيىدە قونۇش ئاقىلانىلىك بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرنىڭ بۇنداق كونا زاماندىكى شەھىرىنىڭ قىياپىتىنى كۆرۈپ بېقىش ھەۋىسىمۇ يۈرەكلىرىنى ۋەسۋەسىگە سالاتتى.

— كۆرەڭ قاشقا نەگە يوقالغاندۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن قىزدىن شۇ ئارىدا، — يا ھېلىقى مەخلۇق تۇتۇپ يەۋەتكەنمىدۇ؟!

قىز كۈلدى. ئىككى بارمىقىنى ئاغزىغا ئېلىپ بېرىپ، ئوغۇل باللاردەك قاتتىق ھۇشقۇرتتى. ئۇنىڭغا جاۋابەن تاغ ئارىسىدىن قەيەردىندۇر ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ھايال ئۆتمەي تاشلارنىڭ ئارقىسىدىن پۇشقۇرتۇپ يايلىنى يەلپۈتكىنىچە، غاز بويۇن، قومۇش قۇلاق، ئىنچىكە ئاياغلىق، بېلى ئۇزۇن، گەۋدىسى قاملاشقان بىر ئات پەيدا بولدى. بىزنى مەنىستىمىگەندەك پەرۋاسىز قىياپەتتە كېلىپ قىزنىڭ پېشىنى پۇرىدى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران قالدىم. ئۇ راستتىنلا تالاشقۇچىلىكى بار دۈلدۈل سىياق شاش ئات ئىكەن. بۇنداق ئاتلارنى مەن پەقەت رەسىملەردىلا كۆرگەن، ئۇلاردىمۇ قانىتى بار قىلىپ سىزىلاتتى.

قىز بىزنى كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى ئاتقا مىندى - دە، باياتىن مەن چىققان دۆڭلۈكتىن ئېشىپ كۆزدىن غايىب بولدى. چارەك سائەت ئۆتە - ئۆتمەيلا ئىككى ئاتنى يېتەككە ئالغىنى ھالدا قايتىپ كەلدى. ئەمدى سەپىرىمىز ئاسانلىشىدىغان بولدى، دەپ خۇرسەن بولۇشتۇق. قىيا ئادەمنى يوغان بىر ئاتقا مىنگۈزدۇق، ئالدىنقى ئاياغلىرىدا يەر تاتىلاپ بىر ئورۇندا تۇرالمايۋاتقان شاشراق يەنە بىر ئات لوئىزا ئىككىمىزگە قالدى. ئۇ مىنى ئۆزىگە تەستىرەك يېقىنلاشتۇردى. مەن ئۇنىڭ بېشىنى سىيلاپ، يالىنى بارماقلىرىمدا تاراپ يۇرۇپ چۇلۇۋۇرىنى قىسقا تۇتۇپ، تۆشلۈكىنى تەكشۈرۈپ كۆردۈم. ساغرىسىغا ئەركىلىتىپ شاپىلاقلاپ قويۇپ بىرلا سەكرەپ ئۈستىگە مىنىۋالدىم. ئات ئېغىزدۇرۇقىنى چايناپ چاپچىدى. مەن ئاتنى ياندىتىپ كېلىپ،

ئېگىشىپ لوئىزانى بېلىدىن قارماپ كۆتۈرۈپلا ئالدىمغا ئالدىم. ئات مېڭىپ كەتتى. لوئىزا ۋالىقلاپ كۈلەتتى.

— ئۇ قىزنى كەينىڭىزگە مىنگەشتۈرۈڭ،— دېدى بويىنىنى گىدەيتىپ، ئىنچىكە ئايىغىلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تاقىلدىتىپ دەسسەپ ئويناقلاپ كېلىۋاتقان كۆرەڭ قاشقا ئۈستىدىكى كۈمۈش قىز ماڭا بۇرۇلۇپ قاراپ كەسكىن تەلەپپۇزدا،— بولمىسا ئاسان خەتەر چىقىدۇ.

مەن بويسۇندۇم. لوئىزا ئۇنىڭغا دومسىيىپ تازا بىر قارىۋېلىپ، ئارقامغا ئۆتۈپ مىنگەشتى.

ئاتلار يارنى ياقىلاپ يورتۇپ مېڭىشتى. يار تۈگىگەندىن كېيىن سايغا چۈشتۇق. ساي بىزنى ئۇزۇن بىر جىلغىغا باشلاپ كىردى. جىلغا ئىچىدە نەچچە-نەچچە بۇرۇلۇشقا، نەچچە ئۆرلەپ پەسلەشكە توغرا كەلدى. جىلغىدىن چىققاندا چەكسىز كەتكەن دالا بىزگە تىمتاس قۇچىقىنى كەڭ ئاچتى.

شۇ ئارىدا قۇياشنىڭ ئۆز ئۇۋىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقىماي قاپتۇق. تاغ كۆلەڭگىلىرى تېزلا كېڭەيدى. گۇگۇم يەر يۈزىگە ئۆز پەردىسىنى يېيىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. يول بارغانسېرى پەسلەپ باراتتى. ئويمان-دۆڭلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئېگىزرەك بىر تۆپىلىككە چىققاندا كەڭرى كەتكەن چوڭقۇر ئويمانىدا دەرەخلەرنىڭ قاتمۇ قات يېشىل تونلىرىغا پۈركىنىپ ياتقان كىچىككىنە شەھەر كۆرۈندى. قاش قارىيىشقا باشلىدى. جىدەللەپ مېڭىپ توقايلىققا كىردۇق-دە، شەھەرنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىغا يېقىنلاشتۇق. ئەمدى بىزنى تەڭگە يوپۇرماقلىق سۆۋەدان تېرەكلەر سەپراس بولغان ھۆرمەت قاراۋۇللىرىدەك يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا تىزىلىپ بىر تەكشى قەد كېرىپ كۈتۈۋالدى. شەھەر دەرۋازىسىغا يېقىنلا جايدا بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ ئەگىپ يۈرگەنلىكى كۆرۈندى. يېقىنلىشىپ بارغاندا، كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولغان قان تېمىپ تۇرغان دەھشەتلىك مەنزىرىلەردىن يۈرىكىمىز سىرقىراپ كەتتى. بۇ يەردە يول چېتىدىكى تېرەكلەرگە قاتارلاشتۇرۇپ ئادەملەر ئېسىۋېتىلگەنىدى. جەسەتلەرنىڭ باشلىرى ھەر خىل ھالەتتە قىڭغىيىپ ساڭگىلىغان، كۆزلىرى قورقۇنچلۇق ئالىيىپ، چاناقلىرىدىن چىققاي دەپ قالغانىدى. بويۇنلىرى كاۋا پېلەكدەك سوزۇلۇپ، قارا تاپان يالاڭ ئاياغلىرى ئاردەك ئۈزىراپ قېتىپ قالغانىدى. لوئىزا ۋارقىراپ مېنى بېلىمدىن چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا قانچە تىرىشقىنىم بىلەن پاجىئەنىڭ سۈرىدىن مېنىڭمۇ تېنىم شۈركىنىپ، قۇيقا چاچلىرىم تىك تۇردى. مەن ئىختىيارسىز ئۆلۈكلەرنى ئىچىمدە ساناشقا باشلىدىم. ئىككى قاسناقتىكى تېرەكلەردە ئالتىدىن ئون ئىككى مۇردا ئېسىلىپ تۇراتتى. كۈمۈش قىز ئېتىنىڭ بېشىنى نېرىراقتىكى شالاڭ ئادەملەر توپىغا بۇردى. ئۇلار بىلەن ئاللىنېمىلەرنى سۆزلەشتى. ئاندىن قايتىپ كېلىپ، بىزگە خاقاننىڭ ئەتىكى مۇز تاغ تەڭرىسى بايرىمى شەرىپىگە سەدىقە قىلىش ئۈچۈن زىنداندىكى تەييار جىنايەتچىلەر ئىچىدىن مۇشۇ ئادەملەرنى تۇتۇپ چىقىپ ئېسىپ ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. بايرام ھارپىسىدىكى بۇنداق قەتلى ھەرىكىتى

توخۇ ئۆلتۈرۈپ مايمۇنغا كۆرسىتىش، بىرنى ئۆلتۈرۈپ، يۈزنى قورقۇتۇشتەك يورەكنى مۇجۇپ قويۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە ئىمىش.

بىز ئۈنچىقماي ئاتلىرىمىزنى دېۋىتتۇق. ئەمدىلا قوزغىلىشىمىزغا قېرىشقاندەك جاڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئۇدۇلىمىزدىكى شەھەر دەرۋازىسىنىڭ غايەت يوغان قاناتلىرى يېپىلىشقا باشلىدى. ۋارقىراپ تېزگىن سېرىپ ئاتلىرىمىزنى چاپتۇردۇق. لېكىن، ئۈلگۈرەلمىدۇق. دەرۋازىغا تاراقلىتىپ تاقاق سېلىنىپ، سولۇق خەندەكتىكى ئاسما كۆۋرۈك كۆتۈرۈۋېتىلگەنىدى. بىز شەھەرنىڭ سىرتىدا قالدۇق.

نەگە بېرىپ نەدە قونۇش كېرەك، بېشىمىزغا غەم چۈشتى. بىز ئۆلۈكلەر پەيدا قىلغان سۈر ئىچىدە تۇراتتۇق. يەنىلا كۇمۇشقىز ئامال تاپتى. ئۇ يېقىنلا جايدا مومىسىنىڭ ئۆيى بارلىقىنى ئېيتىپ، بىزنى شۇ يەرگە باشلاپ بارماقچى بولدى. بىز ئۇنىمىدۇق. مۇشۇ ئەتراپتىكى بىرەر كونا ئۆيدە قونايلى، بىر قىنغىيىپلا تاڭ ئاتقۇزامدۇق، دېدۇق. دەتالاش قىلىپ مەسلىھەتىمىز پىشقىچە ھاۋامۇ بۇزۇلۇپ قالدى. قۇيۇن باشلاپ كەلگەن شامال چاڭ - توپىلارنى ئاسمان بوشلۇقىغا ئېلىپ چىقىپ ئوينايتتى. يەر - كۆك ئارىسىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. قارا بورانلىق يامغۇرنىڭ شەپىسى كەلدى. بىزمۇ نائىلاج كۇمۇشقىزغا ئەگەشتۇق. سوقما تاملىق مەھەللىلەردىكى ئەگرى - توقاي يوللاردا ئىككى - ئۈچ يۈز مېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن بىر كونا دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. كۇمۇشقىز ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، دەرۋازىنى قامچىسىنىڭ تۇۋىقى بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى.

— موما، ھەي ئايخان چوڭ ئاپا!

ئىچكىرىدىن بوغۇقراق ئاۋاز كەلدى:

— كىم؟ ھە، كۇمۇشقىزمۇ سەن بالام، مانا، مانا كەلدىم ئالتۇن قوزام!

دەرۋازىنى چاچلىرى ئاقارغان، لېكىن تېخى مۇكچەيمىگەن بىر موماي ئاچتى.

— موما، مېھمانلارنى ئۆيگە باشلاڭ، — دېدى كۇمۇشقىز كۆرەك قاشقىسىنىڭ تۈشلۈكىنى بوشىتىۋېتىپ، — قېنى، سىز قەيسەر ئاكا، ماڭا ياردەملىشىۋېتىڭ.

موماي لوئېنزا بىلەن قىيا ئادەمنى ئۆيگە باشلاپ ماڭدى. ھەرقانداق چاغدا چىرايلىق، ياش قىزنىڭ بۇيرۇق چۈشۈرۈش ئىمتىيازى بولىدۇ ئەمەسمۇ، مەن كۇمۇشقىزغا بويسۇندۇم. ئىككىمىز ئېگەر - جابدۇقلارنى بوشىتىپ، كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەكىرىپ قويدۇق. ئاتلارنى پاكار ئېغىلغا جايلاشتۇرۇپ، يەم - خەشەك بەردۇق. كۇمۇشقىز يېنىمدا پەرۋانىدەك پىرقىراپ يۈرۈپ ئىشلەيتتى. شۇ ئارىدا ئۇ مېنىڭ يۇرتۇم، ئائىلە ئەھۋالىم، تويى قىلغان - قىلمىغانلىقىم، لوئېنزا بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىلىرىمىنى سوراپ ئۈلگۈردى. مەن يىراقتىن كېلىۋاتقان مېھمانلىقىمنى، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشنى تېخى ئويلاشمىغانلىقىمنى، لوئېنزا بىلەن دوست ئىكەنلىكىمنى تومتاقلا ئېيتىپ بەردىم. ئاڭغىچە موماي بىزنى چاقىرىپ ئالدىراتتى.

— مەن سىزنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇيالمايمەن، — دېدى كۇمۇشقىز قورۇدا ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا، — سىز مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغان تۇرسىڭىز.

www.uyghurkitap.com

— ئۇ تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىش، — دېدىم مەن جاۋاب قايتۇرۇپ، — بىزنىڭ ئورنىمىزدا سىز بولسىڭىزمۇ شۇنداق قىلغان بولاتتىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەقىقىي كۈچ چىقارغانلار ئاۋۇ سەپداشلىرىم.

بوسۇغىدىن ئاتالىشىپ كىرىۋاتقاندا، لوئىزانىڭ بىزگە غەلىتىرەك بىر نەزەردە قارىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. ماڭا بۇ نەزەردە نارازىلىقتىن كۆرە گۇمانسىراش، ئەيىبلەش باردەك كۆرۈنۈپ كەتتى. خۇپسەنلىك قىلىپ، سۇپىغا ئۇنىڭ يېنىغا چىقىپ ئولتۇردۇم. ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ بەلكىم، دېگەن خىيال كۆڭلۈم ئاسمىنىدىن لەيلەپ ئۆتتى.

بۇ كىچىك ئىككى ئېغىزلىق پاكار كولىبە ئىدى. بىز دەملەنگەن ھىندى چېيىدىن بىر چۆچەكتىن ئىچكۈچە مۇدھىش بوران - چاپقۇنىنىڭ سارائىڭلىقى تۇتتى. تۈڭلۈكتىن ئۇرغان شامال جىنچىراقنىڭ ئوتىنى ئۇچۇرۇۋەتكىلى تاس - تاس قالدى. تامدىكى كۆلەڭگىلەر بىر چوڭىيىپ، بىر كىچىكلەپ ئەلەڭلەپ سەكرەپ كەتتى. ئەسەبىي بوران دەرەخ شاخلىرىنى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىپ، ئېغاڭلىتىپ، ئۆگزىنىڭ قومۇش - پاخاللىرىنى تۇتاملاپ يۇلۇشقا باشلىدى. بارغانسېرى قۇتراپ، ئۆينى تاملىرى بىلەن قوشۇپلا ئۇچۇرۇپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ پىرقىرىتىدىغاندەك ئەلپازدا چالۋاقىدى. ئۆگزىنىڭ ئۈستىدىلا ئويناتقان زەمبىرەك تەك ئېتىلغاندەك دەھشەتلىك گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقتى. ئاستىمىزدىكى يەر تىترەپ كەتتى. چېلەكلەپ قۇيغاندەك تۆكۈلگەن يامغۇرنىڭ شارقىرىشى ئاڭلاندى. تۈڭلۈكتىن سوغۇق شامال ئارىلاش يامغۇر كىردى. ئۆي ئىچىدىكى سوغۇق بىردەمدىلا مۇرىنى قورىدى. بىز چۆچەكلىرىمىزنى داستىخانغا قويۇپلا، دەرھال ئۇزۇن ئورۇندۇق ئەكىلىپ، بىر - بىرىمىزنى يۆلەپ - ئىتتىرىپ يۈرۈپ تۈڭلۈككە بىرنەرسىلەرنى تىقتۇق. داستىخانغا قايتا ئولتۇرۇپ چايدىن بىر - ئىككى ئوتلاپ تۇرۇشىمىزغا تاراسلاپ مۆلدۈر يېغىپ كەتتى. سوغۇق شامال ئۇسۇپلا ئىشىكنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىۋەتتى. يەرگە تېگىپ قاڭقىغان مۆلدۈر دانىچىلىرى تاپىنىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ ئۆيگە كىردى. كۈمۈشقىز پايپاسلاپ بېرىپ ئىشىكنى ياپتى.

كۈمۈشقىز ياپىلاقتىن ئاتنىڭ غانجۇغىسىدا گۆش ئالغاچ كەلگەنىكەن، موماي شۇ كېچىدە ئۇنىمىغىنىمىزغا قويماي ئۇخشىتىپ پولۇ دەملىدى. بىر ھېسابتا شۇنداق قىلغىنىمۇ بولغانىكەن. قوينىڭ يېڭى گۆشى بېسىلغان پولۇ سوغۇقتا بىزگە تازا خۇش ياقتى. بىراق ئوت كۆيمەي تولا خاپا سالدى. تاماقتىن كېيىن قېتىق ئىچتۇق. ئاندىن كېيىن موماي ۋە كۈمۈشقىز بىز بىلەن خوشلىشىپ، لوئىزانى باشلاپ ئىچكىرى ئۆيگە ئۇخلاشقا كىرىپ كەتتى. ئىلغۇچ شىرىقلاپ ئېتىلىپ، بىر ئاز داۋاملاشقان گۇدۇك - گۇدۇكلەردىن كېيىن ئۇلار جىمىپ كېتىشتى. بىز تاشقىرىدىقى ئۆينىڭ سۇپىسىدا چاپانلارنى يېپىنچاقلاپ يانپاشلىدۇق. كېچە ئەنسىز چىلىك ئىچىدە ئۆتتى. دەرۋازا غىرىچلىسىغا تاڭ ئاتقۇچە قاراقچى ياكى جىن - شاياتۇنلار ئۇرۇۋاتقاندەك تاراقلاپ چىقتى.

بورانمۇ، يامغۇرمۇ مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك تاڭغا يېقىن چىپپىدە توختىدى. ئۇپۇقنىڭ مەگزىگە تارتىنچاق مەسۇم قىزنىڭكىدەك سۇزۇك قىزغۇچلىق يۈگۈرۈشكە باشلىغاندا ئاتلاندۇق. گۈل - گىياھلارنىڭ بەرگلىرىدە، غۇنچىلارنىڭ لەۋلىرىدە يامغۇر

تامچىلىرى لىغىرلاپ تۇراتتى. ھاۋا ئىنتايىن ساپ، خۇشبۇي ئىدى. بايرام مۇناسىۋىتى
بىلەن بولسا كېرەك، شەھەر دەرۋازىسى بۈگۈن بالدۇر ئېچىۋېتىلگەنىدى. دەرۋازا
ئالدىدا ۋە كۆۋرۈك بېشىدا ئۇيەر، بۇيەرگە توپلاشقان ئادەملەر شەرقىي ئۇپۇققا قاراپ
قېتىپ تۇرۇشاتتى. ئۇپۇققا ئوت كەتكەندەك بولدى. شەپەقنىڭ لاۋۇلداۋاتقان قىپقىزىل
يالقۇنلىرى ئىچىدىن قۇياش ئۆزىنىڭ ئالتۇن چاچلىق سەلتەنەتلىك بېشىنى سالاپەت
ۋە تەنتەنە بىلەن كۆتۈردى. كۆپكۆك ئاسمان دۇنياسىغا ئالتۇن تېنىنى يېيىپ كۆر-
سەتتى. تال - تال ياقۇت نۇرلار يەر ۋە كۆككە بىراقلا چېچىلدى. قاتۇرۇلغان ھەي-
كەل توپلىرىدەك جىمجىت تۇرغان ئادەملەر تەۋرىدى. قۇياشنى مۇبارەكلەپ ھاياجاندا
دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

- دەرۋازا پەشتىقى، سېپىل راۋاقلىرىدىن داقا - دۇمباق، بۇرغا، سۇنايلارنىڭ
ساداسى كۆتۈرۈلدى. شەھەر ئىچىنىڭ تەرەپ - تەرەپلىرىدىن جور بولغان سادالار
ياڭرىدى. بۇ بايرام باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولسا كېرەك. كىشىلەر بۇ تاغلىق شە-
ھەرگە قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. يىراق - يېقىن، سەھرا - يېزىلاردىن تاماشاغا، ئىبادەتكە
كېلىۋاتقانلارنىڭ ھارۋا - ئۇلاقلىرىنىڭ ئالدىنقى سەپلىرى چۇقان بىلەن دەرۋازىدىن
كىرىۋاتاتتى. ھارۋا ئۈستىدە چوڭلارمۇ، كىچىكلەرمۇ، ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ بار ئىدى.
ھارۋىلارنىڭ ئېگىز چاقلىرى نەم يولدا چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇراتتى.

شەھەر سېپىلى خېلىلا ھەيۋەتلىك بولۇپ، كەڭ سېپىل خەندىكىمۇ سۇغا تولدۇ-
رۇلغانىدى. بىزمۇ دەرۋازىدىن كىردۇق. شەھەردە ھەشەمەتلىك ئېگىز ئىمارەتلەر
بولمىسىمۇ، ئۆيلەر چىرايلىق ۋە رەتلىك بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك تاش ئۇل ئۈستىگە
قوپۇرۇلغانىدى. كوچىلار ئانچە كەڭ ئەمەس ئىدى - يۇ، بىراق پۈركەنگەن دەرەخلىرى
باراقسان ئىدى. ھەممە ئائىلىنىڭ قورۇ - باغلىرى بار ئىدى. تېرەك، سۆگەت، قارىيا-
غاچ، ئالما، ئۆرۈك دەرەخلىرى شاخاراپ بوستانلىق شەكىللەندۈرگەن. قوغۇن، تاۋۇز،
كۆكتات، گۈل - غۇنچىلار يەرگە رەڭدار گىلەم ياپىغانىدى. ئېرىقلاردا سۇلار شىلدىر-
لاپ ئاقاتتى. بەزى ئېرىقلار ئۈستىگە تاختاي سۇپا ياسىلىپ، دەرەخ شاخلىرىغا قۇش-
لىرى سايراپ تۇرغان قەپەسلەر ئېسىۋېتىلگەنىدى. مەيىن شامال گۈلباغلاردىن ئىپار،
ئەنبەرلەرنىڭ پۇراقلىرىنى يىغىۋېلىپ، سەھەردە شەھەر ئۈستىگە چاچاتتى. ئاسماندىن
قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايرىغان ئاۋازى كېلەتتى. يەردىن بايرام شاۋقۇنى كۆتۈرۈلۈشكە
باشلىدى. بۇلار قوشۇلۇپ شەھەرنىڭ جانلىق، گۈزەل مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلدى.

بىز ئادەملەر توپلاشقان بىر ئىبادەتخانىغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا كۈمۈش-
قىز بىلەن خوشلاشتۇق. ئۇنىڭ بىزنى زادىلا قويۇۋەتكۈسى يوق ئىدى. باي ئاكىسىنىڭ
ئۆيىگە باشلاپ بارماقچى بولۇپ كۆپ ئۇرۇندى. بىراق بىز ئالدىراش بولغانلىقىمىزدىن
ئۆزرە ئېيتىپ زورىغا خوشلاشتۇق. قىز نۇرلانغان يوغان كۆزلىرىدە ماڭا لەپپىدە قاراپ
قويۇپ، ئىلاج بار ھايال بولماي قايتىدىغانلىقىنى ئېيتتى - دە، ئاتلارنى ئېلىپ كەتتى.
بىز ئۈنچىقماي ئىبادەتخانىغا يېقىنلاشتۇق. پەشتاقتا بىر ئۆلىما سىياق ئادەم ۋەزخان-
لىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ تاغ تەڭرىسىنىڭ چوقىلاردىكى قار - مۇزلارنى ئېرىتىپ، ساي -

www.uyghurkitap.com

دەريالارغا كەلكۈن بېرىدىغان مۇقەددەس پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىگە تەبرىك ئوقۇيتتى. سەھرايۇ-بوستانلارغا، چېكى يوق كەڭ زېمىنغا زۇمرەت سۇ، يېشىل مايا بېغىشلىشىغا قەسىدە ئوقۇيتتى. ئالەمشۇمۇل قۇدرەتكە ھەمدۇ-سانا ئېيتاتتى.

كوچىلاردا ئادەملەر كۆپىيىشكە باشلىدى، بىز ئىبادەتخانىنى تاشلاپ ئالدىمىزغا ماڭدۇق. باشقا ئىبادەتخانىلاردىمۇ ۋەز ئېيتىۋاتقان، ئىبادەت قىلىۋاتقان ياكى نەزىر-سەدىقە بېرىۋاتقانلارنى كۆردۇق. ھەممە يەردە ئالقىش، قەسىدە، ئاپىرىن، تەنتەنە ساداسى ياڭرايتتى. چوڭراق دەرۋازىلارنىڭ ئالدىغا تۇغ-ئەلەملەر ئېسىلغانىدى. ھەممە ئۆيلەر ئىشىكلىرىدە كىرىپ-چىقىۋاتقانلار كۆزگە چېلىقاتتى. قارىغاندا، ئادەملەر بىر-بىرىنى قۇتلۇقلىشىپ، مېھمانلىشىۋاتقان بولسا كېرەك. توپ-توپ بالىلار قىيچۇ كۆتۈرۈشۈپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈشەتتى. شەھەر مەيدانىغا بارغاندا تېخىمۇ تەئەججۈپلەندۇق. پۈتۈن مەيداندا ئادەملەر مىغىلدايتتى. ئوچۇقچىلىقتا چېدىرلار، كەپىلەر تىكىلگەن، سايىۋەنلەر تارتىلىپ، لاپاسلار ياسالغانىدى. بۇ يەردە ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىۋاتقانلارمۇ، داپ چېلىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارمۇ، ساپايى ئۇرۇپ ھەق-دوست تارتىۋاتقانلار، رەم سېلىپ پال بېقىۋاتقانلار، مايمۇن ئوينىتىپ كۆڭۈل ئېلىۋاتقانلار، قىزىقچىلىق قىلىپ كۈلكە قوزغاۋاتقانلار، كۆز باغلاپ سېھرگىتە ئادەم گوللاۋاتقانلار، پاراڭ سېلىشىپ تاماشا كۆرۈۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. بازارلار ئاۋاتلىشىپ قىزىپ كەتكەنىدى. گەزمالچىلار ماتا-سەرگەزدىن تارتىپ يىپەك، يۇڭ ماللارغىچە گەزلەپ سېتىشاتتى. مىسكەرلەر جاڭ-جۇڭ، زەرگەرلەر تاق-تۇق ئىچىدە ياشايتتى. ياغاچچىلار، نەققاشلار، كولاللار، باققاللار ئۆز ماللىرىنى ماختاپ خېرىدار چاقىرىشاتتى. يېڭى قىمىز، يالقۇنتاغ شارابى سېتىۋاتقانلارنىڭ سودىسى تېخىمۇ ئىتتىك ئىدى. ۋاقىتلىق قاۋاقلاردىن مەست-ئەلەسلەر دەلدۈگۈنۈپ چىقىشاتتى. ئېرىق بويى، دەرەخ تۈۋىلىرىدە تۈگۈلۈپ، سوزايلىنىپ، دۈم بولۇپ يىقىلىپ ياتقانلىرىمۇ ئۇچرايتتى. تېخىمۇ نېرىراقتا توخۇ سوقۇش سېلىۋاتقانلار، قوشقار سوقۇشتۇرۇۋاتقانلارنىڭ سورۇنلىرىنى كۆردۇق. تار كوچىلارغا تۇتاشقان خۇپىيانىرەك دالدىلاردا قىمارۋازلارنىڭ تاۋكالىرى، نەشە ساتقۇچىلارنىڭ يەڭ سودىلىرىمۇ كۆزگە چېلىقتى. ئومۇمەن، كىشىلەر كۆز قاماشتۇرغىدەك رەڭگا-رەڭ كېيىنىۋېلىشقانىدى. ياساۋۇل، نۆكەرلەر مىس، جەز قۇراللار بىلەن قوراللانغانىدى. ئۆپچۆرىدىن تۈركىي تىلنىڭ ھەر خىل شېۋىلىرىدىكى سۆز تەلەپپۇزلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھىندى-ياۋروپا تىللىرىنىڭ ۋە باشقا تىللارنىڭ تۈرلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تاۋۇش-ئۇرغۇلارمۇ بار ئىدى. ئارىلاش ئاھاڭلار شاۋقۇن شەكلىدە دۈرگەنىدى. پۈتۈن مەيدان ۋاڭ-چۇڭ ئىچىدە قۇلاق-مېڭىنى يېگۈدەك گۈۋۋۇلدەيتتى.

— بۇ يەردىكەنسىلەردە قەيسەر، سىلەرنى ئانچە كۆپ ئاۋارىچىلىق تارتمايلا تېپىۋالدىم، — دېگەن قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋاز ئاڭلاندى. ئوڭغا بۇرۇلۇپ قارىسام، يېنىمدىلا دېگۈدەك كۈمۈشقىز كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئايرىلىش ۋاقتىمىزدا ئۇ مۇشۇ مەيدان ئەتراپىدا ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىنلىكىنى ئېيتىۋىدى.

كۆمۈشقىز بايراملىق ئېگىنلىرىنى كېيىپ ئۈلگۈرۈپتۇ. ئۇ ئوماققىنە كىچىك بېشىدىكى بۆكىگە چىرايلىق ئۇكە تاقىۋالغانىدى. مەڭزىلىرى قىزىلگۈل پورەكلىك رەڭگە ئوخشاپ قالغان بولۇپ، هازىرلا قان تامچىلايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. تەقى - تۇرقى يامغۇردىن كېيىنكى تاڭ نۇرىغا پۈركەنگەن سەرۋى دەرىخىنى ئەسكە كەلتۈرەتتى. مەن ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان قوي كۆزلىرىنىڭ ماڭا تەگسىز يېقىنچىلىق نۇرلىرىدا تىكىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بۇ مېھرى - مۇھەببەتتىن كۆزلىرىمنى قاچۇردۇم. لوئىزانىڭمۇ ئۇنىڭغا دەڭسىگەندەك بىر قىسىملا نەزەردە سەپسېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم...

بىردىنلا ئوچۇق كۆكتە كارنايلار ساداسى ياڭراپ كەتتى. مەيداننى چۆرىدەپ چەمبەر شەكلىدە تۇرۇپ قاتارلىشىپ تۇرغان ساقچىلارمۇ كارنايلىرىنى تەڭگەش قىلىپ چېلىشقا باشلىدى. ئەتراپ زىلزىلىگە كەلدى، ئاسمان دەۋرەپ كەتتى. كىشىلەر قىستىشىپ، بويۇندىشىپ، شاھ سۇپىسىغا تۇتىشىدىغان داغدام يولغا قاراشتى.

— خاقان چىقىدىغان بولدى، يۇرۇڭلار، بۇ يەردىن تېزرەك يوقىلايلى! — دېدى كۆمۈشقىز مېنىڭ قولۇمدىن تارتىپ.

— خاقان كەلسە تېخى ياخشى ئەمەسمۇ، — دېدى لوئىزا بىغەم قىياپەتتە، — تاماشا قاينايدۇ، كۆرۈپ باقمايمىزمۇ.

— ئۇلار راستىنلا قاراۋۇللارنى كوچەيتكىلى تۇردى. ئاق يەردىن چىققان بىرەر بالاغا تىقىلىپ يۈرمەيلى يەنە، يۇرۇڭلار كەتتۇق، — دېدى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا قىيا ئادەم مەيدان سىرتىغا قاراپ مېڭىپ.

ماڭا ئۇنىڭ دېگەنلىرى ئورۇنلۇق تۇيۇلدى. بىزنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزنىڭ مەزمۇنى ئىچىدە خاقاننى كۆرۈش مەقسىتىمۇ يوق ئىدى. مەن كۆمۈشقىزنىڭ قولىدىن بوشىنىپ بارىدىم - دە، لوئىزانى قولىدىن تارتىپ ئېلىپ ماڭدىم:

— يۇرۇڭ، بىزدە هوشيار بولساڭ ئاپەت كۆرمەيسەن، دېگەن گەپ بار.

لېكىن مەيداندىن چىقىپ كەتمەك ئۇڭايغا چۈشمىدى. تۈتمىز تۇگۇلۇپ بىر غۇژمەك بولۇۋېلىپ قانچە كوچەپ قىستىساقمۇ ھېچقانچە ئىلگىرىلىيەلمىدۇق. بىردىنلا مۇزىكا ئۇدارىغا كەلتۈرۈپ دەسسەۋاتقان تەكشى قەدەم ئاۋازلىرى يەرنى گۈمپۈلدىتىپ يېقىنلاپ كەلدى. بويۇنلىرىمىزنى سوزۇپ قارىۋىدۇق، مەيدانغا سەپ تارتىپ كىرىپ كېلىۋاتقان ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنى كۆردۇق. ئۇلارغا يېنىك لەپىلدىگەن توغ يول ئېچىپ كېلىۋاتاتتى. بىز ئالىمانىنىڭ دىققىتىنىڭ ئۇياققا تارتىلغانلىقىدىن پايدىلىنىپ تارقىلىپ، كىشىلەرنى ئارىلاپ ئىلگىرىلىدۇق. مەيداننىڭ چېتىگە بارغىنىمىزدا، مىستىن ياسالغان نەيزە، قالقانلار بىلەن قوراللانغان پىيادىلەر قوشۇنىنىڭ سەپلىرى ئۇدۇلىمىزغا يېتىپ كەلدى. ئاندىن كېيىن ئۇلارغا ئۇلىشىپلا كەلگەن سادىقچىلار قوشۇنىنىڭ ئۆتۈپ بولۇشىنى كۈتۈشكە توغرا كەلدى. سادىقچىلار سېپىنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلۈشى بىلەنلا بىز يولنى كېسىپ ئۆتۈۋالدۇق. شۇ چاغدا ئاتلىرىنى

كىشىنىتىپ، ھارۋىلىرىنى تاراقلىتىپ، ئاتلىق، ھارۋىلىق، پىيادىلىق قوشۇنلار كېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئوردا چوڭلىرى چۈشكەن رەتلىك ھارۋىلار قوشۇنى كۆرۈندى. خاقان شۇ ئېسىلزادىلەرنىڭ ئارىسىدا بولسا كېرەك، ئېھتىمالىم، بىر توپ قورۇقچى نۆكەرلەر ئات ئوينىتىپ كېلىپ، ئالىماننى يولنىڭ ئىككى چېتىدىن كەينىگە سۈرۈشكە باشلىدى. بىز دەرھال كۆزدىن نېرى كەتتۇق. مەيدانغا ئۇتاشقان تار بىر كوچىنىڭ ئېغىزىغا بارغىنىمىزدا ئالىماننىڭ چۇقانلىرى، ئالقىش سادالىرى بىراقلا ئۇچقان تومەنلىگەن كەپتەردەك گۈركىرەپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. بۇ خاقاننىڭ مەيدانغا كىرگەنلىكىگە بېغىشلىنىۋاتقان قۇدرەتلىك تەنتەنە ئىدى. بىز شۇ يەردىكى ئېگىزرەك بىر توپا دۆۋىسىگە چىقىپ، مەيداننىڭ ئىچىگە نەزەر تاشلىدۇق. خاقان ئالتۇن ھەل بېرىلگەن نەقىشلىك ھارۋىسىدا مەبۇتتەك قىمىرلىماي سۈر ياغدۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئىككى ئادەم ئۇنى تۆگە قۇشىنىڭ پېيىدىن ياسالغان يەلپۈگۈچتە ھەدەپ يەلپۈيتتى. قىيا ئادەم يېڭىمدىن تارتىپ قالدى. بىز ئارتۇقچە تارتىشىپ تۇرمايلا جۆنەپ، توپ ئىچىدە غايىب بولدۇق. بىر كوچىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن لەشكەرلەرنىڭ خاقانغا لەشكىرى سالام بېرىپ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. يول ياقىسىدىكىلەرمۇ ئۇلارغا ماسلىشىپ، تاغ تەڭرىسى ۋە خاقان ھەققىگە ئۈنلۈك دۇئا قىلىشتى.

بىز ئۆز يولىمىزدا يەنە بىرنەچچە كوچا ۋە ئىبادەتخانىلاردىن ئۆتتۇق. ھەممىلا يەردە ئادەملەر تەڭرىگە ئىبادەت قىلىۋاتاتتى، خاقانغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەۋاتاتتى. كۈمۈشقىز بىزنى باشلاپ، شەھەرنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي دەرۋازىلىرى تەرەپلىرىنى سەيلە قىلدۇردى. مۇھەسراق جايلارنى بىرەر قۇر كۆرسىتىپ بولۇپ، ئاخىرى جەنۇبىي دەرۋازىغا ئېلىپ كەلدى. بىز چىقىشنى نىيەت قىلغان تاغقا ئېلىپ بارىدىغان يول مۇشۇ دەرۋازىدىن باشلىنىدىكەن. دەرۋازىدىن كىرىپ - چىقىۋاتقانلار كىرەلەشكەن ئىككى ئېقىنغا ئوخشايتتى. بىز قىستىلىپ يۈرۈپ سىرتقا چىقىۋالدۇق. بىرنەچچە يۈز مېتر ئالدىمىزغا مېڭىپ، تىكرەك قىرغاققا كېلىۋىدۇق، پەستە سوزۇلۇپ ياتقان سۈيى ئاز، ئۆزى كەڭ ساي يۈز ئاچتى. ساينىڭ ياقىسىدىكى ئېقىندىن ئانچە يىراق بولمىغان كەڭ تەكشى قۇملۇقتا چېلىش بولۇۋاتاتتى. نەچچە يۈز ئادەم تىزىلىپ دائىرە ياساپ ئولتۇرۇپ چېلىش كۆرۈۋاتاتتى. قىزىقسىنىش بىزنىمۇ سايدىكى قۇملۇققا چۈشۈپ، ئالىمان ئارىسىغا كىرىشكە مەجبۇرلىدى.

چېلىش قىزىۋاتاتتى، ئەۋجىگە چىقىۋاتاتتى، جارچىلار پالۋانلارنى مەيدانغا چۈشۈشكە دەۋەت قىلىپ ۋارقىرىشاتتى. كۈچ كۆرسىتىشكە، پەم ۋە چاققانلىق سېلىشتۇرۇشقا چاقىراتتى. يېڭىدىن يېڭى پالۋانلار مەيدانغا كىرمەكتە ئىدى. قول ۋە يوتا مۇسكۇللىرى بۆرتۈپ چىققان بىر توپ چېلىشچىلار بەللىرىگە بەلباغ باغلاپ، كۆڭلەكچان، كۆڭلەكسىز ۋە بەزىلىرى چاپانلىرىنىڭ پەشلىرىنى بەلباغلىرىغا قىستۇرۇۋالغان ھالەتتە بىر چەتتە نۆۋەت كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. سەككىز پالۋان مەيدانغا چۈشكەن بولۇپ، ئۇلار خۇددى تۈيۈقى قىزىپ كەتكەن ئاتلاردەك ئورۇنلىرىدا جىم تۇرۇشالماي

ئبۇياق - بۇياقىقا ھەرىكەت قىلىشاتتى. ئۇلار كەڭ يەلكىلىك، بېجىرىم تەنلىك،
ئۇتسا تاغنى يۇلۇۋالغۇدەك زەبەردەست يىگىتلەر ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ھازىرقى
زاماندىكى ئېغىرلىق كۆتۈرۈش تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭكىدەك بۇلۇڭ - بۇلۇڭ چىش
قىپ تۇرۇلۇپ تۇرغان بۇلجۇڭ گۆشلىرىگە ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاراپ قاپتىمەن.
جارچىلار بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىشىۋىدى، پالۋانلار تۆتتىن بولۇپ يۈزمۇ يۈز
ھالەتتە ئىككى سەپكە تىزىلدى. خۇددى چايقىلىۋاتقان كېمىلەردەك ئىككى ياقىقا
قوپال ئىغاڭلاپ مېڭىپ، بىر - بىرلىرىگە يېقىنلاشتى. بىردىنلا تاسادىپەن ئۇچرىتى
شىپ قالغان كونا رەقىبلەردەك، نوچىلىق تالىشىپ بوغۇشقان ئېيىقلاردەك بىر-بىرى
لىرىگە بىراقلا ئېتىلىشتى، يېپىلىشتى. بەزىلىرى بەلدىن، پۇتتىن، بەزىلىرى مۈرىدىن،
گەجگىدىن تۇتۇپ تارتىشتى، سىلكىشتى. باشلىرىنى ئۆزئارا يېقىنلاشتۇرۇپ، بەدەنلى
رىنى يىراقلاشتۇرۇپ، بازلىغان خورازلاردەك ھۈرپىيىشىپ، پەيت ئىزدەپ بىر
دائىرىدە چۆگىلەشتى. رەقىبلىرىنى بەللىرىدىن كاپ قىلىپ قۇچاقلاپلا قورۇغان، دەس
كۆتۈرۈۋالغانلارمۇ، يانپاشقا ئېلىپ ياكى ئېلىپ تۇرۇپ يەرگە ئۇرغانلارمۇ، چاپ
پۇتلىغانلارمۇ بولدى. لېكىن، قارشى تەرەپمۇ بوش كەلمىدى. يەر دەسسىۋېلىشتى،
شۇ ئارىدا پاكار، دوغىلاق، كۆتەكتەك بىر پالۋان ئۆزىدىن ئېگىز رەقىبىنى كۆز
بايقىيالمىغۇدەك تېزلىكتە يانپاشقا ئېلىپ ئېتىۋەتتى. رەقىبى ئۆزىنى ئوڭشاشقى
ئۈلگۈرەلمەيلا قالدى. دۈمبىسىنىڭ يەرگە قانداق تەگكەنلىكىنىمۇ سەزمىدى بولغاي
بەلكىم. مەيداندا ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلدى. ئىككى ئادەم يۈگۈرۈپ بېرىپ، يەڭگۈچى
نىڭ ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈردى. ئۈچ يىگىت يۈگۈرۈپ بېرىپ، يىقىلغۇچىنى
يۆلەپ تۇرغۇزدى. بىرنەچچە جۈپ پالۋان قۇم ئۈستىدە تىركىشىپ پومۇداقلىشىپ
كەتتى. تاماشىبىنلار چېلىشىۋاتقانلاردىنمۇ بەتتەررەك قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇلار
ۋارقىرىشاتتى، چېلىشىۋاتقانلارغا مەدەت بېرىشەتتى. چاۋاك چېلىپ كۈلۈشەتتى.
بەزىلىرى ئۆزلىرىنى باسالماي سەكرەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشەتتى. بىر مەھ
ەل داۋاملاشقان شىرلاردەك شىددەتلىك ئېلىشىشتا چېلىشچىلار ئارقا - ئارقىدىن
يىقىلىپ، ئاخىرى مەيداندا ئىككىلا پالۋان قالدى. ھەر ئىككىلىسى قوتازدەك يوغان
نەرسىلەر ئىدى. ھەر ئىككىلىسى ۋارقىراپ نەرە تارتىشىپ بىر - بىرىگە ئېتىلىشتى،
گويا ئىككى تاغ بىر - بىرىگە ئۇرۇلدى. شۇ جىددىي مومىنتتا بېقىنىمدىلا كۆتۈرۈل
گەن ۋاڭ - چۇڭ دىققىتىمنى بۇزدى. كەيپىمنى ئۇچۇردى. مەن بىزارلىق نەزەرىدە
يېنىمغا قىيا بۇرۇلۇپ قاراپ چۆچۈپ كەتتىم. تەتۈر ئۈستىدىكى، بەتبەشىرە بىرنەچچە
ئادەم كۆمۈشقىزنىڭ ئاغزىغا لاتا تىقىپ، قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ ئۈلگۈرۈشكەن
بولۇپ، چەتكە سۆرەۋاتاتتى. كۆمۈشقىز بار كۈچى بىلەن يۇلقۇناتتى، ئۇلارنىڭ
ئىسكەنجىسىدىن چىقىشقا ئۇرۇناتتى. مەن ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن تۇرغا چۈشكەن
يىلپىزنىڭ كۈچ ۋە چەبدەسلىكىنى كۆرگەندەك بولدۇم. بىر - ئىككى ئادەم ئارىلاش
ماقچى بولۇۋېدى، قاراقچىلار ئۇلارغا بىر نېمىلەرنى دېدى. مەن پەقەت بىر كۆزلۈك
نىڭ «ئۇ مېنىڭ خوتۇنۇم»، «ئېتىمنى ئوغرىلاپ قاچقان نائەھلى...» دېگەن

سۆزلىرىنىلا ئىلغا قىلالىدىم. ئۇنىڭغىچە قانداق قىلدى بىلمەيمەن، كومۇشقىز ئاغزى-
دىكى لاتىنى تىلىدا ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىپ: «ئۇلارنىڭ دېگىنىنى تۆھمەت، بولار
پولاكچىلار، مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. بىرمۇنچە ئادەملەر، گاڭگىراپ
ئۇلارغا قاراشتى. لوئىزا ۋارقىراپ قاراقچىلارغا تاشلاندى. مەن بولارنىڭ تونۇگۇن
ئەتىگەن كومۇشقىزنىڭ يولىنى توسۇۋالغان ھېلىقى پولاكچىلار ئىكەنلىكىنى بىلىپ
قاتتىق غەزەپلەندىم. قىز بىلەن ئاتقا قادىلىپلا ئىزلىرىغا چۈشۈۋالغانلىقلىرىنى
قاراڭلار. ئادەمنى شۇنچىۋالا بوزەك قىلغان بارمۇ؟ شۇ ئارىدا قاراقچىلارنىڭ بىرى
لوئىزانىڭ بېشىغا كالتەك بىلەن ئۇردى، لوئىزا ئۆزىنى شاققىدە يانغا ئېلىپ، كالتەك-
چىنى بېقىنىغا بىر تېپىپ دومىلىتىۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ ئىككى-ئۈچ
قاراقچى قىلىچلىرىنى پولاڭلىتىپ، لوئىزاغا بىراقلا تاشلاندى. ئەمدى
قاراپ تۇرۇۋېرىشكە بولمايتتى. قىنىم قايناپ مېڭەمگە چىقتى. مەن ئۇلارغا
يولۋاستەك شەپىسىزلا ئېتىلدىم. كەينىمدىن قىيا ئادەممۇ ئەگەشتى. مەن ئېڭىشىپ
يەردىكى كالتەكنى ئالدىم-دە، كومۇر چىراي، قىڭغىر بويۇن، كىلمەڭسىز قاراقچىنىڭ
ئارقا مېڭىسىگە ئايلاندۇرۇپ بىرنى سالدىم. ئۇ چوشقىدەك چىرقىراپ دۈم چۈشتى.
قىيا ئادەم مۇشتۇمىنى شىلتىپ ئۇياققا بىر، بۇياققا بىر پىرقىرىتىۋېدى، ئوڭغا
ئىككى، سولغا ئىككى قاراقچى ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇ كومۇشقىزنىڭ قولىنى باغلاپ تۇر-
غان ئارقاننى كېسىۋەتتى. كومۇشقىز يۈگۈرۈپ مېنىڭ قېشىمغا كېلىۋېدى، مەن ئۇنى
لوئىزاغا تۇتقۇزدۇم. ئۇر-سوق، قىيا-چىيا، داد-پەريادلار ئىچىدە ئالىمان ئۆرە-تۆپە
بولۇشتى. پاتىپاراقلىشىپ، مالىماتاڭلىشىپ كەتتى. بىز پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ،
كومۇشقىزنى يېتەكلەپ سايغا قاراپ قاچتۇق. ئېقىننى كېچىپ ئۆتۈپ، قارشى قىر-
غاققا قاراپ يۈگۈردۇق. بۇ قىرغاقنىڭ سايغا ئۆسۈپ كىرگەن دەرەخلىق تومشۇقىنى
ئەگىپ، تۆۋەن تەرەپكە ساڭگىلىۋېدۇق، ساداق ئېتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان
مەيدانغا چىقىپ قالدۇق. بۇ يەردىمۇ ئادەملەر لۆملۆلدەيتتى، بىز شاۋ-شۇۋ قىلمايلا
يېنىك قەدەملەردە يېرىپ توپقا قوشۇلۇۋالدۇق. ئىككى يېقى تۇتاش تىك قىر-
غاقلىق بۇ دالىدىدا ساقچىلار قاتار تۇرۇشۇپ، قارىنى چەللىدىپ سادىقتىن ۋاشاق ئۇ-
زەتتى. ئات چېپىپ كېتىۋېتىپ دەم ئالدىغا، دەم كەينىگە قارىتىپ ۋاشاق ئېتىشات-
تى. مەن ئۇلارنىڭ تەڭگە تۆشۈكىگە ۋاشاق تەگكۈزگەنلىكىنى كۆرۈپ ھاڭۋېقىپ
قاراپلا قاپتىمەن. بىر چاغدا قىيا ئادەم پېشىمدىن تارتىۋېدى، ئاندىن ئېسىمنى
يىغدىم. بۇ ماھارەتكە ئاپىرىن ئوقۇدۇم. بىز يەنە ئىلگىرىلەپ مېڭىپ، ئات مۇساب-
قىسى مەيداندىكىلەر توپىغا بېرىپ قوشۇلۇۋالدۇق. مۇسابىقە مەيدانىنىڭ دائىرىسى
بەك كەڭرى بولغاچقا، ئادەملەر تارقىلىپ، مەيداننى بويلاپ ئۇ يەر-بۇ يەردە
توپلىشىپ تاماشا كۆرمەكتە ئىدى. مەن شېغىللىق مەيداندا چاڭ توزىتىپ ھالقا
شەكىللىك دائىرە ياساپ چېپىۋاتقان ئاتلار ئۈستىدە تامامەن دېگۈدەك ئۆسمۈر
بالىلار ئولتۇرغانلىقىنى بايقىدىم. ئۇلار قامچا ئوينىتىپ قىقاس سالاتتى-يۇ، ئات-
لىرىغا قامچا ئۇرمايتتى. بۇنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئات مىنىشكە ئۇستا، تەجرىبىگە

باي ئىسكەنلىكىگە كۆزۈم يەتتى. ئاتلار بىر-بىرىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە تىرىشىپ، جان-جەھلى بىلەن چاپاتتى. بەزىلىرى ئاستا-ئاستا توپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۆزۈپ چىقىپ، بەزىلىرى ئارقىدا سۆرۈلۈپ قېلىشقا باشلىدى. چىلانتورۇق بىلەن ئاق بوز ئات بارا-بارا توپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ گەۋدىلىرى يىلاننىڭكىدەك سوزۇلاتتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇلار بىلەن ئاتلار توپى ئارىسىدىكى مۇساپە ئۇزىراشقا باشلىدى. تاماشىبىنلار ۋارقىرايتتى، ھۇشقۇيتاتتى.

بىز بەيگىگە ئازراق قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، بۇ يەرنى تاشلاپ يولىمىزغا راۋان بولدۇق. ھېلىقى قاراقچىلارنىڭ ساق قالغانلىرىنىڭ ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىپ قېلىش ئېھتىمالى مەۋجۇت ئىدى. ئامال قىلىپ بۇ قۇيرۇقنى تاشلىۋېتىش كېرەكتى. ئىزىمىزنى ئۆچۈرۈپ دېڭىپ، ئۇلارنى ئېزىقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، تاشلارنىڭ ئۈستىنى پەملەپ دەسسەپ يۈرۈپ، خالىيراق جاينى تاللاپ، سايدىن قارشى قىرغاققا چىقتۇق. بۇرنىمىزغا جىگدە بىلەن بېدىنىڭ خۇش پۇرىقى گۇپۇلدەپ ئۇرۇلدى. قىرغاق ئۈستىدە بېدىلىرى سۆسۈن چېچەكلەردە بېزىلىپ قېلىن ئۆسكەن ئېتىزلار سوزۇلۇپ ياتقانىكەن. ئېتىز قىرلىرىدا جىگدە دەرەخلىرى قاتارلىشىپ تۇرۇشاتتى. بېدىلىكلەرنى ئارىلاپ، بەزەن جىگدە شاخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئېگىشىپ بىر مۇنچە مېڭىپ، پاكار تاملار ئارىسىدىكى تار يېزا يولىغا چىقتۇق.

ئالاھەزەل بىرەر سائەتتىن ئارتۇقراق ماڭغاندا، چوڭقۇر بىر يارداڭغا دۈچ كەلدۇق. يار گويا يەر تەۋرىگەندە يېرىلغان چوڭ يېرىقتەك تىك بولۇپ، ئېقىنىنىڭ ئىچمۇ، نېرىقى قاتمۇ يېشىللىققا پۈركەنگەنىدى. چېغىر يول بىلەن پەسكە چۈشۈپ، دەرەخلەر ئارىسىدا ئېقىۋاتقان ئازغىنە سۇنى كۆردۇق. قارشى قىرغاقمۇ تىك ئىدى بەزىدە تىزلىرىمىزغا تايىنىپ، بەزىدە ئۆمىلەپ دېگۈدەك ئاران يامىشىپ چىقتۇق. توقايلىق ئىچى تىمتاس، قاراڭغۇ ئىدى. دەرەخلەر ئارىلاپ بىردەم مېڭىۋىدۇق، كۆلەڭگىلەر سالقىنى ئاپتاپ ئازابى بىلەن يول ھاردۇقىنى ئالدى. يېنىكلىشىپ قالغاندەك بولدۇق. توقايلىقنىڭ ئۇ چېتى بىر تار جىلغىغا تۇتىشىدىكەن.

— سىلەر ئىزدىگەن تاغنىڭ بۇ چېتى مانا مەشەدىن باشلىنىدۇ، — دېدى كۆمۇشقىز بىزگە جىلغا كىرىپ كەتكەن تاغنى ئىما قىلىپ.

يەر بېتىگە دومبىيىپ چىقىپ، باراقسان ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆكەرتىپ تۇرۇۋاتقان، بىلەكتەك يىلتىزلىرى بار يوغان بىر كۆتەكنىڭ ئۈستىگە بېرىپ ئولتۇردۇق. ئۇ يەردە يوغان بىر ياپىلاق تاش ياتاتتى. قىيا ئادەم شۇ تاش ئۈستىگە يانپاشلىدى. ئۇ كۈچ ئىشلەتكەندە ئاجايىپ كۈچلۈك بولغىنى بىلەن تولا چارچايتتى. بەلكى بۇ ئۇنىڭ ناھايىتى كونا زامانىنىڭ ئادەملىرىدىن ئىكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىزمۇ بىر ئۇھ دېدۇق.

— ئەمدى ئىزدەيمۇ تاپالماس ئۇ يىرتقۇچلار، — دېدى كۆمۇشقىز يېنىك نەپەس ئېلىپ.

— ئۇ قاراقچىلار ئۆلۈپمۇ توگىگەندۇ، — دېدى لوئىزا پەرۋاسىز ھالەتتە.

— ھەر نە بولسا تەڭرى بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، — دېدى قىيا ئانىم ئەستايىدىللىق بىلەن.

كۈمۈشقىز بىزنى تەڭرىتاغ ئارىسىدىكى قىزىلتاغ قىيا تاش رەسىملىرى ماكانىغا باشلاپ كېتىۋاتاتتى. تاپانلىرىمىزغا ئازراق ئارام بەرگەندىن كېيىن ئورۇنلىرىمىزدىن تۇرۇپ، يولنى يەنە داۋاملاشتۇردۇق.

بۇ جىلغا ئۇزۇن جىلغا ئىكەن. ئۇنىڭدىن چىققۇچە كۈن غەربىي ئۇپۇققا ساڭگىلىدى. كۈمۈشقىز ئەمدى بىزنى تاغنىڭ يالغۇز ئاياغ يوللىرى بىلەن ئېلىپ كەتتى. بىر داۋاندىن ئۆتكەندىن كېيىنكى تار جىلغىدا يولىمىزنى ئىلدام ئاقىدىغان تاغ كەلكۈنى توسۇۋالدى. تونۇگۈنكى يامغۇر بۇ ياقلاردا قاتتىق ياغقان ئوخشايدۇ. چىرىندى ۋە تاش - توپىلارنى سۆرەپ ئېقىتىپ گۈركىرەپ مېڭىۋاتقان تاغ قىيانى قاپقارا رەڭدە لايقا ئىدى. ئۇنىڭدىن قاڭسىق بىر خىل پۇراق كۆتۈرۈلۈپ دىماغلارغا ئۇرۇلاتتى. دولقۇنلار يوغان - يوغان ياغاچ - تاشلارنىمۇ يۈگەپ دومىلىتىپ كېتىۋاتاتتى. بىر - ئىككى توپ قارىغايمۇ شاخلىرىنى لەپەڭشىتكىنىچە ئېقىپ ئۆتتى. سۇغا توغرىسىغا چۈشۈپ قالغان بىرى شاخلىرىنى چاقپەلەكتەك قىلىپ پىرقىرىتىپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ سۇدىن كېچىپ ئۆتمەكچى بولغانلىق ئۆلۈمنى ئۆز پۇتى بىلەن مېڭىپ ئىزدىگەنلىك ئىدى. كېچىك تاپماق بولۇپ بىز ئامالسىز ئېقىننى ياقىلاپ يۇقىرىغا ئۆرلىدۇق. ئۇزاق يول مېڭىپ ئاۋارە بولدۇق. ئىككى پارچە تاغ بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمەكچى بولۇپ، يېقىنلىشىپ قىيا قوللىرىنى سوزۇشقان، لېكىن نېمىشقىدۇر يەنە كۆرۈشەلمەي شۇ ھالەتتە قېتىپ تۇرۇپ قېلىشقان جايىنى ئۇچرىتىپ، ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتۇق. قىيا لېۋىگە بېرىپ پەسكە قاراپ چۆچۈدۇق. روبىرو قارىشىپ تۇرغان ئىككى قىيا ئارىلىقىدا كەڭلىكى تۆت مېتىر كەلگۈدەك بىر بوشلۇق بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستى چوڭقۇر ئىدى. ئۇ يەردە قىيان سۈيى تاغۇ - تاشقا ئۇرۇلۇپ، دەھشەتلىك قاينام ياساپ، غەزەپلەنگەن ئەجدىھادەك تولغىنىپ ھۆركىرەيتتى. تاشلارغا ئۇرۇلۇپ، بىر - بىرلىرىگە سوقۇلغاندا ئېقىندىن ئاجرىغان سۇ كۆتۈرۈلۈپ، ئۈچ مېتىردىن كۆپرەك ئېگىزلىكتىكى قىيا لېۋىدە تۇرغان ئاياغلىرىمىزنىڭ ئاستىغا ئۇنچىلەرنى چاچاتتى. ئىككى تاغ ئارىسىدىكى بۇ قىيالارنى بوشلۇققا توغرىسىغا قويۇلغان قۇچاق يەتمەيدىغان يوغان بىر توپ قېيىن دەرىخى تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. كىملەردۇر ئۇنىڭدىن كۆۋرۈك ئورنىدا پايدىلانغان بولسا كېرەك، ئانچە - مۇنچە يەرلىرىنى سىلىغدىغان پالتا ئىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قېيىن دەرىخنىڭ قورۇپ چىرىشكە باشلىغىنىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ شۇنداق ياتقىنىغا تالاي يىللار بولغان بولسا كېرەك. بۇ يالغۇز ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتمەك ئوڭاي ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئېقىنغا قارىغان ئادەمنىڭ بېشى قاياتتى. سۇ گويا تەتۈرىسىگە - يۇقىرىغا قاراپ ئېقىۋاتقاندەك، كۆۋرۈك تەۋەنگە قاراپ پاراخوتتەك مېڭىۋاتقاندەك، قاناتسىز ئۇچۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. لوئىزا پەستىكى قىيانغا قاراپلا ماڭا ئېسىلىۋالدى. بىز دەرھال

ئارقىمىزغا بىر نەچچە ماڭدام چېكىنىدۇق. قانداق ئۆتۈشنىڭ ئامالىنى قىلالماي بېشىمىز راسا قاتتى. قىيىن غولىغا بىر پۇتىنى قويۇپ سۇغا قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرغان كۈمۈشقىز بىر چاغدا كۈلۈمسىرەپ قېشىمىزغا كەلدى.

ــ بىر ئامال تاپتىم، ھېلىقى تاناڭلارنى چىقىرىڭلار.

كۈمۈشقىز تانىنىڭ بىر ئۇچىنى بۇتەرەپ قىيادىكى بىر تۈپ شەمشادنىڭ غولىغا باغلىدى. بىر ئۇچىنى ئۆزى تۇتۇپ ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە ماڭدى. ئۇ خۇددى تۈز يەرـدە مېڭىۋاتقاندەك قەددىنى تىك تۇتۇپ ۋەزمىن قەدەملەردە يالغۇز ياغاچلىق كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، قولىدىكى تانىنىڭ ئۇچىنى ئۇ قاتتىكى بىر دەرەخنىڭ غولىغا باغلىدى. ئاندىن قىيا گىرۋىكىگە كېلىپ بىزگە قول ئىشارىسى قىلىپ، ئۆتۈش بەلگىسى بەردى. لوئىزا ئىككىمىز بىللە ئۆتتۇق. سول قولۇمدا تانىنى تۇتۇپ ئالدىدا مەن ماڭدىم. سول قولىدا تانىنى تۇتۇپ، ئوڭ قولىنى مۈرەمگە قويۇپ ئارقامدىن ئەگىشىپ لوئىزا كېلىۋاتاتتى. مەن تېخى ئوڭ قولۇمنى كەينىمگە سوزۇپ ئۇنىڭ بېلىدىن يۆلەپ ماڭدىم. تانىنىڭ مۇقىمچانلىقى ئاجىز، ئەۋرىشىملىكى كۈچلۈك بولغاچقا، تۇتۇپ ماڭغاندا ئاـدەم ئىككى ياققا ئاسانلا چايقىلاتتى. لوئىزا ئۆزىنى تۈغرا تۇتالماي نەچچە قېتىم مېنىمۇ دۈگجىيىتىۋەتتى. يۇمشاق، ئىسسىق كۆكسى دۈمبەمگە تېگىپ، بەدىنىمگە توك ئۆتكۈزۈۋەتتى. نەچچە قېتىم تانا تەرەپكە قاتتىق قىيسىيىپ كەتتۇق. لوئىزا چىرقىـرىۋەتتى، ھېلىمۇ ياخشى تانا ئادەتتىن تاشقىرى مۇستەھكەم ئىكەن، بولمىسا قاپقارا، بەدبۇي لاي سۇ بىزنى قورچاقتەك دومىلىتىپ، قىرلىق تاشلارغا سوقۇۋەتكەن، ھەيكەلـدەك چېقىپ، ۋەتـۋەرىكىمىزنى چىقىرىۋەتكەن بولاتتى. كۆرىدىغان كۈنىمىز، تۈگىمىگەن ئىكەن. بىر ياغاچلىق كۆۋرۈك بەزىدە غىرسىلداپ قىمىرلاپ كېتەتتى، مەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇغانىدىم. پۈتۈن زېھنىم لوئىزانى ئامان ساقلاش، خېيىم ـ خەتەرگە يولۇقتۇرماسلىقىلا مەركەزلەشكەنىدى. ماڭا ۋاقىت توختاپ قالغاندەكلا تۇيۇلاتتى. ئايىغىمىزنىڭ ستېخىيىلىك تۇردە ئالغا بېسىۋاتقانلىقىنىلا خىرەھېس قىلىمەن. يۈرىكىم ھېلىلا قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك گۈپۈلدەپ سەكرەيتتى. مەن لوئىزاغا قورقماڭ، دەپ ۋارقىرىماقچى بولدۇم. بىراق ئاغزىم ئېچىلمايتتى. ئاۋازىم چىقمايتتى، يۈرىكىم ئاغزىمغا كەپلىشىپ قالغاندەك ئىدى. نىھايەت بىز ئامانـئېسەن ئۇ قاتقا ئۆتتۇق. چېكەمدىن مونچاق ـ مونچاق سوغۇق تەر تامچىلىرى چىقىپ كەتكەنلىكىنى شۇ چاغدا بايقاپ، قول ياغلىقىمنى چىقىرىپ سۈرتتۈم. بىزدىن كېيىن قىيا ئادەم يالغۇز ئۆزى كۆۋرۈك ئۈستىگە قەدەم قويدى. كەچكى شەپەقنىڭ نۇرىدا يالغۇز ياغاچلىق كۆۋرۈكنىڭ بىر بېشىنىڭ لىڭشىپ ئېگىلىپ كېتىۋاتقانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. غىچىرلىغان ئاۋاز سۇنىڭ شارقىرىشى بىلەن ئۇيۇشۇپ تالىشاتتى.

بىز قىيا تاشتىن چۈشۈپ، ئۈستىمىزگە ئېگىشىپ قاراپ تۇرغان تاغ پارچىسىنىڭ ئازقا تەرىپىگە ئايلىنىپ ئۆتتۇق، ئۇ يەردە ئازراق ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە قوزغالدۇق. دۆڭلەردىن ئېشىپ، يارلىقلاردىن ئۆتۈپ ئىلگىرىلىدۇق. ئالدىمىزدىكى كۆكۈش تاغلارنىڭ ئاخىرى يوقتەك ئىدى. بىر چاغدا جەزىرىمە قۇملۇق كۆرۈندى.

شالاڭ ۋە قاتتىق گىياھلار تۈۋىدىن كەسلەنچۈك، پاتمىچۇقلار باشلىرىنى چىقىرىپ ماراشتى. ئاندا-ساندا چاتقاللار ئۇچراپ قالاتتى. ئاز ئۆتمەي قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. بىپايان ئاسماندا سان-ساناقسىز ئالماس يۇلتۇزلار چاراقلاپ ياندى. ئۇلار ئاشىقلارنىڭ كۆزلىرىگە، پەرىشتىلەرنىڭ چىراغلىرىغا ئوخشايتتى. بۇ يەردىن ئاسمان سۈپسۈزۈك ۋە ناھايىتى ئېگىز بولۇپ كۆرۈنەتتى.

يېنىك شامال چىقىپ ھاۋا سوۋۇشقا باشلىدى. ئويمانلىراق بىر دالدا جاينى تېپىپ تۈنەشكە تەرەددۇت قىلدۇق. يېقىن ئەتراپتىن ئوتۇن-چاۋالارنى، قۇرۇغان سۆكسۆك شاخلىرىنى تېرىپ گۇلخان ياقتۇق. ھايال ئۆتمەي قاراڭغۇلۇق ئىچىگە مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ گۇلخان يالقۇنى گۈرۈلدەپ يېنىپ كەتتى. يېنىمىزدىكى بۇلاقتىن سۇ ئېلىپ چاي قاينىتىپ ئىچتۇق. گۇلخاننى چۆرىدەپ خېلىغىچە بۇ ئەتراپنىڭ ئەھۋالى، ئۆتكەن-كەچكەنلەر توغرىسىدا پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇردۇق. كومۇشقىز مېنىڭ قىسقىچە تارىخىمغا قىزىقتى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى پات-پات يېلىنجاپ تۇرۇۋاتقان سۆيگۈ ئوتلىرىنى بايقىغاچقا ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ، سوئاللىرىغا ئاددىي، ھېسسىياتسىز، مۇجمەل جاۋابلارنى قايتۇردۇم. ئۇ ئۆز كەچۈرمىشلىرىدىن سۆزلەشكە باشلىدى. مەن بېرىلىپ تىڭشىمىدىم، يالغان ئەسنەپ لوئىزانىڭ دۈمبىسىگە دۈمبەمنى قويدۇم. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئەتىكى يولىمىزدا ئۇنىڭ نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئاۋۇلى بارلىقى، شۇ نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئوغلىنىڭ تويىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىقى قۇلىقىمغا كىرىپتۇ. تاتلىق ئۇگىدەك باسقاندەك بولدى. ئۇيقۇمۇ، غەپلەتمۇ بىلمەي گاراڭ ھالەتتىكى خىرە-شىرەلىك ئىچىدە ياتتىم.

— تۇر ئورنىڭدىن، ئالدىڭغا ماڭ! — دېگەن بۇيرۇق ساداسى كەلگەندەك بولدى.

مەن ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئالدىمغا بىر نەچچە ماڭدام چامدىدىم. بىردىنلا ئەتراپىمدا ھېچكىم يوقلۇقىنى، پايانسىز ئايدالىدا يالغۇز تۇرغانلىقىمنى سەزدىم. قۇياش باش ئۈستىگە پەسلەپ چۈشكەن بولۇپ، دۈگىلەك ئوت شارىدەك لاۋۇلداپ ھارارەت چېچىپ، ئەتراپىنى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەنىمىش. چۆل ۋىلىۋىلى ھەممە ياقتا رەڭگا رەڭ دۇنيا شەكىللەندۈرۈپ، ئاجايىپ كۆرۈنۈشلەر جەۋلان قىلاتتى. ئاشۇ مەنزىرىلەرگە مەپتۇن بولۇپ قاراپ تۇرۇپ قالغىنىمدا، ئۇشتۇمتۇتلا توت تەرەپتىكى يەر بېتى قومۇرۇلۇپ ئاستا كۆتۈرۈلەرمىش. سان-ساناقسىز، ئاجايىپ-غارايىپ بەتبەشىرە يوغان مەخلۇقلار ئۆسۈپ چىقارمىش. ئۇلار قىيا-چىيا سېلىپ ئوت پۈركۈپ، مەشئەل ئېتىپ ھاۋادىنمۇ، يەردىنمۇ ئۈستىمگە باستۇرۇپ كەلدى. باش-كۆزلىرىمگە ئوت تۇتاشتى. مەن ئاغرىققا چىدىماي يەردە دومىلاشقا باشلىدىم. مانا شۇ چاغدا ھاۋا گۈلدۈرلەپ قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. ئوت ئۆچتى، ئەجۇز-مەجۇزلەر پىتىرىدى، چېكىندى، نېرىراق بېرىپ بىر-بىرىنى تۇۋلىشىپ، سەكرىشىپ، توپلىشىپ قايتىدىن دەۋرەپ كېلىشتى. بىراق چاقماق چېقىپ يەر-ئاسمان ئاپئاق يورۇپ كەتتى. بۇلۇتلار قېتىدىن قاناتلىق بىر ئات چىقىپ ئوقتەك تېزلىكتە ماڭا يېقىنلاپ كەلدى. ئات ئۈستىدە تولۇن ئايدەك گۈزەل بىر پەرىزات بار ئىدى. ئەجۇز-مەجۇزلەر پىتىراپ

قاچتى. پەرىزات چەۋەنداز ئارغىمىقىنى مەيدىن تۆت ـ بەش ماڭدامچە نېرىغا چۈشۈردى. ئوق قولىنى كۆتۈرۈپ شىلتىۋېدى، ئاسماندا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقتى، چاقماق بولۇتتىن ئۈزۈلۈپ هاۋانى يېرىپ چۈشۈپ، پەرىزاتنىڭ چاڭگىلىغا كىردى ـ دە، ئالتۇن ساپلىق ئالماس قىلىچقا ئايلىنىپ يالتىرىدى. پەرىزات ياپما تونىنى لەپىلدىتىپ، ئارغىمىقىنى چاقماقتەك سەكرىتىپ، ئالماس قىلىچىنى ئوينىتىپ مەيدانىنى ئىككى قېتىم ئايلىنىۋېدى، ئەجىز ـ مەجىزلەر تۇتەكتەك غايىب بولۇپ، ئەتراپ پاك ـ پاكىز هالەتكە قايتتى. پەرىزات ماڭا شەرەت قىلدى. مەن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئالدىغا باردىم. قەدەملىرىڭىزگە مۇبارەك پەرىزات، دېگىنىمچە سالام بېرىپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا بىر قاراپلا قورقۇپ ۋارقىرىۋەتتىم. پەرىزاتنىڭ بېشى بىلەن گەۋدىسى بۆلەك ـ بۆلەك هالەتتە بولۇپ، كېسىلگەن باش گەۋدىنىڭ كېسىلگەن بوينى ئۈستىگە مۇنداقلا مىندۈرۈپ قويۇلغانىدى.

— مەن پەرىزات ئەمەس، ئاددىي قىز! — دېدى پەرىزات تەمكىن هالەتتە، — ئۇنچىۋالا ئەندىكمەڭ، بىلىمەن، سىز بېشىمنىڭ تېنىمدىن جۇدا قىلىنغان هالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىغا هەيران بولۇۋاتىسىز. بۇمۇ قىسمەت. شۇنداق چېپىۋېتىلگىنىمگە ئىككى تۈمەن يىل بولدى. ئاڭلاۋاتامسىز؟

— تەڭرىگە قۇللۇق! — دېدىم مەن.

قىز ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ، مۈرىلىرىنى تەكشى يېپىپ تۇرغان قىرىق كۇكۇلىلىق سۇمبۇل چاچلىرىنى سىلاپ قويدى. ئاندىن سېكىلىكىدىن تۇتۇپلا ئۆز بېشىنى بوينىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، ئىگەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى. مەن ۋارقىراپ تاشلىدىم. پەرىزاتنىڭ بېشى بوستان كىرپىكلىرىنى لەپپىدە قىلىپ قېقىپ قويۇپ، ياقۇت لەۋلىك ئۇماق ئاغزىنى ئېچىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن ئەسلى بىر قەبىلە باشلىقىنىڭ شائىرە قىزى ئىدىم. سىلەرنى باشلاپ كېلىۋاتقان قىيا ئادەم دادامنىڭ ئاۋۇلىغا تام رەسىملىرى سىزغىلى كەلگەندە بىز بىر ـ بىرىمىزگە ئاشىق بولۇپ قېلىشقان، كۈنلەر تېپىشىش خۇشاللىقلىرى، ئايرىلىش ئازابلىرى، ئارزۇلار لەززەتلىرى ئىچىدە چۈشتەك شېرىن ئۆتۈۋاتاتتى. بىر كۈنى دوستلىرىم بىلەن ئوۋغا چىقىپ، قوشنا قەبىلە باشلىقىنىڭ چاشقانباش ئوغلىغا ئۇچراپ قالدىم. ئۇ بىر توپ ئادەملەرنى باشلاپ بىر يىلپىزنى ئۆلتۈرەلمەي، ئەكسىچە، قەھرىلەنگەن يىلپىزنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، ئۆلە ـ تىرىلىشىگە قارىماي ساراڭلاردەك ۋارقىرىشىپ قېچىپ كېلىۋاتقانىكەن، مەن سالغامنى پىرقىرىتىپ كۈچەپ بىر ئېتىۋېدىم، هۆركىرەپ كېلىۋاتقان يىلپىز بىر نەرسىگە پۇتلاشقاندەك يەرگە بىراقلا دومىلىدى. هېلىقى چاشقانباش ئادەملىرى بىلەن كەينىگە قايتىپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قورقۇپ، يىقىلىقلىق يىلپىزنىڭ يېنىغا ئاران باردى. قارىسا قىرلىق تاش يىلپىزنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا تېشىپ كىرىپ كەتكەنىكەن. ئۇلار كېلىپ جانلىرىنى قۇتقۇزۇپ قويغانلىقىمغا تەشەككۈر، ماهارىتىمگە ئاپىرىن ئوقۇشتى. ئۆزۈمگە

www.uyghurkitap.com

قۇللۇق بىلدۇردى. مەن چاشقانباشنىڭ ئېچىرقىغان كۆزلىرىنى مەندىن ئۈزەلمەيۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم. ئوغرىنىڭكىدەك سېرىق نۇر پارقىراپ تۇرغان بۇ كۆزلەر ماڭا ياقمىدى. مەن مەنسىتمەي مىيىقىمدا كۈلۈپ قويۇپ، ئېتىمنىڭ بېشىنى بۇراپ، ئۆز ھەمراھلىرىم بىلەن يولۇمغا كەتتىم. ياخشىلىقتا يامانلىق قايتىشىنى نەدىن بىلمەي، شۇندىن باشلاپ بۇ قورقاق لەۋۋا ماڭا شەيدائى سەۋدا بولۇپ قالغانمىش. شۇندىن باشلاپ بۇ ھىيلە - مىكىر ئىگىسى مېنى پايلاپ ئىزىمغا چۈشتى. ئۇ كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ رەت قىلىندى. كۆپ قېتىم ئالداپ، دوق قىلىپ بېقىپ دەككىسىنى يېدى. كۆپ قېتىم تەۋەلىكىمىزگە چەۋەندازلىرىنى باشلاپ كىرىپ ئېغىۋاگەرچىلىك قىلىپ، رەسۋايى شەرمەندە بولدى، ئۇلار جانلىرىنى چاڭگاللىشىپ ئاران قېچىپ قۇتۇلۇشتى. كېيىنچە تىنجىپ كېتىشتى. بىز شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنى تۈگىگەنگە چىقىرىپ ئۇنتۇپتىمىز. ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. بىر كۈنى قىيا ئادەم ئىككىمىز مۈشۈ تاغلارنىڭ ئىچكىرىسىدىكى قىيا تاش رەسىملىرىنى كۆرگىلى كېتىۋاتاتتۇق. ئۇ رەسىم سىزىشقا ھېرىسمەن ئىدى. سىزمىلىرى، ئويمىلىرىمۇ مۈشۈ ئەتراپقا خېلى داڭق چىقىرىشقا باشلىغانىدى. ئۇ رەسىم سىزىشتىكى يېڭى ئىزدىنىشلىرى توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، مەن ئۆزۈمنىڭ يېڭى توقۇغان بېيىتىمنى ناخشا قىلىپ ئۇنىڭغا ئوقۇپ بەردىم. كۈتۈلمىگەندە چوڭقۇر جىلغىدا بىز چاشقانباشنىڭ ئادەملىرىنىڭ قورشاۋىدا قالدۇق. بىز ئاران يىگىرمىدەك چەۋەنداز ئەگەشتۈرۈۋالغانىدۇق. ئۇلار قوم - تۇپراقتەك كۆپ ئىكەن. تۇشمۇ تۇشتىن يېپىلىپلا كەلدى. چاشقانباشنىڭ جاكارچىسى پەقەت مېنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەرسىلا بىزنىڭكىلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا چېقىلمايدىغانلىقلىرىنى قايتا - قايتا جاكارلىدى. بىزنىڭكىلەر ئۇلارغا تاش بورانى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشتى. جەڭ ناھايىتى شىددەتلىك بولدى. مەن بىر ئۆزۈملا ئۇلارنىڭ ئوتتۇز - قىرىقتەك ئادىمىنىڭ پېشانىسىدىن تۆگلۈك ئاچتىم. بىراق ئامال قانچە؟ ئاتقىدەك تاشمۇ، تاش ۋاشاقلارمۇ قالمىدى. كۆپ ساندىكى چەۋەندازلىرىم ھالاك بولۇپ كەتتى. بىز قالغان كۈچنى يىغىپ، قورشانى يېرىپ چىقىپ كېتىشكە يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆرمەكچى بولدۇق. چاشقانباشنىڭ ئۇدۇلىدىكى تۆپىلىك ئۈستىدە تۇرۇپ جەڭگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم. بىز تۇپلىنىشىپ بىرلا سۈرەن بىلەن ئاتلارنىڭ تىزگىنلىرىنى سېرىپ، توپتوغرا ئۇنىڭ ئۈستىگىلا باستۇرۇپ باردۇق. مەن ئۇچرىغانلىكى دۈشمەننى تاش پالتام بىلەن چېپىپ كېتىۋاتاتتىم. تۆپىلىككە چىقىشىمىز بىلەن تەڭلا چاشقانباشنىڭ بۆكتۈرمىدىكى لەشكەرلىرى يان تەرەپىمىزدىن دەۋرەپ چىقىپ قالدى. چاشقانباش كەينىگە بۇرۇلۇپلا قاچتى. مېنىڭ ئېتىم ئۇنى يانداپ ئوقتەك ئۇچۇپ ئۆتتى. پالتام ئۇنىڭ ھەمراھىنىڭ بېشىنى ئىككى پارچە قىلىۋەتتى. مەن تىزگىننى شارتتىدە تارتىپ ئاتنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇرىدىم. شۇ ئارىلىقتا بۆكتۈرمىچىلەرنىڭ قىيا ئادەمنىڭ بويىنىغا سالما چۈشۈرۈۋالغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. چاشقانباشنى تاشلاپ ئۇلارغا قارىتىپ ئات سالدىم. بىراق ماڭا نېشانغا يېتىپ بېرىش نېسىپ بولمىدى. چاشقانباش ۋە ئۇنىڭ قولچوماقلىرى يۆپۈرۈلۈپ

كېلىپ مېنى كالتەك، تاش چوماق، تاش نەيزە ئاستىغا ئالدى. چاشقانباشنىڭ نامەردلىك بىلەن كەينىمدىن ئۇرغان تاش پالتىسى نازۇك بوينۇمغا تېگىپ، بېشىمنى مانا شۇنداق ئۈزۈۋەتتى. جېنىم كۆككە ئۆرلەپ، تېنىم ئاتتىن غۇلاپ چۈشتى. مەن ئەمدى ئۆلگەنىدىم. ئۇلار قىيا ئادەمنى ئاتتىن يىقىتىپ، باغلاپ ئېلىپ كەتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاتام كېچىلەپ ئادەم باشلاپ جىلغىغا كەلدى. جەسىتىمنى تېپىپ ئاۋۇلغا قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. پۈتۈن ئۇرۇق-جەمەتىمىز بېشىمدا قار-يامغۇر يىغلىدى. قىساس ئېلىشقا قەسەم ئىچتى. ھازا ئاچتى، جەسىتىمنى پۈتۈنلەپ قۇملۇققا كۆمدى. ئاندىن قوشۇن تارتىپ بېرىپ چاشقانباشنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىنى قىرىپ تاشلىدى. چاشقانباش ئۆزى بىر تۈركۈم ئادەملىرى بىلەن بىللە تەكرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئاتاملار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەن ئەرۋاھ ھالىتىدە مانا مۇشۇ كۆرۈنۈشتە ئېتىمغا مىنىپ، ئۇنىڭ ئىزىدىن قوغلىدىم. چاشقانباش قالدۇق لەشكەرلىرى بىلەن بىر ئايدالىدا كېتىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ ئالدىدىكى يەرنىڭ تېگىدىن ئېتىمنى ئۇيناتقان ھالدا كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ چۇقان كۆتۈردۈم. قوشۇن پىتىراپ كەتتى، ئات ئۈركۈپ ئۇنى ئېلىپ قاچتى. ئۇ قورقۇنچتىن خۇدىنى يوقىتىپ، ساراڭدەك چىرقىرىدى. ئات مۇدۇرۇلۇپ كېتىپ، ئۇ يەرگە بىر تاغار خام گۆشتەك گۈرسۈلدەپ ئۇچۇپ چۈشتى. بېرىپ قارىسام بويىنى ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈپتۇ. ئۇلار قىيا ئادەمنى ئاچ قويۇپ سۆرەپ مېڭىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. جەسىتىنى تاغلار ئارىسىغا تاشلىۋەتكەنىكەن، ئۇ يىللارنىڭ سېھرىدە تاشقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن ئون ئىككى مىڭ يىللار ئىلگىرى ئالەم ئادەملىرى بۇ ياقلارغا تۇنجى قېتىم قەدەم تەشرىپ قىلغانىدى. مەن كۆزگە كۆرۈنمەي ئۇلارنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ يۈرۈپ، ئازدۇرۇپ، قىيا ئادەمنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردىم. گۆھەر قۇتىنى شۇ يەردە ئۇنۇتقۇزدۇم. مانا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە سىلەر ئۇنى تىرىلدۈردۈڭلار. مەن ئۆز ئاشقىمنىڭ دۇنيادا يەنىلا تىرىك يۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئۆزى سۆيگەن رەسساملىق كەسپى يولىدا قان، تەر ئاققۇزۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مانا شۇنىڭ ئۆزى ماڭا تەسەللى، مەن ئۈچۈن ئىپتىخار.

— سىزنى تىرىلدۈرۈشكە ئامال يوقمۇ؟ — سورىدىم مەن.

— يوق، — دېدى قىزنىڭ بېشى قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ، — مەن تاشقا ئايلانغان بولسام مۇمكىنچىلىكى بولار ئىدى، بەلكىم. بىراق بار بولغاندىمۇ بۇنىڭ ئەھمىيىتى بولمىغان بولاتتى. مەن قىزىقمايمەن. بۇمۇ تەكرىنىڭ ئىرادىسى، شائىر تەقدىرىنىڭ مەندىكى ئىپادىسىدۇر، ئەتىمالىم. بىز قىيا رەسىملىرىنى كۆرگىلى كېتىۋېتىپ ھالاك بولغان. بۈگۈن سىلەرنىڭمۇ شۇنداق سەپەرگە چىققىنىڭلارنى كۆرۈپ، ئوخشاش پاجىئەگە يولۇقۇشۇڭلاردىن ئەنسىرەپ قوغداشقا ئۆزۈم كەلدىم. تارىخ بەزىدە تەكرارلىنىدۇ. ئەپسۇسكى مەن پەقەت ئەجىز-مەجۇزلەردىنلا قوغدىيالايمەن. جانلىقلار توپىدىن كېلىدىغان خەۋپتىن ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش بېرەلەيمەن. بەزىدە ئۇلارنى ئازدۇرۇپ كېتەلەيمەن. لېكىن، ئۇلار بىلەن يەكمۇ يەك ئېلىشالمايمەن. چۈنكى مەن بىر روھتە...

مىڭ ئۆلۈكتىن بىر شېھىت ئەلا، مىڭ شېھىتتىن بىر تىرىك ئەلا، دەيدىغان كىشىلەر بارغۇ، ئەمدى خەير - خوش، تەڭرى سىلەرنى پاناھىدا ساقلىغاي. بىردەمدىن كېيىن سىلەرگە يىرتقۇچ ھايۋانلار ھۇجۇم قىلماقچى. سەگەك بولۇڭلار. ئەنە چىلبۆرىلەرنىڭ ئالدى يېقىنلاپمۇ قالدى.

قىز بېشىنى يەنە بويىنىغا قويدى - دە، ماڭا قول سىلكىپ ئارغىمىقىنى دېۋەتتى. ئارغىماق چەمبەر ھاسىل قىلىپ چاپچىۋېدى، چەمبەر دائىرىسىدىن گۈلدۈرلەپ ۋولقان ئېتىلىپ، كۆز قاماشتۇرىدىغان ئىسسىز ئاق يالقۇن گۈرۈلدەپ شىددەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلىدى. مەن ئاق يالقۇننىڭ پەرىزاتنى ئارغىمىقى بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. مەن ھاڭقېتىپ ئەمدىلا سىنچىلاپ قاراي دېگۈچە پەرىزاتمۇ، ۋولقانمۇ ئىزسىز غايىب بولدى.

ئېسىمنى يىغقۇچە بولغان گاراڭلىق، ھەرىكەتسىزلىك ئىچىدە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. بىردىنلا سان - ساناقسىز چېكىتلەردەك كىچىك، يۇلتۇزلاردەك پارقىراق نەرسىلەرنىڭ يەر يۈزىنى قاپلاپ تۇشمۇ تۇشتىن ماڭا يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. يىغلىغاندەك، كۈلگەندەك، ھاۋشۇغاندەك ئاۋازلار پەيدا بولۇپ كۈچىيىشكە، ۋەھىمە پەيدا قىلىشقا باشلىدى. مەن «بۆرىلەر» دەپ جېنىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىۋەتتىم. شۇنىڭ بىلەن ھەممىلا نەرسە ئەسلى ھالىتىگە قايتتى. مەن لوئىزانىڭ يېنىدا ئۆرە ئولتۇراتتىم. لوئىزا، قىيا ئادەم، كۈمۈشقىز ئارقىمۇ ئارقا ئويغاندى ۋە بۆرىلەر كېلىۋاتىدۇ، دەپ تەستىقلاشتى. ئاچ بۆرىلەر بىزنى قورشىۋالغان بولۇپ، مۇھاسىرە چەمبىرىكىنى تارايتىپ يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. يېگى گۆشكە ئايلىنىش مۇمكىنچىلىكى بولۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھىدى بۇ چۆل زوراۋانلىرىنىڭ نەپسىنى تاقىلدىتىۋەتكەن بولسا كېرەك. گۈلخان ئوتى پەسلەپ قاپتۇ. بىر قېرى بۆرە يۈرىكىنى يوغىنىتىپ گۈلخان ئوتىغا يېقىنلاپ كېلىپ، ئۇياقتىن بۇياققا سەكرەپ ئۆتتى. ھەممە بۆرىلەر تەڭ ھۇۋلىدى. كىچىكىمدە كىشىلەردىن ئاڭلىغان بۆرە ئولجىسىنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتۈۋالسىلا، ئولجىسى قىمىرلىيالماس بولۇپ قالارمىش، ئاندىن بۆرە ئۇنى بىخىراماان يەۋېرەرمىش، دېگەن سۆزلەر ئېسىمگە كەلدى. تېنىم تىكەنلىشكەندەك بولدى. بىراق، بۆرىلەر بىزگە دەماللىققا تېگىشكە پېتىنالمىدى. كۈمۈشقىز ئورنىدىن تۇرۇپ، گۈلخانغا ئوتۇن تاشلىدى. قالغانلىرىمىزمۇ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئوتۇن - چاۋا تاشلاشقا كىرىشتۇق. ئوت يالقۇنى ئۇلغىيىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. ئەتراپ كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. ھەتتا ئالدىنقى قاتاردىكى بۆرىلەرنىڭ تەلەتلىرىنى، ھېڭگايغان چىشلىرىنىمۇ كۆرگىلى بولۇپ قالدى. ئوت ھارارىتى ۋە يورۇقلۇقىنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، بۆرىلەر يىتراپ كەينىگە داجىدى، بىراق قېچىشمىدى. نېرىراق سۈرۈلۈپ چەكچىيىپ تۇرۇۋەردى. كۈمۈشقىز تانىدىن سالغا ياساپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاش ياغدۇردى. بۇنىڭ خېلى ئۈنۈمى بولدى. بۆرىلەر ھۇۋلاپ كاڭشىپ تېخىمۇ يىراققا چېكىندى. بىراق بۇنداق پوپوزا، قورقىتىشلار ئۇلارنى ئادەم گۆشىنىڭ لەززىتىدىن مېھىر ئۈزدۈرەلمىدى. ئەتراپتىكى تاش تۈگەپ باراتتى. ئوتۇن

ئازلاۋاتاتتى. بۆرىلەر پۇرسەت تاپسىلا ھۇجۇمنى توختاتمىدى. تىركىشىش سۈبھى كۆتۈرۈلگىچە داۋاملاشتى. تاڭ قاراڭغۇلۇقى بۆرىلەرنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ قەيەرلەرگىدۇر غايىب بولغاندىن كېيىن، كۆڭلىمىز تىنىپ، ئاز - تولا ناشتا قىلىۋالدۇق - تە، يولغا چىقتۇق.

## ئالتىنچى باب

قوزا چۈش مەھەلىدە بىز تاغ ئارىسىدىكى بىر ئوچۇقچىلىققا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردىكى بىر ئېقىن سۈزۈك سۇنى ياقىلاپ كومۇشقىزنىڭ تۇغقىنىنىڭ ئاۋۇلىدىكىلەر جايلاشقان بولۇپ، ئۇ كىشى بۈگۈن ئوغۇل تويى بېرىۋاتقانىكەن. چېدىرسىمان قىلىپ خىش، ياغاچ، تاشلاردىن قوپۇرۇلغان ئۆيلەر ھەشەمەتلىك بولۇپ، قۇياش نۇرىدا يالتىرايتتى. قاناتلىق ئاق ئۆيلەر قاتارلىشىپ قەد كېرىپ تۇرۇشاتتى. ئەتراپتا ئادەملەر شاپاشلاپ، ئۇياقتىن بۇياققا يۈگۈرۈيتتى. بەزىلىرى تاش تىزىپ ياكى يەر كولاپ يېڭى ئوچاقلارنى ياسىسا، بەزىلىرى ھورى پۇرقىراپ تۇرغان داش قازانلار ئېسىلغان يوغان ئوچاقلارنىڭ ئېغىزلىرىغا شاخ - شۇمبا، ئوتۇنلارنى تىقاتتى. قازانلاردا يېڭى سويۇلغان پاقلانلارنىڭ، قوزىلارنىڭ گۆشلىرى قاينايتتى، شورپا قالقىيتتى. چوڭ - چوڭ پارچىلانغان گۆشلەرگە سەۋزە - چامغۇر ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇلغان قورداقلار، مايدا قورۇلغان سەۋزىگە گۈرۈچ بېسىپ دەملەنگەن پولۇلار ئىشتەينى غىدىقلاپ، يىراق - يىراقلارغا مەززىلىك پۇراق تارقىتاتتى. توي بولۇۋاتقان ئۆيگە يېقىنلاشقاندا، كومۇشقىز بىزنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ، كېپىنەكتەك پىلدىرلاپ، ئادەملەر توپى ئىچىگە كىرىپ غايىب بولدى. بىر ئازدىن كېيىن خېلى سالاپەتلىك ئىككى ئادەم كېلىپ بىزنى ئىززەت بىلەن باشلاپ ماڭدى. بىز بىر توپ ئادەملەر قاتارى ھەشەمەتلىك قورۇنىڭ ئالدىدا توختىدۇق. دەرۋازا مۇستەھكەم قېلىن ياغاچلاردىن ھەيۋەتلىك قىلىپ ياسالغان بولۇپ، نەقىشلىرىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئويۇلغانىدى. دەرۋازىدىن تارتىپ ئۆينىڭ بوسۇغىسىغىچە رەڭدار گىلەملەردىن پايانداز سېلىنغانىدى. ئەتراپتا چاققان كىيىنگەن چەۋەندازلار، يىپەك تاۋار ئىگىنلەرگە ئورالغان نازىنىن قىزلار، بەقەسەم تون كىيىپ، شايى بەلباغ باغلىۋالغان مەنسەپدارلار، ماتا - چەكمەن چاپانلارنى، جالدۇر - جۇلدۇرلارنى ئۇچىسىغا ئارتىۋالغان چاكارلار ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئىشىك تۈۋدىكى پاياندازنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان بىر دۈنچە ئادەملەر مېھمانلارنى ئىچكىرى باشلايتتى. ئۇلارنىڭ قوللىرىغا سۇ قۇياتتى. توي ئۆز دەۋرىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى بويىچە ئىنتايىن دەبدەبىلىك داۋاملىشىۋاتاتتى.

— كومۇشقىز بىزنى ياخشى تونۇشتۇرغان بولسا كېرەك، توي باشلىرى بىزنى ئالاھىدە قىزغىن قارشى ئالدى. شىرداق ئۈستىگە تۆرگە زورلىدى. بىر ئازدىن كېيىن، كومۇشقىزنىڭ تۇغقىنى كومۇشقىزنى ئەگەشتۈرگەن ھالدا بىز بىلەن كۆرۈشكىلى

كىردى. قىزنى قۇتۇلدۇرغان شەپقەتسىز ئۇچۇن تەشەككۇر ئېيتتى. بىزنى بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. داستىخان بېشىغا بىزنى ئوبدان كۈتۈشنى تاپىلاپ، ئاندىن ئۆزى رىخاھلىق بىلەن چىقىپ كەتتى. شاپ بۇرۇتلۇق خۇش چاقچاق بىر ئادەم بىزگە بەكرەك قىزىقتى. يېقىنلىق قىلىپ يۈرۈپ بىز بىلەن چىقىشىۋالدى. ئۇ تاغ ـ دەريا ئاتلاپ يىراقتىن كەلگەن سودا ئەھلى بىلەن ئارىلىشىشقا ئامراقكەن. بىزنى «سىلەر پىرسىيە تەرەپتىن كەلگەن سودىگەرلەرغۇ» دەپ پەرەزچىلىك قىلىپلا تۇرۇۋالدى. بىز كۈلۈپ باش لىڭشىتىپ قويدۇق. ئۇ بىزدە ياخشى مېھمان تويغا كېلىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. سىلەر تويغا كەلدىڭلار، قەدىمىڭلار خاسىيەتلىك، دەپ كۆتۈپلا كەتتى. بىر ـ ئىككى كۈندىن بېرى تامىقىمىز غورىگىلىرەك بولۇپ قالغاچقا، لوئىزا ئىككىمىز ئانچە تۈزۈت قىلىپ تۇرمىدۇق. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىشىپ كېلىۋاتقان نېمەتلەرنى قورساققا ئۇدۇللۇق يوللاۋەردۇق. تاكى تاماقلارنىڭ تەمىنى پەرقلەندۈرگىدەك بولۇپ تويۇنغاندىن كېيىن ئاستىلىدۇق. پەقەت قىيا ئادەملا مىجەزى يوقلۇقىنى باھانە قىلىپ ئاغزىغا ھېچنېمە ئالمىدى. قاتتىق زورلاشلاردىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن تېتىپ قويۇپلا بولدى قىلدى، ئۆي سەرەمجانلىرىغا قىزىققان، پاراڭغا بېرىلگەن قىياپەتكە كىرىۋالدى. خۇش چاقچاق ئادەم بىزنى يەنە قىمىزغا، شارابقا زورلىدى. يەرلىك خەلق ئارىسىدىكى ھەرخىل كۈلدۈرگە، لەتىپىلەرنى ئېيتىپ بېرىپ، دورامچۇقلۇق قىلىپ، ئۈچەيلىرىمىز ئۈزۈلگىچە كۈلدۈردى. پاراڭ ئارىسىدا ئۇ بۇ ئەلدە سودىگەرلەرنىڭ كۆپلۈكىنى، ئۆزىنىڭمۇ سودىغا ھەۋىسى بارلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ:

— چەت ئەللىكلەر شۇڭا بۇياقتىكىلەرنى سېرىبسلار دەپ ئاتىشىدۇ. يەرلىك خەلقلەر بۇ گەپنى ئۆز تىلىغا بويسۇندۇرۇپ سارتلار دەپ ئۆزلەشتۈرگەن، — دېدى.

— سارتلار دېگىنى سوغدى تىلىدىكى سۆزمىكى دەپتىكەنمەن، — دېدىم مەن سۆز قىستۇرۇپ، — سودىگەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك.

— غەرب تىلىدا سېرىبسلار دېگەن يىپەك ئېلى دېگەن مەنىنى بېرىدۇ، — دېدى لوئىزا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ.

— دۇرۇست، ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ بۇياقتىن غەربكە يىپەك ئاپىرىپ سېتىلاتتى، — دېدىم مەن ئۆزۈمنىڭ قايسى دەۋردە تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ئۇنۇتۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — قەدىمكى ھىندى يېزىق يادىكارلىقلىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىردە بۇ يەرلىكلەر ھىندىستانغا يىپەك ئاپارغان. قەدىمكى يۇنان خاتىرىلىرىدە يېزىلىشىچە، مىلادىدىن ئاۋۋالقى 3 ـ ئەسىردە بۇ يەرلىكلەر يۇنانغا يىپەك ئېلىپ بارغان.

لوئىزا تۇيدۇرماي يوتامنى چىمدىۋالدى. نېمىنى خاتا قىلغانلىقىمنى ئاڭقىرالماي كېيىمنى توختىتىپ ئەتراپىمدىكىلەرگە سەپسالدىم. ئولتۇرغانلار ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن ھالدا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ بىر ـ بىرىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىشىۋاتاتتى. قىيا ئادەم قۇلىقىمغا پىچىرلىدى:

ــ تولا چاندۇرماڭ، بىز ھازىر دەل شۇ دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز.

ئاۋازىم دەرھال ئۆچتى. بوغۇزۇمغا كەلگەن گەپلەرنى ئىچىمگە يۇتتۇم. ئۆتكەن نۆۋەتتىكى ئاچچىق ساۋاقلار كۆزۈمگە پاللىدە كۆرۈنۈپ ئۆتكەندى.

خۇش چاقچاق ئادەم ئۆزلۈكىدىن پەيدائىي كۆتكۈچى بولۇپ، بىزنى باشقا سورۇن ـ لارنى تاماشا قىلىشقا باشلاپ باردى. توي ئىگىسى بۈگۈن ئوغلاق بەرگەنىكەن، بىز ئوغلاق تارتىلىدىغان دالىغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە چېپىپ يۈرگەن ئاتلار دۈكلەرنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىنى بىر ـ بىرىگە قوشۇپ تۇتاشتۇرۇپ، گۈزەل دالا ئۈستىدە پۇرقىرا ـ ۋاتقان سارغۇچ بۇلۇتلار توپلىرىنى ھاسىل قىلىغانىدى. جىلغىلاردىن يۈپۈرۈلۈپ چىـ قىۋاتقان يۈگۈرۈك مىنگەن يىگىتلەر، ئاتلىق، پىيادە تاماشىچىلار چوڭ كۆلگە قۇيۇ ـ لۇۋاتقان ئېقىنلاردەك بىر مەركەزگە يىغىلىۋاتاتتى. چەۋەندازلارنىڭ تاغنى يۇلۇۋال ـ غۇدەك قۇۋۋەتلىك يىگىتلەر ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاتلارنىڭ يايلىلىرى، قۇي ـ رۇقلىرى تارام ـ تارام ئىدى. غاز بويۇن، ئىنچىكە ئاياغ، يىپەك يايلىلىق بىر نەچچە ئارغىماق باشقا يۈگۈرۈكلەردىن ئالاھىدە سۆلەت بىلەن پەرقلىنىپ ھەۋىسىمنى قوزغىدى.

يىگىرمىدەك ئات ئويناقلاپ مەيدانغا چۈشتى. ئۇلار قاتار تىزىلىپ، توي بېشى ـ نىڭ كەينىدىن تەنتەنىنىڭ باشلىنىش مەركىزىگە كېلىشتى. ئوغلاقچىلارنىڭ دۈيۈر ـ لەپ كېتىۋاتقان دولقۇنلۇق سەپلىرىنى كۆرۈپ، بۇرۇتلىرىم خەت تارتىۋاتقان مەز ـ گىلدە مەن ئوغلاق تارتىشقا چۈشكەن ھاياجانلىق پەيتلەر ئېسىمگە كەلدى. قېنىم قىزىدى. مەنمۇ ئوغلاق تارتىشتا كۆزى ئېچىلغان يىگىتلەردىن ئىدىم. ئوغلاق تار ـ تىشىش سەھرا ھاياتىنىڭ ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان شۇنداق خۇشال بىر جۇشقۇن ـ لۇقى ئىدى. ياشلىق نۇرلىرى چاراقلاپ يانىدىغان بۇنداق سورۇنلار ئۆزىگە قارا ـ ۋاتقان ياش يۈرەكلەرنىڭ ھەر قاندىقىغا ئوت يېقىۋېتەتتى. بىر جايدا تۇرغىنىمچە سورۇنغا قاراپ قېتىپلا قالغان ئوخشايمەن، لوئىزا قولۇمدىن تارتتى. ئەس ـ ھوشۇم ـ غا كېلىپ يېنىمغا قارىسام، قىيا ئادەمنىڭ تەلمۈرگەن كۆزلىرىدىنمۇ ئۇچقۇن چاچـ راۋېتىپتۇ. يىگىتلىك چاغلىرىدىكى تۇيغۇلىرى ئويغانغان، تۇرغۇغان بولسا كېرەك. مېنىڭ قوللىرىمنى ئۇۋۇلاپ، قىزىشىپ تۇرالمايۋاتقانلىقىمنى بايقىغان خۇش چاقچاق ئادەمنىڭ رەھمى كەلدىمۇ ـ قانداق، ئۆزىنىڭ يۈگرۈكىنى ماڭا بەردى:

ــبىر تەلەي سىناپ باقمامسىز.

ــنەدىكىنى، يېقىنراق بېرىپ كۆرۈپ باق دېسىڭىز بولار.

مەن ئىچ ـ ئىچىمدىن خۇشال بولۇپ، سول پۇتۇمنىڭ ئۇچىنى ئۈزەڭگىگە قوي ـ دۇم ـ دە، بىرلا سىلكىنىشتە ئاتقا يېنىككىنە مىندىم. تىزگىنىنى بوشىتىشىمغا يۈگـ رۈك توپقا قاراپ يۈرتۈپ كەتتى. شۇ ئارىدا توي بېشى ئوغلاقنى يەرگە تاشلىغان بولسا كېرەك، ئاتلىقلار كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆرە ـ تۆپە بولۇشۇپ كەتتى. ئاتـ لارمۇ، ئادەملەرمۇ جىددىي سىناق قۇيۇنى ئىچىگە پۈتۈن جاسارىتى بىلەن كىرگەنىـ دى. ئۇلار ئۇنلىغان قوللار تالىشىپ تارتىۋاتقان ئوغلاقنى دەۋر قىلىپ كۆپ قاتلىق دولقۇنلار يۈگكەن زور قاينام ھاسىل قىلدى. تالاي ئاتلار دولقۇن يېرىپ قايناـ مىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرەلمەي ئاۋارە، تالاي چەۋەندازلار ئوغلاققا قول يەتكۈزەلمەي خاپا ئىدى. تىت ـ تىت بولۇۋاتقانلىرىمۇ، نادامەت چېكىۋاتقانلىرىمۇ، غەزەپلىنىۋاتـ

قانلىرىمۇ، ماغدۇرسىزلىنىۋاتقانلىرىمۇ بار ئىدى. بەزىلىرى سىقىپ چىقىرىۋېتىلدى. كاللەكلىشىۋالغان توپنى يېرىپ كىرمەك ئوڭاي ئەمەس ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ھالسىرىشىنى ھەم ئەپلىك ھۇجۇم پەيتىنى كۈتۈپ چەتتىرەك يۈردۈم. تىرەجەش، تىركىشىش بىر ھازا داۋاملاشقاندىن كېيىن، يوغانباش، غوللۇق، تەتۈر ئۇستىخان بىرى ئوغلاقنى تارتىپ تېقىمىغا بېسىۋالغان بولسا كېرەك، ئات قويۇپ غۇژمەكنى يېرىپ چىقىشقا باشلىدى. قاتتىق ئېلىشىشلار ئىچىدە توپ بۆلۈنۈپ كەتتى، غۇژمەك چېچىلدى، يوغانباشنىڭ ئېتى رېزىنكىدەك سوزۇلۇپ ئالدىغا بىراقلا ئېتىلىپ چىقتى. ئۇنىڭغا سايىدەك ئەگىشىپلا چىققان ئۈچ ئاتلىق تېزلا كەينىدە قېلىشقا باشلىدى.

مەن يۈگرۈكىمنىڭ بېشىنى قويۇۋەتتىم. قۇلىقىم تۈۋىدە شامالنىڭ غۇيۇلداپ قانداقتۇر بىر جىددىي مۇزىكىنى چالغىنىنىلا بىلىمەن، يۈگرۈك قاناتلانغاندەك چاپسانلىقتا يوغانباشنىڭ ئېتىغا يېتىشىپ ياندىشىپ باردى. مەن رەقىبىمنىڭ ئۆزىنىڭ ھاسىراپ، ئېتىنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىنىڭ يوغىناپ قالغانلىقىنى بايقىدىم. مېنىڭ ئۆزۈم تېخى تەرلىمىگەنىدىم. ئېتىم ئەمدىلا قىزىشىۋاتاتتى. ئاتلار سىغدىلىشىپ ماڭغاندا ئوغلاققا چاڭ سالدىم. بىراق رەقىبىم ھىيلە ئىشلىتىپ ئوغلاقنى ئاتنىڭ باغرىغا تىقىۋالدى. مەن بۇياقتىن قاتتىق ئېڭىشكەندە، ئۇ ئوغلاقنى ئاتنىڭ باغرى ئارقىلىق ئۇ يېقىغا ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇ ئوغلاق ئېلىپ قېچىشتىكى ناھايىتى چېنىق تەدبىرلەردىن ھېسابلىناتتى. رەقىبىمنىڭ مەيدان كۆرۈپ بېشى پىشقان چەۋەندازلاردىن ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق ئىدى. بۇنداق ئوغلاق سۆڭگۈتۈش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشلاردىمۇ مەن ئىلگىرى خېلى ماھىرلاردىن بولىدىغان. لېكىن، ۋاقىت مەندىكى بۇ چەبدەسلىكنى كۆپ ئۆپرىتىۋەتكەن ئوخشايدۇ. رەقىبىم مېنى بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا چاپتۇرۇپ كولدۇرلىتىپ خېلى تەرلەتتى. لوئىزانىڭمۇ، پۈتۈن مەيداندىكىلەرنىڭمۇ بىزگە قاراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئەخمەق قىلىنىۋاتقانلىقىمدىن كۈلۈۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، ئىززادىن ئۆلگۈدەك، يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. جىددىيلىشىشتىن مۇسكۇللىرىم ئۇيۇشۇپ قالغاندەك، مېڭەم ۋاڭگىدە يېرىلىپ كېتىدىغاندەك بولۇپ كەتتى. نىھايەت، بىر چاغدا ئەپلەپ ئوغلاقنىڭ بىر بۇرجىكىنى قولۇمغا ئىلىندۇرۇۋالدىم. نومۇس ۋە غەزەپ غايىبتىن كۈچ قوشۇپ يولۋاسنىڭكىدەك قىلىنىۋاتقان پەنجىلىرىمدە ئوغلاقنى ئامبۇردەك چىڭ قىسىپ تۇتقان پېتى رەقىبىمنىڭ قولىدىن يۇلۇپ ئېلىپ تېقىمىمغا باستۇردۇم. بىراق، بۇ قۇرغۇر چاققان رەقىب شۇ ئارىلىقتا شەيتاننىڭ ئۆزىدىن ياردەم ئالدىمۇ قانداق، ئوغلاققا يەنە قول تەگكۈزۈپ ئۈلگۈردى. تارتىشىش شىددەتلىك داۋاملاشتى. ھەر ئىككىلىمىز ئىگەرلىرىمىزگە چاپلىشىپ قاتارلىشىپ تارتىشتۇق، بېقىندىشىپ تۇرغان جايىمىزنى ئايلىنىشقا باشلىدۇق. بۇ چاتاق ئەھۋال ئىدى. بۇنداق قارا كۈچتە تەڭ تارتىشىش ياخشى ئاقىۋەتتىن دېرەك بەرمەيتتى. ئاتلىرىمىز ئۈزۈپ چىقالماي، ئۆزلىرىمىز يا بىر بىرىمىزنى يېڭەلمەي، يا تاشلاپ كېتەلمەي ئۇزاقىچە سۆرۈشۈپ تۇرۇپ قالاتتۇق-تە، ئارقىدىكىلەر يېتىشىپ كېلىپ قورشىۋالاتتى. قانداقلا بولسۇن، تىركىشىشنى تېز ھەل قىلىشىم شەرت ئىدى. كۆڭۈل ئاياپ يۇمشاق قوللۇق قىلىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى. قارامىراق تەدبىردىن بىرىگە تەۋەككۇل قىلدىم. ئوغلاقنى ئەتەي تېقىمىمدىن سەل بوشىتىپ، يوغانباشقا بىر ئاز چەقىرىپ بېرىۋېدىم، ئۇ ھالىدىن كەتكۈدەك كۈچەپ تارتتى،

ماناشۇ چاغدا مەن پەملەپ تۇرۇپ بىراقلا چىڭ تارتتىم. بۇنداق كۈتۈلمىگەن تار-
تىشتا خېلى - خېلى چەۋەندازلارمۇ ئۆزىنى ئات ئۈستىدە ئاسانلىقچە تۇتۇپ قالال-
مايتتى. يوغانباشمۇ مەن ئويلىغاندەك ئېتىدىن دومىلاپ كەتتى. ئاستىمدىكى يۈگ-
رۈك ئوقتەك ئۇچتى. بىراق ئارقىدىكىلەردىن بىر نەچچىسى ئالدىمغا ئۆتۈۋېلىشقا
ئۈلگۈرگەنىكەن. يېپىلىپلا كەلدى. قارا كۈچتە تارتىشقا چامام يەتمەسلىكىنى مۆل-
چەرلەپ مەنمۇ ئوغلاقنى ئاتنىڭ باغرىغا يوشۇرۇپ، ئۇ يېقىنىدىن بۇ يېقىنىغا
سۆڭگۈتۈشكە باشلىدىم. ئوغلاقچىلار ئوڭدىن تەگسە سولغا، سولدىن تەگسە ئوڭغا ئۆت-
كۈزۈپ يۈرۈپ، ئەپچىللىك بىلەن ھېچكىمنى يېقىن يولاتمىدىم. ئوغلاقنى قولدىن
چىقارماي خېلى ئۇزاقىچە باردىم. قوغلىغۇچىلار توپىنى تېزلىكتە ئارقىدا قالدۇرۇپ
ئۈزۈپ چىقىشقا باشلىدىم. يۈرەكلىرىم ئويناپ، يېڭىش تەنتەنىسىنىڭ قىزىقچىلىقى
تومۇرلىرىمدىكى قانلىرىمنى ئۇرغۇتۇۋەتتى. لېكىن بايا تىنىدىن بېرى ئېتىنى چاپ-
تۇرماي پەيت كۈتۈپ تۇرغان بىر توپ قوۋ چەۋەندازلار ۋارقىرىشىپ، يېقىنلا جاي-
دىن ماڭا قاراپ ئات سېلىپ قالدى. ئۇلار چارچىمىغان يىگىرۈكلىرىنى ئۈزلۈكسىز دېۋىتىپ
ئۆلگىدەك چاپتۇرۇپ، دالىنى بېشىغا كىيىپ سۈرەن سېلىپ، مېنى قورشاپ كەلدى.
ئىككى تىمەن يىگىت غۇيۇلداپ چاپتۇرۇپ كېلىشكىنىچە ئىككى تەرىپىمدىن سىغ-
داپ مەن بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتى، ئانىچە ئارقىدىكىلەرمۇ يېتىپ كېلىپ
ئوغلاقتا قول سوزدى. ئادەملەر يەنە كالىلەكلىشىپ كەتتى. ھەممىمىز
بىر يەرگە تىقىلىپ قالدۇق. ئاتلار خېلىغىچە بېقىندىشىپ، مەيدىلىشىپ، بىر ئو-
رۇندا تىرەجىشىپ تۇرۇشتى. ئاتلار قىزىشقانىدى، قورساقلىرى ئېسىلغان بولۇپ
ئېغىزدۇرۇقلىرىنى غۇچۇرلىتىپ چاينىشاتتى. چەۋەندازلارنىڭ بولجۇڭ كۆشلىرى كۆ-
پۈپ چىققانىدى. ئۆزلىرى ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ نەپەس ئالاتتى. ئۇزەڭگىلەر بىر
بىرىگە ئۇرۇلۇپ جاراڭلايتتى. ئوغلاقتا قول تەگكۈزەلىگەنلىرى ئانىسىدىن ئەمگەن
سۈتى بۇرنىدىن چىققۇدەك كۈچىنىپ تارتىشاتتى. قول تەگكۈزەلمىگەنلىرى توپنى
چۆگىلەپ مۆرىدەپ قىستاپ ئىچكىرى كىرىشكە ئۇرۇناتتى. ئىگەردىن يۇلۇنۇپ، ئات
يايلىغا يېپىشىپ قالغانلارمۇ، ئات ساغرىسىغا سىيرىلىپ كېتىپ يەرگە دومىلاۋاتقان-
لارمۇ بار ئىدى. ئوغلاقچىلار دولقۇنى بوشاڭلارنى ئۇچۇرۇۋېتەتتى. ئالاق - جالاق
بولغان كۆزلەر، قامچا تېگىپ يول - يول قىزىل، كۆك ئىز قالغان يۈزلەر، سۈرۈلۈپ
قان تەپچىرىگەن پېشانىلەر، قان تۈكۈرۈۋاتقان ئېغىزلار كۆرۈنۈپ قالاتتى. يەرگە
دومىلاۋاتقانلار، ئاتلارنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا قېلىپ كەتكەنلەرمۇ ئۇچرايتتى. يىر-
تىلغان، بۆسۈلگەن كىيىملەر كونا جەڭ تۇغلىرىدەك ھىلپىلدەيتتى. پەرۋەرىم
ئىسسىق، چاڭ - توپا ئىچىدىكى ۋارقىراش - جارقىراشلار ئۆگەنمىگەن ئادەمنىڭ مېڭىسىنى
قوچۇۋېتەتتى. ھېچكىمنىڭ ھېچكىمدىن قالغۇسى كەلمەيتتى. ھەممە جان تىكىپ ئېلى-
شاتتى. ماغدۇرى ئۈزۈلۈپ تەكتىن چىققانلار چەتتە قاراپ تۇرۇشاتتى. توپنىڭ ئوت-
تۇرىسىغا كىرىشكە ئېتىنىڭ قۇدرىتى ياكى ئۆزىنىڭ جۈرئىتى يېتىشمەي ئوغلاقچى-
لارغا سايىدەك ئەگىشىپ، ھە - ھۇ قىلىشىپ بېرىپ، ھەۋەس مەستانىلىقىدا ئاتلىرى-
نى ئۇياقتىن - بۇياقتا يۈرتۈپ يۈرگەن ئاۋارىكەشلەر، پىيادە ۋارقىراپ يۈگۈرۈپ يۈر-
گەن جاپاكەشلەر، چەتتە تاماشا كۆرۈپ جىم تۇرغان ئالىمانمۇ كۆزگە چېلىقاتتى.
ئۇلار بۇ غەۋغا - قىزىقچىلىقتىن مەست ئىدى. دالا گويا ئادەملەرنىڭ ئوپچە ئېلى-

شىدىنغان مەيدانىنغا ئايلانغانىدى. چاڭ ـ توزان قاپلىغان دالىنى ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرى بىلەن چۇقان ـ سۈرەنلەر زىلزىلىگە كەلتۈرەتتى. بۇ بىر توپ چەۋەندازلار ئەپچىل، چەبدەس كەلدىمۇ، ياكى بېشەملىك، زوراۋانلىق قىلدىمۇ ۋە ياكى مېنى ھارغىنلىق، غەپلەت باستىمۇ، ئەيتاۋۇر ئوغلاقنى قانداقسىگە تارتقۇزۇپ قويغانلىقىمنى بىلمەيلا قالدىم. توپ مېنى سىقىپ چەتكە چىقىرىۋېتىپ يەنە بۆلۈندى. سەپتىن ئۈزۈپ چىققان يىگىتنىڭ كەينىدىن ئېقىن سۇدەك قوزغالدى. مەن چاپچىپ تۇرالمايۋاتقان يۈگرۈكىمنىڭ تىزگىنىنى بوشتاي دەۋاتقىنىمدا كۈچلۈك بىر قول كېلىپ يۈگەندىن قاماپ تۇتتى، مەن غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قارىسام قىيا ئادەم ئىكەن، ئۇ يۈگەننى قويۇۋەتمەي ئاتنى يېتەكلەپ، مەيداننىڭ چېتىدە تۇرغان لوئىزانىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار مېنى سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئالدىراتتى. مەن خۇش چاقچاق ئادەمگە رەھمەت ئېيتىپ، يۈگرۈكىنى قايتۇرۇپ بەردىم. ئۇنىڭ ياردىمىدە ھەمراھلىرىمنى يەنە بىردەم ئوغلاق كۆرۈشكە كۆندۈردۈم.

ئوغلاق تارتىشنىڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى ئەتراپتىكى تاماشىچىلارنى زوقلاندۇرۇۋەتكەنىدى. شامال ۋە ئاپتاپتا چىرايلىرى قارىداپ، ئۇسسۇزلۇقتا لەۋلىرى شورلىشىپ گەز باغلاپ كەتكەن چەۋەندازلارنىڭ كۆزىگە ئوغلاقتىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. قىزىپ كەتكەن ئاتلارمۇ، چەۋەندازلارمۇ ئۆز يولىدا ئۇچرىغان ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ كىرىپ كېتىۋېرەتتى ھەتتاكى يەتتە قات دوزاخنىڭ ئىس تۈتەپ تۇرغان دەھشەتلىك ھاڭلىرى ئۇچرىسىمۇ ئويلاپ تۇرمايلا سەكرەشكەن بولاتتى. شۇ ئارىدا بىرىنچى ئوغلاق ئەسكى ياستۇقتەك تىتىلىپ كەتتى. توپا چىراي بولۇپ تەرگە چۆمۈپ كەتكەن ئادەملەر ئوغلاقنىڭ تەڭگىدەك، قوراقتەك پارچىلىرىغا ئېرىشەلىگەنلىكلىرىدىن خۇشاللىناتتى. ئۇنى تەۋەرۈك ھېسابلاپ قويۇنلىرىغا تىقاتتى. توي بېشى يېڭى سۈرسۈر قوزغاش ئۈچۈن ئىككىنچى ئوغلاقنى تاشلىدى. توپنى يېرىپ چىقىپ ئوغلاقنى نىشانغا ئاپىرىپ تاشلىيالىغان چەۋەندازغا بىر ئات بېرىلىدىغان بولدى. بۇ خېلىلا چوڭ مۇكاپات ئىدى. شاۋقۇنلۇق يېڭى غەۋغا بوراندەك گۈركىرەپ باشلاندى. ئەتىدىن بېرىقى ئېلىشىشلارنى نېرىدىن چۆرىدەپ ئاتلىرىنى چارچاتماي ئاساسىي كۈچلىرىنى شۆھرىتى ۋە مەنپەئەتى چوڭ ئاخىرقى تۇتۇشۇشقا ساقلاپ يۈرگەن ھىيلىگەر سەۋرىچانلارمۇ بۇ قېتىم جەڭگە ئاتلاندى. قىقاس ـ سۈرەن، قاتتىق ئېلىشىشلاردىن كېيىن دۇغلاق قارا بىر چەۋەنداز ئوغلاقنى ئېقىملاپ توپنى بۆسۈپ چىقتى. بىراق ئۇزاققا بارالمىدى. ياندىن كەلگەن تەمبەل بىر يىگىت تۈلكىنى قارماللاۋاتقان بۈركۈتتەك سۈرئەت ۋە شىددەتتە يېقىنلىشىپ ئوغلاقنى چاڭگالدى. ئىككى چەۋەنداز چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتلار ئۈستىدە ئېلىشىپ كەتتى. ئارقىدىكىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يېتىشىپ كېلىپ قالدى. تەمبەل يىگىتنىڭ كۈچلۈك پەنجىلىرى رەقىبىنىڭ ئېقىمىدىكى ئوغلاقنى يۇلۇپ ئېلىپ يوتىسىنىڭ ئاستىغا باستى. بىراق ئۇ، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. ئارقىدىن كەلگەن ئېگىز بويلۇق قاتاڭغۇر بىرى ئوغلاقنىڭ بىر تەرىپىدىن تۇتۇپ ئۈلگۈردى. تارتىشىش باشلىنىپ ـ باشلانمايلا بىرنەچچە ئاتلىق ئۇلارنى قورشىۋالدى. يەنە تەرەپ ـ تەرەپتىن

سوزۇلغان قوللار ئوغلاقنى تەرەپ - تەرەپكە تارتتى. ئاخىرى تەمبەل چەۋەنداز ئوغلاقنى يەنە بىر قېتىم تارتىۋېلىپ تېقىمىغا قىستۇردى. ئۇنىڭ ئېتىمۇ ئۆزىدەك چەبدەس ئوخشايدۇ، شامالدەك ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى. يەردىن ئۈنگەندەك ئۇشتۇمتۇتلا پەيدا بولغان بىر- ئىككىسى قىستاپ بېرىپ ئۇنى قېقىپلا دومىلىتىۋېتىشكە ئۇرۇنۇۋېدى، قاقالمىدى. تەمبەل چەۋەنداز ئاتلىقلارنىڭ قورشاۋىنى ئەپسۇن ئوقۇغاندەكلا يېرىپ چىقىپ، ئېتىنىڭ يايلىغا يېپىشقان پېتى مەنزىلگە قاراپ ئوقتەك ئۇچتى. قوغلىغۇچىلار بىلەن بولىغان مۇساپە ئۈزلۈكسىز ئۇزىراشقا باشلىدى.

قىيا ئادەم قولۇمدىن تارتىپ، ئاسماندىكى كۈننى كۆرسەتتى. كۈن قايرىلغان بولۇپ، دىگەر ۋاقتى يېقىنلاپ قالغانىدى. مەن ئۈنچىقماي ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم. بىراق، خۇش چاقچاق ئادەم ئۇنىمىغىنىمىزغا قويماي بىزنى يېڭى ھۇجرىنى كۆرگەچ كېتىڭلار دەپ باشلاپ ماڭدى. شۇ سورۇندىكى تاماشىنى نەزەردىن بىرلا ئۆتكۈزگەندىن كېيىن دەرھال يولغا سېلىپ قويۇشقا ۋەدە بەردى.

بىز كەلگەندە قىز - يىگىت ھۇجرىسىنىڭ ئالدىدا ئادەم مىغىلدايتتى. خۇش چاقچاق ئادەمنىڭ ئېيتىشىچە، چوڭلارغا داستىخان تارتىش، قىز - يىگىتلەرنىڭ ئايرىم - ئايرىم ئولتۇرۇشلىرى تۈگەپ، نىكاھ رەسمىيەتلىرى، قىزنى ئاق كىگىزگە ئوراپ يەردە دومىلىتىش ئادەتلىرى بېجىرىلگەندىن كېيىن، ئاتا - ئانىسى بىلەن يىغلاپ خوشلاشقان قىزنى تۆگىگە ئورنىتىلغان تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشكەنىكەن. بىز يېقىنراق بېرىپ بويۇنداپ يەڭگىلەر ۋە قولداشلارنىڭ قورشىشىدا ھۇجرىغا كىرىۋاتقان قىز - يىگىتكە قاردۇق. ئىشىكنى مەھكەم تاقىۋالغانلا قول ياغلىق ئالغاندىن كېيىن ئېچىپ بەردى. قىز بىلەن يىگىت ئوڭ پۇتلىرىنى ئەمدىلا كۆتۈرۈپ بوسۇغا ئۈستىگە ئېلىپ بېرىشىغا، سول پۇتلىرى تېخى دەسسەپ تۇرۇۋاتقان پايانداز تاۋارنى بوز يىگىتلەر تالىشىپ شۇنداق قاتتىق تارتىشتىكى، قىز - يىگىت ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشكىلى تاس تاماس قالدى. بوز يىگىتلەر، بەزى قىزىقچى ئويۇن چىقىرىشقا ھېرىسمەن ئەر - ئاياللار قىستىشىپ غۇژمەكلىشىپ، تاۋارنى قاتتىق تالاشتى. ئېلىشىپ - چېلىشىپ چىرمىشىپ كېتىشتى. قېيىشتى، كېسىشتى، يىرتىشتى. شۇ ئاردا بىر يىگىتنىڭ قولىنى پىچاق كېسىۋەتتى. بىرىنىڭ كۆڭلىكى يىرتىلىپ كەتتى. ئۇلار بىرەر پارچىدىن يۇلۇۋېلىشقان تاۋاردىن توي سارقىتى، دەپ قويۇنلىرىغا تىقىشتى.

چۇقان - شاۋقۇن بېسىقىپ سەل ئۆتكەندىن كېيىن، ھۇجرىغا بىزمۇ كىردۇق. بۇ چاققانغىنە سېلىنغان چىرايلىق، ياسىداق ئايۋان - ساراي بولۇپ، كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك جاھازىلاردا بېزەلگەن، كەشتىلەردە زىننەتلەنگەنىدى. تۆردە ئاق كىيىمگە ئورالغان ئاق پەرىشتىدەك قىز بىلەن يېڭى ھەشەمەتلىك ئېگىن كىيگەن مالائىكە سۈپەت غەيۇر يىگىت ئۆز قولداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا يانمۇ - يان ئولتۇرۇشاتتى. بۈگۈن ئۇلار گويا ياشلىق تەختىنىڭ خان ۋە خانىشى ئىدى. گويا ۋەزىر، ياساۋۇل، مۇلازىملىرى بولمىش قىز - يىگىتلەر توپى بىلەن بىللە خىلمۇ خىل

www.uyghurkitap.com

رەڭلەر جىلۋىسىدىكى خىيالىي دۇنيادا، شېرىن چۈشتىكىدەك گۈزەللىكنىڭ ئوۋۋا سېھىرلىرى قۇچىقىدا ئولتۇرۇشاتتى. ئايۋان ئىچى ھەرخىل مۇزىكا، ئۇسسۇل، ۋارقىراشلار بىلەن تولغانىدى. چاۋاكلار سادالىرىمۇ بىراقلا ئۇچقان كەپتەرلەر توپىدەك گۈركىرەك ئاۋاز بېرىپ قالاتتى. جام كۆتۈرۈۋالغانلار تەبرىك شارابلىرى ئىچىشەتتى. قويۇق - سۇيۇق تائاملار، ھەرخىل نېمەتلەر داستىخانلارغا ئاخىرى ئۈزۈلمەي كەلتۈرۈلۈپ تۇراتتى. داپنىڭ روشەن بوم ئاۋازىنىڭ تەڭكەشلىكىدىن چېلىنىۋاتقان مۇزىكىلار رىتىملىرىغا كەلتۈرۈپ ئويناۋاتقان ئۇسسۇلچىلار پىرقىرىشاتتى. بىردە نەپىس، بىردە ياڭراق، بىردە مۇڭلۇق، بىردە جۇشقۇن تىترەۋاتقان مۇزىكا ناۋاسى كۆڭۈلنىڭ ئاللىقانداق پىنھان، نازۇك جايلىرىنى غىدىقلايتتى. لەرزىگە سالاتتى. جاننى چاقىرىپ نېمىگىدۇر ئالدىرىتاتتى. ئۇسسۇلچىلارنىڭ تولغىنىشلىرى، يورغىلاشلىرى ئادەم ۋۇجۇدىنى زىرىلدىتەتتى، ئېرىتىۋېتەتتى. ئويۇن ئۈزۈلۈكسىز قىزىپ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ باراتتى. ئادەملەر توپى قىزارغان تاڭدىكى مەيىن شامالدا ئويناقلىغان سايرام كۆلىنىڭ رەڭدار سۈيىدەك كۆڭۈللۈك چايقىلاتتى. ھېچكىمنىڭ كاللىسى سەگەك ئەمەس، ھەممە باشلار سېھىرلەنگەندەك قايغان، ئەس - ھوشىدىن ئايرىلغاندەك گاراڭلاشقان، گاللاشقانىدى. ئىشىك ئالدىدىكى سۇنايلار ياڭراپ، دۇمباقلار گۈمبۈرلەيدى.

قىز - يىگىتكە سالام بەجا كەلتۈرگىنىمىزدىن كېيىن جام كۆتۈرگەنلەر بىزگە يېپىشتى. ئۇنىمىغىنىمىزغا قويماي ئاز - تولىدىن ئىچكۈزۈشتى. ئۈزۈم شارابى تاتلىق، قىمىز چۈچۈمەل بولۇپ، بىردىنلا جانلىرىمىزغا راھەت بېغىشلىغاندەك بولدى. بىز قىزىپ بۇ يەردە ئولتۇرۇپ قېلىشتىن قورقۇپ يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، سورۇندىن ئاران سۇغۇرۇلۇپ چىقتۇق. خۇش چاقچاق ئادەم بىزنى قىيا رەسىملىرى بار تاغ ئارىسىغا ئاپىرىپ قويماقچى بولۇۋېدى، بىز شاۋ - شۇۋنى، باش ئاغرىقلىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىپ رەت قىلدۇق.

— مۇشۇ داۋاننىڭ كەينىگە ئۆتسەڭلار يېتىپ بارىسىلەر، — دېدى خۇش چاقچاق ئادەم نائىلاج شۇ يەردە توختاپ قېلىشقا مەجبۇر بولۇپ، — بۇ يولدا شۇ ياقىنكى قۇتلۇق بۇلاقتىن مۇقەددەس سۇ ئالغىلى بارىدىغانلار ئۇچراپ قالىدۇ.

بىز كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن يولىمىزغا راۋان بولدۇق. كۈمۈشقىز بىلەن خوشلىشالمىغىنىمىز ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى، بىراق بىر ھېسابتا ئۇنىڭ بىلمەي قالغىنىمۇ تۈزۈك. چۈنكى ئۇ ئەگەشسە رەت قىلماق قىيىن ئىدى.

ھارۋا چاقلىرى چوڭقۇر ئىزلار قالدۇرغان يول بىزنى تۆپىلىككە ئېلىپ چىقىشقا باشلىدى. مەيىن شامال ئەتراپتىن بۇغداي ۋە ئەمەن پۇراقلىرىنى ئېلىپ كېلەتتى. يولدا ئاندا - ساندا ئادەملەر ئۇچراپ تۇردى. داۋاننى ئەگىيدىغان ئەگمىدىكى چاتقاللىق جىلغىلاردىن بۇلبۇللارنىڭ چاڭقىلداپ سايراۋاتقان ئۈنلىرى كەلدى. دىماغقا چۆپ ۋە مامكاپ پۇرىقى ئۇرۇلدى. يەنە بىر ئەگمىگە يېقىنلاشقىنىمىزدا ئۇدۇلدىن ئات ھارۋىلىق بىر توپ ئادەم چىقىپ كەلدى. بىزنى كۆرۈپ

ئالدىدىكى ھارۋىدىن قامچا بويلۇق چاقىقان بىر قىز سەكرەپ يەرگە چۈشۈپ، بىزگە قاراپ قويۇندەك يوگۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. يوگۇرۇشىدىنلا مەن ئۇنىڭ كومۇشقىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالدىم. ئۇ نېرىدىنلا ۋارقىردى:

ــ قەيسەر!

لوئىزا بىر ئەندىكىپ ماڭا قاراپ قويدى. كومۇشقىز يېنىمىزغا كېلە ـ كەلمەيلا بىزنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ توينى تاشلاپ چىققانلىقىمىزغا كايىپ كەتتى. ئوغقىنى ئۇنى مۇشۇ يۆنىلىشتىكى قوشنا بىر بازاردىن ئۇزۇق ـ تۈلوك ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئىكەن. ئۇ ئۆز كارۋىنىنى يولغا سېلىۋېتىپ بىز بىلەن بىللە ماڭىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تەڭقىسلىقتا ھاڭۋېقىپ قالغىنىمدا لوئىزا چىرايلىقچە، لېكىن كەسكىن رەت قىلىۋەتتى: كومۇشقىز ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى قېقىپ ماڭا مۆلدۈرلەپ قارىدى. مەن ئۇنىڭ قاراڭغۇ كېچىدەك قاپقارا قارىچۇقلىرىدىكى مەندىن يادىم، سۆيگۈ سوزاپ، يۇلتۇزلاردەك چاراقلاپ چاقناۋاتقان ئۇچقۇنلاردىن نەزەرىمنى قاچۇرۇپ يەرگە قارىۋالدىم. ئۇ مېنى سوغۇق قان ھايۋان ياكى نامەرد دەپ ئويلىغاندۇر، بەلكىم. بىراق مەندە باشقا ئامال يوق ئىدى. ئۇنىڭ يالقۇنلاپ تۇرغان مۇھەببىتىگە جاۋاب بېرەلمەيتتىم. مېنىڭ قەلبىمدە لوئىزا بار ئىدى. قىيا ئادەم قايتىپ كېتىشكە ئۈندەپ كومۇشقىز بىلەن بىر مۇنچە سۆزلەشتى. مەن لوئىزاغا پاراڭ قىلغان بولۇپ تۇرۇۋالدىم. شۇنداقتىمۇ كۆزلىرىم ئىختىيارىمدىن تاشقىرى ئۇتىڭغا بىرنەچچە قېتىم ئوغرىلىقچە قاراپ ئولگۇردى. كومۇشقىزنىڭ چىرايى مەيۇس، سولغۇن ئىدى. روھىي ئازاب تارتىۋاتقانلىقى، ئىچكى دۇنياسىدا كۈرەش بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. نىھايەت، بىز تەشەككۈر ئېيتىپ، يەنە كېلىپ تۇرۇشقا ۋەدە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتۇق. ئۇ لوئىزا بىلەن ئۇزاق قۇچاقلاشتى، ماڭا بولسا قولىنىڭ ئۇچىنى ئارانلا بەردى.

ــ شۇ ئەگىمىدىن ئۆتسەڭلار، ــ دېدى كومۇشقىز ئۇشتۇمتۇت ئالدى تەرەپنى ئىما قىلىپ، ــ قىيا رەسىملىرىنىڭ ماكانى باشلىنىدۇ.

ئۇ زورىغا كۈلۈمسىرەپ بىزگە ئاق يول تىلەپ قول پۇلاڭلاتتى. بىر نەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن بېشىمنى ئىختىيارسىز ئارقامغا بۇراپ قاراپ، مەن ئۇنىڭ كىرپىكلىرىدە قىياققا قونغان سەھەرنىڭ سۈزۈك شەبنەم ئۈنچىلىرىدەك ئېسىلىپ تۇرغان كۆز ياش تامچىلىرىنى كۆردۈم. يۈرىكىمنىڭ بىر يېرى ئېچىشقاندەك بولدى. بېشىمنى ساڭگىلىتىپ ئۈنچىقماي مېڭىشنى داۋاملاشتۇردۇم. تاكى ئەگمىگە بارغاندا ئۆزۈممۇ تۇيماي يەنە كەينىمگە قاراپ سالدىم. كومۇشقىز تېخىچە ئۆز جايىدا قىمىر قىلماي تۇراتتى. ئۇ ماڭا تېزلىكتە بىزدىن يىراقلاپ ئۇپۇق سىزىقىغا بېرىپ توختىغاندەك، شۇ يەردە سۇمباتلىق ھەيكەل بولۇپ قېتىپ تۇرۇپ قالغاندەك كۆرۈندى. مەن ھەممىنى ئۇنتۇپ، قولۇمنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىۋەتتىم:

ــ كومۇشقىز، تەڭرى سىزگە يار بولغاي!

ئوچۇقچىلىققا چىقىشىمىز بىلەنلا بىز تەلتۆكۈس كېلىۋاتقان مەنزىلگاھ

مۆكۈنۈۋالغان جانان تۈيۇقسىز قاقاقلاپ كۈلۈپ دالدىدىن چىقىپ كەلگەندەك، بىردىنلا ئۆزىنى كۆرسىتىپ، قۇچىقىنى كەڭ ئاچتى. قىيا تاش رەسىملىرى چېكىلگەن سىرلىق تاغ ئۆزىنىڭ ئۆزگىرىشچان گەۋدىسىنى قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرىدا بىغىر رەڭگە كىرگۈزۈپ تاۋلاندۇرۇپ، كۆز ئالدىمىزدا يىراقلارغا سوزۇلۇپ يانپاشلاپ ياتاتتى. ئەتراپتىكى يۇمران چۆپلۈك يايلاق تەڭرى ئۇنىڭ ئاستىغا سېلىپ بەرگەن ھېكمەتلىك رەڭدار گىلەمدەك كۆرۈنەتتى، يەر بېتىدە ئېرىتىلگەن ئالتۇننىڭ سۈيى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن جىلۋىلىك دېڭىز تاۋلىناتتى. ئەپسۇسكى ئارىلاشتۇرۇلغاندا رەڭنىڭ تەكشى تەڭشىلىشىگە ئانچە ئېتىبار بېرىلمەي قالغانىدى. كۆككۈچ، قىزغۇچ، سارغۇچ، سۆسۈن رەڭلەردىكى تورلۇك - تۇمەن دالا گۈللىرى قويۇق ئۆسكەن گىياھلار بىلەن بىللە شامالنىڭ يېنىك كۈيلىرىگە تەڭكەش بولۇپ بەل ئېگىپ، باش لىڭشىتىپ تەزىمدىن توختىمايتتى. مامكاپلار ئاپتاپتىن ئۆركۈيدىغان نازىنىن قىزلار-دەك كۈنلۈكلەر كۆتۈرسە، چىنىگۈللەر سىرداشلىرى بولمىش ھەسەل ھەرىلىرىگە ئالتۇن قەندەللەردە شىرنىلەرنى تۇتاتتى. ياۋا قىزىلگۈللەر بۇلبۇللار پۇرىسۇن ئۈچۈن ھاۋاغا خۇش بۇي ئەتىر چاچاتتى. يوپۇرماقلار بۇ ھاياتنى، بۇ مۇھەببەتنى ئالقىشلاپ چاۋاك چالاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوغداپ يانتاق - خوخىلار لەيزە پارقىراتسا، قىياقلار يەرگە قىلىچ تىكلىشەتتى. ئادەمنىڭ تىزىدىن ئاشقىدەك ئېگىز ئۆسكەن قېلىن ئوت - چۆپلەر جىلغا ۋە قاپتاللارنى تۇتاش يېپىلىپ قاپلىۋالغان بولۇپ، ئۆزىدە دولقۇننىڭ جاسارىتىنى، كەشتىنىڭ، بەلكى زىلچىنىڭ ۋە بەلكى تاگدىكى تىپتىنچ ئاسماننىڭ كۆپكۆك جىمىرلىشىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ھاۋادىن تورلۇك قۇشلارنىڭ ناۋالىرى ئاڭلىناتتى. بىر كەكلىك چۆپلەر ئارىسىدىن غاقىلداپ تىك ئۇچار ئايروپىلاندەك قولاشمىغان ھەرىكەتتە ئاستا كۆتۈرۈلدى - دە، ھاۋانىڭ يېشىل دولقۇنىنى يېرىپ ئۆتۈپ، لەيلەپ بېرىپ يەنە چۆپلەر ئارىسىغا چۆشتى. كىرپىك قاققۇدەك ۋاقىت ئۆتە - ئۆتمەيلا تۇتاش سوزۇلغان بىغىرەڭ دۆڭلەردىن تەركىب تاپقان تاغ گەۋدىسى كەڭ دېڭىزدىكى كۆۋەجىگەن ياللىراق دولقۇنلار ئېچىدە ئېگىز - پەس بولۇپ چوقچىيىپ تۇرغان خادا تاشلار قاتارلىرىنى ئەسلىتىپ قالدى. يەنە بىردەمدىن كېيىن، چىمەنلىكتىكى قەدىمكى قورغانلار-قەلئەلەر توپلىرىغا ئۆزگىرىپ، ھەيۋەتلىك تۇرلارنى، مۇنارلارنى پەيدا قىلدى، يەنە بىر قارىغاندا بولسا، بەجايىكى ئەنبىيالارنىڭ ھېكمەتلىك خىيابان باغلىرىغا ئوخشاپ قالدى، ئۇ يەردە جەننەتنىڭ ھەممە خىسلىتى باردەك ئىدى. بۇنداق ئاجايىپ تەبىئىي مەنزىرە بولۇپمۇ لوئىزاغا بىرخىل يېشىمى مۈشكۈل تىلسىماتتەك تۇيۇلۇپ كەتتى، قەلبىنى بىراقلا ئەسىر قىلىۋالدى. ئۇ ئاسماندا قىمىر قىلماي تۇرۇۋاتقان تاغ بۈركۈتىگە قارىدى. بۈركۈت قۇۋۋەتلىك، يوغان قاناتلىرىنى كېرىپ، ئۆتكۈر كۆزلىرىنى يەرگە تىككەنىدى. ئاڭ ئىزدەۋاتقاندۇر بەلكىم، ئاللىقاچان نىشانلاپ بولغان ئاڭنىڭ ئۈستىگە ئوقتەك ئېتىلاي، چاقماقتەك چۈشەي، دەۋاتقاندۇ دېگەن خىيال كۆڭلۈمدىن كەچتى. لوئىزا يالماۋۇزلارنىڭ تەن تۇزۇلۇشىدەك غەلىتە،

كۆمۈرۈلگەن ئايۋان - سارايلارنىڭ پۈچۈق تام، ئەسكى تۈۋرۈكلىرىدەك دىڭگىيىپ، چوقچىيىپ تۇرغان قىيا تاشلارغا، تىك چوققىلارغا قارىدى. ئۇلارنى بىزگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ئۇ يەرلەر خىزىر مۇئەككەللەرنىڭ ھېكمەتلىك سارايلىرى بولسا كېرەك، بەلكى ئۇلار ھازىر شۇ يەردىن بىزگە قاراپ تۇرۇۋاتقاندۇ، دېدى. تۆپىلىكلەرنىڭ گورىزونتال ھالەتتىكى يېيىلىشى، بىر - بىرىگە مىنگەشتۇرۇپ، قاتمۇ قات قىلىپ ياساپ قوپۇرۇلغاندەك كۆرۈنۈش شەكىللەندۈرۈشى ئۇنى ئويغا سالدى. بەزى دۆڭلەر تاجگۈل رەڭگىگە كىرگەن بولۇپ، ئېگىز - پەس ھالەتتە سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئەسلىدە بۇلار قەدىمكى ئويمانلىق چۆكمىلىرى بولسا كېرەك. قۇم، سېغىز توپا، لاتقا جىنسلار تاغ جىنسلىرىنىڭ ئاساسىي تەركىبىنى، قورام تاش بولسا ئازراق قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ قۇرۇلمىنى شەكىللەندۈرۈپ تۇرغان ئوخشاشمىغان تاغ جىنسلىرى قاتلاملىرىنىڭ كۆپىنچىسى بوشراق بولۇپ، زىچ بىرىكمىلىك ئەمەس ئىدى. زەيگە - نەملىككە بەرداشلىق بېرەلىشىنى قىياس قىلماق قىيىن ئىدى. خاراكتېرى، چىداملىقى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن كۆرسىتىلگەن يىللارنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنىڭ خىسلەتلىك پىچاقلىرى قۇدرىتىدە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يەردىن ئۆسۈپ چىقىپ كۆپۈپ تۇرغان مەزمۇت تۈۋرۈكلەرگە، بەزىلىرى ئويمات ئىشىك، دېرىزىلەرگە، بەزىلىرى زۇمرەت دېڭىزدا لەيلەپ ئۈزۈۋاتقان كىت، لەھەڭلەرگە ئوخشاپ قالغانىدى. يىراقتىن قارىغاندا، كىشىگە تەڭرى تاغلىرى ئىچىدىكى بىر كۆرۈنۈپ، بىر يوقىلىپ تۇرىدىغان قەدىمكى تىلسىم تەڭرى شەھىرىدەك، ئۇرۇشقا ئالدىراش كېتىۋاتقان ھەربىي پاراخوتلار توپلىرىدەك سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. بۇ تەبىئەتنىڭ كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان مۆجىزىسى، ھېسسىيات تۇغىنىنى پارتلىتىدىغان نۇرغا ئىگە نادىر ئەسىرى ئىدى. ھەر قانچە ئويلاپمۇ مەن بۇلارنىڭ زەي ۋە شامال ماھارىتىنىڭ كارامىتى ئىكەنلىكىگە ئۆزۈمنى ئىشەندۈرەلمىدىم.

— بۇلار راستىنلا ھېكمەتلىك قوللاردا سېلىنغان ھەشەمەتلىك ئوردا - سارايلارغا، قەۋەتلىك ئىمارەتلەرگە ئوخشايدىكەن. ھازىرقى يەرلىكلەر بۇ يەرنى بىكارغا پارىژ ئىمارەتلىكى، دەپ ئاتىمىغان ئىكەن - دە، — دېدىم مەن خۇددى ئۆز - ئۆزۈمگە سۆزلەۋاتقاندەك ئاھاڭدا، ئەمەلىيەتتىمۇ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋاتقان ياكى پىكىر قويۇۋاتقانلىقىم ئۆزۈمگىمۇ ئېنىق ئەمەس ئىدى، — بۇ يەرگە پەرىشتىلەرنىڭ ياكى ئالەم ئادەملىرىنىڭ قولى تەگكەن بولمىغىيدى.

— بۇ يەردىكىلەرمۇ پارىژنى ھۆرمەتلەيدىكەن - دە، — دېدى لوئىزا ھەيران بولغاندەك قەلەم قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، — مەن تېخى فرانسۇز قىزلىرىنى ياخشى كۆرگەن ئادەملەرلا ئۇ شەھەرنى چوڭ بىلىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

ھەممىمىز كۈلۈۋەتتۇق. بىز ئۆزلىرى بىلەن تەڭ ياشايدىغان ئۆمۈرلۈك ناخشىلىرىدا بۇ يەرنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرىنى ھارماي سۆزلەپ جىلغىدا توختىماي ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرىنىڭ بويىغا باردۇق. زىلال ئېقىن ئالتۇن ئۆركەشلىرىنى يالتىرىتىپ چاچلىرىنى يايغان شوخ قىزدەك كۈلۈمسىرەپ باش ئېگىشتىپ ئاقاتتى. ئۇنىڭ

چۆللۈكنىڭ قىيپاش قاپتىلىغا تۇتىشىدىغان قىرغىقىدا قېلىن چاتقاللار ئۆسكەنىدى. سۇ مۇزدىكىسىنىڭ ئۇدارى تېز بولۇپ، بۇرەكنى ئاللىقانداق ئويناتاتتى. لوئىزا چاڭقىغان چۆل كېيىكلىرىدەك ئىككى تاقلاپ سۇ بويىغا باردى-دە، قولىرىنى سوزۇپ، سالقىن تاغ سۈيىگە چىلىدى. خۇش ياقتى بولغاي، كېچىك بالىدەك سۇنى شاپىلدىتىپ ئوينىدى. قاقاقلاپ كۈلدى. قول ياغلىقىنى چىقىرىپ يۈيۈشقا كىرىشتى. قىيا ئادەم ئىككىمىزمۇ سۇ بويىدا چاپانلىرىمىزنى يەشتۇق. ھالا شۇ چاغدىلا مەن بەدىنىمدىن ئاتىنىڭ، ئوغلاقنىڭ، قىمىز ۋە شارابنىڭ، تەرنىڭ ھىدلىرى قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل قاڭسىق پۇراق تارقىلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. خىجاللىقتىن بېتىم چىمىلدىغاندەك بولدى. دەرھال ئىگىنىمنى يېشىپ، ئاياغلىرىمنى سېلىپ بىر ياقىغا چۆرۈدۈم-دە، مايكا، ئىشتانچاق ھالدا سۇغا كىردىم. ئېقىننىڭ ئوتتۇرىسىغا توختاپ باش-كۆزۈمنى يۇيۇش ئۈچۈن ئېڭىشىپ ئوچۇملاپ سۇ ئالدىم. بىردىنلا ئۇستۇمگە يامغۇر يېغىپ كەتتى. سوغۇق تامچىلار ھارغىن، مەينەت بەدىنىمگە خۇش ياقىنى بىلەن قاتتىق ئەندىكتۈرەتتى. مەن ئالاقزادە بولۇپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىمغا قارىدىم. لوئىزا بىر پۇتىنى قاشقا، يەنە بىر پۇتىنى سۇدىن چىقىپ تۇرغان تاشقا قويۇۋېلىپ ئېڭىشكەن پېتى ھەددىپ ماڭا سۇ چېچىۋاتاتتى. ئۇ مېنىڭ چۆچۈپ ئېگىرقاپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ يامغۇرنى كۆچەيتكەچ پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قارىتىپ سۇ چاچتىم. ئۇ ۋارقىراپ قاشتىكى سۇ يەتمىگۈدەك جايغىچە قاچتى. ئەمدىلا يۈيۈنۈشقا باشلىشىمغا ئۇ يەنە قاش لېۋىگە كېلىپ مېنى يامغۇرغا تۇتتى. مەن ئۇنىڭغا سۇ چاچقاچ كەينىمگە — ئۇنىڭ يامغۇرى يېتەلمەيدىغان يەرگىچە شوخشۇدۇم. ئۇ سۇغا كىرمىدى، يىراق ئەتراپىمغا تاش ئېتىپ سۇ چاچرىتىپ، ئۈستىبېشىمنى ھۆل قىلىۋەتكىلى تۇردى. مەن ھاپىلا-شاپىلا بېشىمنى سۇغا تىقتىم. تاكى نېرىراقتا يۈز-كۆزىنى يۇيۇۋاتقان قىيا ئادەم بىزنى ئالدىراتقانغىچە لوئىزا چاقچىقىنى توختاتمىدى.

قوڭۇر تۆپىلىكلەر چېتىلمىسىدىن شەكىللەنگەن بۇ تاغ ئۇزۇنغا سوزۇلغان قورۇقتاغ ئىدى. ئۇنىڭ قىياپىتىمۇ، رەڭگىمۇ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇراتتىكەن. قىياش نۇرى بۇلۇڭ-گىرادۇسىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدىكى سېھىرلىك كارامىتىدىن شۇنداق ھادىسە روي بېرىپ تۇرىدىغاندۇر، بەلكىم، لېكىن قورۇقتاغنىڭ ئاستىدا، ئۇنىڭ قورام تاشتىن تۈزۈلگەن تاقىر باغرىنى يېرىپ بىر يىغلاڭغۇ بۇلاق — كۆز ياش بۇلىقىنىڭ پارقىراپ ئاخىرى ئۈزۈلمەيدىغان سۇ چىقىرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىزمۇ تەبىئەتنىڭ ماھارىتىگە يەنە بىر قېتىم قول قويماي تۇرالمىدۇق. خۇش چاقچاق ئادەم ئېيتقان «ئەۋلىيا بۇلىقى» نىڭ شۇ ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى. بىر-ئىككى كىشى ئۇ يەردىن سۇ ئېلىۋاتاتتى. قاغجىراق تاشنى يېرىپ كەۋسەردەك سۇ چىقىۋاتقا-نلىقىنى كۆرگەن يەرلىك ئادەملەر ئۆز ۋاقتىدا تەڭرىنىڭ ھېكمىتىگە، تىلسىمىنىڭ قۇدرىتىگە تەھسىن ئوقۇپ، ئۇنىڭغا شۇنداق مۇقەددەس نام قويغان بولسا كېرەك، دەرۋەقە، ئۇنىڭدىن شەبنەمدەك، كۆز ياشتەك سۈزۈك، مەرۋايىتتەك، زەمزەمدەك

قىممەتلىك سۇ كېچە - كۈندۈز يالتىراپ چىقىپ تۇراتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەۋلىيا - ئەنبىيالار چاڭقىغاندا ئىنسان كۆزىگە كۆرۈنمەي ئۇچۇپ كېلىپ مۇشۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچىپ كېتەرمىش. ئورمانلارغا، يايلاقلارغا ھەتتا قۇم بارخانلىرى تىزمىلىرىنى ياساپ، چۇۋۇپ ئويناپ كۆككۆل ئاچىدىغان قۇملۇقلارنىڭ قۇملىرىغا تۇتاشقان دەھشەتلىك ئوت يالقۇنلىرىنىمۇ قاپاقلىرىغا توشقۇزۇۋېلىشقان ئاشۇ مۇقەددەس سۇدىن ئېغىزلىرىغا ئېلىپ بىرلا پۈركۈپ ئۆچۈرۈۋالارمىش.

«ئەۋلىيا بۇلىقى» غەلىتە تاشلار ئوڭغۇل - دوڭغۇل ھالەتتە چوقچىيىپ تۇرغان قىيالىقتىكى ئۆڭكۈرگە ئوخشايدىغان جايغا جايلاشقانىدى. بۇ ئۆڭكۈرنىڭ سىرتقى قىسمى گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن بولۇپ، تورۇسى مۇدۇر - چوقۇر يۈزلۈك گۈمبەزگە ئوخشاپ ئېسىلىپ تۇراتتى. ئەۋلىيالار بۇ يەرگە خاسىيەتلىك قىلىچ ئۇرغان بولسا كېرەك، تورۇسىنى 30 — 40 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر يېرىق ئىچىدىن تېشىپ غىچە قىيپاش شەكىلدە كېسىپ ئۆتكەنىدى. بۇ تاش يېرىقتىن سۈپسۈزۈك، تاتلىق بۇلاق سۈيى يىل بويى ئاستا، لېكىن رىتىملىق تامچىلاپ تۇراتتى. تامچە ئاۋازى نېمىنىدۇر مۇڭلۇق، لەرزان بىر خىل ئاھاڭدا ئىچ - ئىچىدىن تىترەپ سۆزلەيدۇ، يىغلايدۇ، كۈيلەيدۇ، ھارمايدۇ، قانمايدۇ. كىم بىلىدۇ، ئۇ بەلكى ئەلمىساقتىن بېرى شۇنداق جان - جانىۋارلارنىڭ تىرىكچىلىك ھەلەكچىلىكلىرى، قايغۇ - خۇشاللىقلىرىنى، ھاياتنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاقىۋەتلىرىنى، تەقدىرنىڭ ئېنىقسىزلىقلىرى، بېشارەتلىرى، ۋەدە - پەيمانلىرى، ۋاپاسىز، تۇراقسىزلىقلىرىنى، كۈلكىلىرى، غەزەپلىرىنى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ كېلىۋاتقاندۇر، ياكى بۇ دۇنيا بىلەن ئۇ دۇنيانىڭ سېلىشتۇرمىلىرى، چەك - چېگرا ھېكمەتلىرى، كۆرۈنمەس تۆمۈر قانۇنىيەتلىرى، يېشىلمەس تۈگۈنلىرى، تۈگىمەس سىرلىرى، تىلسىملىرى، سېھىرلىرىنى بايان قىلىپ كۈيلەپ بېرىۋاتقاندۇ. ئامال قانچە، چۈشەنمەك مۈشكۈل. تامچىلار تاشقا ئۇرۇلغاندا چىقىدىغان سۇ چاچرانىدىلىرى بىر توپ سىنابقا، بېھېساب ئۈنچە - مەرۋايىتقا ئوخشاپ تۆت ئەتراپقا چېچىلاتتى. كۆرمىگىلىغان يىللاردىن بۇيان سۇ مۇشۇنداق ئۈزۈلمەي تامچىلاپ كېلىۋاتقاچقا، ئۆڭكۈر تورۇسى ۋە يېرىقلاردىن مۇخ ئۆسۈپ، ياپيېشىل بەرقۇت بەلباغ توقۇپ چىققانىدى. بىر جۈپ قىز - يىگىت بىر سوغىدا سۇ كۆتۈرۈپ قايتماقچى بولۇشۇۋاتقانىكەن، بىز ئۇلارغا سالام بەردۇق، بىر ئىككى ئېغىز پاراڭمۇ قىلىشىپ قالدۇق.

— بۇ سۇنى نېمە قىلىسىلەر؟

ئۇلار ھەيران بولۇپ بىر بىرىگە قاراشتى، يىگىت سوغىنى يەرگە قويۇپ جاۋاب بەردى:

— سىلەر سىرتتىن كەلگەن ئوخشىمامسىلەر، بولمىسا بۇ بۇلاق سۈيىنىڭ خاسىيەتلىك سۇ ئىكەنلىكىنى بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئۈچ ياشلىق باللارمۇ بىلىدۇ.

— ئۇنى ئىچكەنلەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ، — دېدى قىز مۇلايىملىق بىلەن، ئۇ يىگىتنىڭ تەلەپپۇزىدىكى قوپاللىقتىن خىجىل بولغان بولسا كېرەك، — ئۇنى ئەۋلىيا سۈيى، تەڭرى سۈيى دەپ ئاتايمىز. ئۇ ئاغرىق - سىلاقلارنى، بەختسىزلىكلەرنى

www.uyghurkitap.com

ئېرى قوغلايدۇ، ئۇ بار ئۆيگە جىن ـ ئىنس كىرەلمەيدۇ.

ھازىرقى زاماندىمۇ بۇ يەردىكى يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدا بۇ بۇلاقنى «مۇقەددەس سۇ»، «تەڭرى سۈيى» دەيدىغانلار بارلىقى ئېسىمگە چۈشتى. لېكىن بۇ ھەقتە زۇۋان سۈرمىدىم. ئۇلارنىڭ كەيپىگە ماسلىشىپ سوئال سورىدىم:

— ھەر كۈنى بۇ يەردىن سۇ ئالغىلى كېلىدىغانلار نۇرغۇنمۇ؟

— ياق، — دېدى يىگىت بېشىنى چايقاپ، — سوغىنى شۇ يەرگە قويۇپ قويسا يېرىم كۈندە ئاران توشىدىغان تۇرسا.

—بۇ يەرگە چىقىدىغان چىغىر تاغ يولىدا مېڭىشقا يۈرەك چىدىسا بولىدۇ،— دېدى قىز، — ماڭدامدا بىر خەتەر مارىلاپ تۇرىدۇ.

مەن كەينىمگە بۇرۇلۇپ ھازىرلا ئۆزىمىز كەلگەن تەرەپكە قارىدىم. ئۇ يەردە دەسسىگەندە گۈمۈرۈلۈپ كېتىدىغان جايلار، قىيپاش كۆرۈنىدىغان تىكلىكلەردىكى خەۋپلەر بىلەن تولغان ئىنچىكە بىر چىغىر يول ئارغامچىدەك ئەگرى-بۈگرى بولۇپ پەسكە ساڭگىلاپ تۇراتتى.

بىز سۇغا كەلگەن قىز ـ يىگىت بىلەن بىللە ئۆڭكۈردىن چىقتۇق. قىيا ئادەم سوغىنى بىر قولىدا كۆتۈرۈۋالدى. قىيا تاش رەسىملىرى سىزىلغان تاقىر قوڭۇر تاشلىق بۇ قاقاس تاغ قەددىنى ئىككى ـ ئۈچ يۈز مېتر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈپ غەربىي شىمال تەرەپتىن كېلىدىغان سوغۇق ئېقىمنى تەبىئىي توسۇق سۈپىتىدە توسۇپ تۇرىدىكەن. بۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى، ھايات شارائىتى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى سوئاللىرىمىزغا ھېلىقى قىز ـ يىگىت قىسقا، لېكىن قانائەتلىنەرلىك جاۋابلارنى بەردى. ئۇلار شىۋىرغان يىگىنە قۇيۇنلىرىنى ئويناتتىدىغان قىش كۈنلىرىدىمۇ تاغ ئالدىدىكى كۈنگەي تۆپىلىك، ئەگمە ۋە جىلغا قاسناقلىرىدىكى بولۇق ئوت ـ چۆپلەرنى قارنىڭ ئاپئاق خرۇستال كىگىزى يېپىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، قوي ـ كالا پادىلىرى ئۇزۇن قىشتىن ئوت ـ چۆپكە غەمسىز تويۇنۇپ چىقىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىپ بەردى. شۇ ئارىدا بىر توپ ئادەملەرگە دۇچ كەلدۇق. يىگىت ـ قىزنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار رىم، يۇنان، مىسىرلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر بولۇپ، بىزگە ئوخشاش قىزىقىپ بۇ يەرنى ساياھەت قىلىشىۋاتقانىكەن. ئۇلار ھەر بىر نەرسىگە چوڭقۇر قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بىرەر پالاكەت تېرىۋالماسلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، بىز ئۇلاردىن ئايرىلىپ قېلىپ ماڭماقچى بولدۇق. ئۇنىڭغىچە قىز ـ يىگىتمۇ قىيا ئادەمگە رەھمەت ئېيتىپ سوغىنى ئېلىپ، بىز بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. بىز قەدەملىرىمىزنى ئىتتىكلەتمەي، سەيلە مېڭىشىدا مېڭىپ ئەتراپتىكى مۆھتەتىن ھوزۇر ئالدۇق. قىيا تاش رەسىملىرى ئالدىدىكى كۈنگەي تۆپىلىكتە ئاپتاپ سۇنۇشقا تولىمۇ ئەپلىك ئىكەن. ئالتۇن ئاپتاپ، ئىللىق ساپ ھاۋا، رىۋايەت تۇسىگەباي ئاجايىپ جىلغا، ئوتلاقلار، تۈگىمەس چۆپ بايلىقلىرى، گىياھ دارىمىغان قاغجىراق كۆيۈك تاغنىڭ چاكىلداپ يېرىلغان يۈرىكىدىن كۆز ياشتەك تامچىلاۋاتقان ھاياتلىق كەۋسىرى بولمىش بۇلاق سۈيى ئادەملەردىمۇ، ھاياتلىقتىمۇ ئاجايىپ تۇيغۇلارنى، رەڭدار

خىياللارنى، شېھرىي ئەسلىمىلەرنى ئويغىتاتتى. بىز تەبىئەتنىڭ سەنئەت ئۇستىكارلى-
قىدىكى بۇ ئاجايىپ ناماييشىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇق. لوئىزا قايىلالىق بىلەن:
— قەدىمكى ئاتا-بوۋىلارنىڭ مۇشۇنداق روشەن مۇھىت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە
جاينى كارامەت مەنزىرىلەر، ھازىرقى زامان كىشىلىرىمىز دەماللىققا ئاڭقىرالمىغۇدەك
ئاجايىپ-غارايىب ئۆزگىرىشچان كۆرۈنۈشلەر سەپلىرىنى چېكىپ چىقىشقا تالللىۋالغان-
لىقىنىڭ ئۆزىلا ئۇلاردىكى بەدىئىي دىتنىڭ قالتىسلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، — دېدى.

بۇ يەردىكى قىيا تاش رەسىملىرى ناھايىتى كۆپ، شەكلى خىلمۇ خىل، مەز-
مۇنىمۇ مول ئىدى. بىز ئۇزاققىچە ئىنچىكىلەپ زوق بىلەن كۆردۇق. ئۇلاردا ئويما
نەقىش، تېز قاپارتما نەقىش تېخنىكىسى بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، نەققاشلىق ماھا-
رىتى ۋە ئۇسلۇبىدىكى ئۆزگىچىلىكىمۇ روشەن ئىدى. بۇ سۈرەتلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ
يۇقىرى قىسمىدا سىمۋوللۇق ئاياللارنىڭ ئوبرازلىرى يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ
ئارىلىقلىرىغا ئاتقا ئوخشاپ كېتىدىغان جۈپ ھايۋانلار چۈشۈرۈلگەن. قىيا تاش ئوي-
مىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدا نازۇك ئەزالىرى كۆپتۈرۈپ كۆرسىتىلگەن بىر
گىگانت ئايالنىڭ رەسىمى بار ئىدى. رەسىمدىكى بوش ئورۇنلارغا جۈپ ئات سى-
زىلغان، ئەر-ئاياللىدىن ئىبارەت ئىككى باشلىق، تېنى بىر سۈرەتلەرمۇ كۆزگە
چېلىقاتتى.

— جىنسىيەتكە ئائىت نەرسىلەر كۆپ ئوخشايدۇ-ھە؟ — دېدى لوئىزا.

— موري ناھىيىسىدىكى سىداۋگو سېيىنىڭ قاپتىلىدا ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە
تەۋە بىر مەھەللىنىڭ خارابە ئىزىدا قېزىش ئېلىپ بېرىلغانىدى. بۇ ئىزدىن تاش
قوراللار دەۋرىگە تەئەللۇق «تاش ئەجداد» يەنى تاشتىن چېكىپ ئىشلەنگەن ئەرلىك
جىنسىي ئەزاسى تېپىلدى. بۇ يەردىكى رەسىملەردىنمۇ ئەر-ئاياللارنىڭ ئۇۋياتلىق
يەرلىرىنىڭ گەۋدىلەندۈرۈلۈپ تەسۋىرلىنىشىنى نېمە دەيسىز؟ — سورىدىم مەن.

— بۇ جىنسىي ئەزاغا تىۋىنىش بولۇشى مۇمكىن. ئاياللارنىڭكىسى ئانىلىق
ئۇرۇقداشلىق، ئەرلەرنىڭكىسى ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدۇر.
ئەتىمالىم، قەدىمكى رەسىملەر بىزنىڭ فرانسىيە بىلەن ئىسپانىيىدىمۇ بار. بىز ئۇ-
لارنى ئەتىۋارلايمىز. ياۋروپادىكى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ خارابىلىرىدىن زور
كۆلەملىك ئاياللار ھەيكەللىرى ۋە رەسىملىرى تېپىلغان. ئۇلاردا- ئاياللار تېنىنىڭ
جەلىپكار ئەزالىرى كۆپتۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن.

— قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئويۇش، سىزىش شەكىللىرى ئارقىلىق ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي ھايات ئۆزۈلمەس دەريا ئېقىنىغا ئوخشايدىكەن.

— سىز دېگەن ئالتايدىكى قىيا تاش رەسىملىرىدە قانداق ئوبراز، كۆرۈنۈشلەر
كۆپىدىكەن؟

— ئۇ رەسىملەردە چوڭ تىپتىكى چۆپخور ھايۋانلار، ئاسىيا پىلى، ياۋا كالا،
بۇغا، ئات قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازلىرى كۆپ.

— ئالتايدا پىل بولغانمىدى؟

— بۇرۇنقى چاغلاردا ئالتاي يېشىللىق دۇنياسى بولۇپ، پىل، يولۋاس، شىر قاتارلىق ھايۋانلار ياشايدىكەن. تەبىئىي مۇھىتتىكى ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن بۇنىڭدىن بەش - ئالتە مىڭ يىللار ئىلگىرى، ئالتايدا ئاسىيا پىلىنىڭ نەسلى قۇرۇپتۇ. ئالتايدا يېقىندا بايقالغان تۆت ئورۇندىكى قىيا تاش رەسىملىرىدە قەدىمكى دەۋردىكى ئېگىز ھارۋىلار، ھارۋا چاقلىرىنىڭ سىزمىلىرى باركەن. بەزى چاقلارنىڭ ئايرىم كۆرۈنۈشى چوك قىلىپ قۇياشقا ئوخشىتىپ سىزىلغان. كۆنگە چوقۇنۇش دەۋرىنىڭ خاتىرىلىرى بولسا كېرەك، ھارۋىلارنى يالغۇز كالا، بىر جۈپ قوي ياكى جۈپ بۇغا سۆرىگەن.

— فرانسىيەدىكى كونا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت قىيا تاش رەسىملىرىدىمۇ ياۋا كالا، ياۋا ئات ۋە كەركىدانلار ئوبرازلىرى بار. ئىسپانىيەنىڭ شىمالىدىكى ئالتامىرا ئۆڭكۈرىدىمۇ تام رەسىملىرى كۆپ. غار ئېمىنىڭ ئېگىز - پەسلىكلىرىدىن پايدىلىنىپ ئات، بۇغىغا ئوخشاش ھايۋانلار سىزىلغان. فرانسىيەنىڭ مۇندىياك دېگەن جايىدىكى لاسكو غارىنىڭ تاملىرىدا رەڭلىك رەسىملەر نۇرغۇن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئات، كالا، بۇغا، ئېيىق، قۇشلارنىڭ رەسىملىرى تولا ئۇچرايدۇ. قوپال سىزىلغان ئادەم رەسىملىرىمۇ بار.

— ئۇلارنىڭ يىل - دەۋرى قانداق بېكىتىلگەن؟

— بۇلار كۆپ قىسمى توم سىزىقتا ئىزناسى چىقىرىلغان رەسىملەر ۋە تەسۋىرلەر. بۇنىڭدىن 20 نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىكى كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە كىشىلەر تەبىئىي غارلاردا ياشايتتى. شۇنداقتىمۇ رەسىملەردەك گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى بار ئىدى. دۇنيادا ئەڭ قەدىمكى رەسىملەر ھېسابلىنىدىغان بۇنداق رەسىملەر ھازىر نۇرغۇن جايلاردىن تېپىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ دەسلەپتىكىلىرى كونا تاش قورال دەۋرىدىكى ئورىن مەدەنىيىتى بىلەن مادىلىن مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ.

— ئالتاي، چەرچەن قىيا تاش رەسىملىرىدىمۇ ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرگەنىدىم. بۇ يەردىغۇ تېخىمۇ شۇنداقكەن، بەزى ئۇسسۇل رەسىملىرىنى ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرىگە تەئەللۇق دەيدىغان پەرەزلەر بارغۇ؟

— مۇمكىن، — دېدى لوئىزا خىيالچان ھالەتتە، — قىيا تاش رەسىملىرى بىر ئىككى دەۋرنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئەمەس. بەزىلىرى كونا تاش قوراللار، ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىدە، بەزىلىرى يېڭى تاش قوراللار، تۇچ قوراللار، تۆمۈر قوراللار دەۋرلىرىدە ئىجاد قىلىنغان. قىيا تاش رەسىملىرىنى ئىجاد قىلىش يىگىرمە مىڭ يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان.

— بۇ رەسىملەر ئىپتىدائىي ئۇسسۇل بىلىملىرىگە باي ئىكەن، — دېدى بايا-تىندىن بېرى زوۋان سۈرمەي رەسىملەرنى سىنچىلاپ كۆرۈپ كېلىۋاتقان قىيا ئادەم، — بۇلار مېنىڭ ياشلىق چاغلىرىمنى ئېسىمگە سالدى. ئۇ ھايات يىللار پەردىلىرىنىڭ ئۇ تەرىپىدە قېلىپ، بارغانسېرى تۇمانلىق چۈشتەك

كۆرۈنىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بۇ جايدىكى چوڭ تىپلىق قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ ئاساسىي تېمىلىرى جان-
لىق ئۇسسۇل سەنئىتى شەكلىدە ئىپادىلەنگەنىدى. رەسىملەردىن رەسىملارنىڭ
ئۇسسۇل بىلىملىرىگە تولىمۇ باي ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇراتتى. بۇنى
كۆرۈپ لوئىزا قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇ:

— بۇ رەسىملەر ھازىرقى زامان كىشىلىرىنى ئىزدەپ تاپماق بەسى مۇشكۇل
بولىدىغان ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ چوڭ تىپلىق ئۇسسۇل ھەرىكىتى كۆرۈنۈشلىرى
بىلەن تەمىنلىدى. مانا سىلەرنىڭ خەلقىڭنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىرلىقىنىڭ
سىرى، — دېدى.

دەرۋەقە، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ بىزگىچە كېلەلىگەن قەدىمكى ئۇسسۇللاردىن
ناھايىتى يىراق زامانلاردىكى ئەجدادلار تۇرمۇشىنىڭ كۆلەڭگىسىنى ئاز ـ تولا پەرق
قىلغىلى بولسىمۇ، بىراق، نەچچە مىڭ يىللاردىن ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي جەمئىيەت-
نىڭ ھەرىكەتلىرى، رىتىملىرىنى ئېنىق تېپىۋېلىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايتتى.
مەنمۇ بۇ رەسىملەر شىمالىي شىنجاڭ رايونى ئۇسسۇل تارىخى تەتقىقاتىدىكى بىر
بوشلۇقنى تولدۇرغانلىقىنى ئېيتتىم. دېمىسىمۇ ئۇ ئىپتىدائىي ئۇسسۇللارنىڭ مەنبەسى
ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىمۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك يېڭى ماتېرىيال بىلەن
تەمىنلىگەنىدى.

بۇ قىيا تاش رەسىملىرىدىكى ئوبرازلار، كۆرۈنۈشلەر چوڭ تىپلىق ئۇسسۇ
ھەرىكىتىنى نامايىش قىلىش ئۈچۈن سەھنىگە قاتۇرۇپ ياسالغان ھەيكەل توپلىرىغا
ئوخشايتتى. قاتار ـ قاتار سەپ تۈزگەن زىلۋا بوي، قەددى ـ قامەتلىك ئاياللار چى-
رايلىق گەۋدىلىرىنىڭ يۇقىرى قىسمىنى تەكشى، جىمجىت تۇتۇپ، نازۇك بىلەكلىـ
رىنى يۇقىرى ـ تۆۋەن ئوينىتىشاتتى، بىرىنىڭ ئوڭ بېلىكى ئۇزارتىلىپ، ئوڭ قولى
يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە، سول بېلىكى تۈز ئۇزىراپ، سول قولى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەنىـ
دى، بارماقلىرى نەپىس ھەرىكەت قىلاتتى. يەنە بىرىنىڭ كۆرۈنۈشى ئۇنىڭ ئەكسىـ
چە ئىدى: ئىككى پۇتى يېنىك ئويناپ تۇراتتى. بۇ يەڭگىل، ئازادە، شادىيانە ھەـ
رىكەتلەر ئايال پېرسوناژلارنىڭ خۇش خۇي، شاد ـ خورام كەيپىياتىنى نازۇك ئىپادىلەپ
بەرگەن. ئەرلەرنىڭ قول ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاياللارنىڭكىگە ماسلىشىۋاتقان ھالەتلىرىـ
مۇ، ئىككى قولى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ياكى ئىككى قولىدا ئويياتلىق يەرلىرىنى تۇ-
تۇۋالغان كۆرۈنۈشلىرىمۇ كۆرسىتىلگەن. ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرى خېلى
جىددىي بولۇپ، بەدەنلىرىنىڭ بىردەم ئالدىغا، بىردەم كەينىگە ھەرىكەتلىنىۋاتقان-
لىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. نەچچە ئونلىغان كىچىك ئادەملەردىن تەشكىللەنگەن كىوا-
لىكتىپ ئۇسسۇلچىلار قوشۇنىنىڭ ھەرىكەتلىرى بىر ئادەمنىڭكىدەك تەبىئىي، تەكشى
چىققانىدى.

— ھەرىكەتتىكى كەيپىياتتىكى جىددىيلىك، قىزغىنلىقنى كۆرۈپ ھازىر كۆپ
ئادەملەر بۇ رەسىملەردىكى ئۇسسۇللارنى: «قەدىمكى زامان دېسكوسى»، «دېسكونىڭ

www.uyghurkitap.com

ئانا شەكلى» دېيىشمەكتە، — دېدىم مەن چۈشەنچە بېرىپ.

ھەممىمىز كۈلۈۋەتتۇق. لوئىزا:

— بۇلار راستتىنلا كىشىگە غەربلىك ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئەجدادىنى ئىجاد قىلغاندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن، — دېدى جىلمىيىپ.

قىيا ئادەم قوشۇمىسىنى تۈردى. لوئىزا:

— خەلقىڭلارنىڭ ناخشا-ئۇسسۇلغا ماھىرلىقىنىڭ تارىخىي سىرلىرى بارىكەن، ئەمەسمۇ؟! — دېدى.

— بىزنىڭ ئۇسسۇللارنى كوللېكتىپ ئورۇنداشقىمۇ، بىر كىشى يالغۇز ئويناشقىمۇ، سورۇن سۈرۈشتۈرمەيلا كۆرسىتىۋېرىشكىمۇ بولىدۇ، — دېدىم مەن سۆزلىسىۋاتقان پىكىرنى ئىمكان قەدەر تولۇقلاشقا، چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا تىرىشىپ، — چەرچەن قىيا تاش رەسىملىرىدە مۇزىكىمۇ، ناخشىمۇ تەڭكەش قىلىنمىغان يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلنى كۆرگەنمەن. قۇرۇقتاغ قىيا تاش رەسىملىرىدىمۇ شۇنداق كۆرۈنۈشلەر بار، لېكىن، ئۇلاردىكى بەدەن ھەرىكەتلىرى ئاجايىپ گۈزەل، تولغىنىپ ئوينايدىغان بىر خىل ئۇسسۇل شەكلىمۇ ئىپادىلەنگەن.

— ئۇسسۇل دېگەن بىزدە شۇنداق خاسىيەتلىك نەرسە ھېسابلىنىدۇكى، — دېدى قىيا ئادەم ئۇسسۇلنىڭ ئەھمىيىتىنى تىلغا ئېلىپ، — ئۇ ھەرگىز كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈنلا ئىجاد قىلىنمايتتى. بەلكى ھاياتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، جىددىي ئېھتىياجلىق مەزمۇنى ئىدى. ئاش-نان بولمىسا جىسمانىي جەھەتتىن چىدىغىلى بولمىغىنىدەك، ناخشا-ئۇسسۇل بولمىسا روھىي جەھەتتىن چىدىغىلى بولمايدۇ.

— مانا بۇ دانا سۆز بولدى، — دېدىم مەن قىيا ئادەمنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ، — ئۇسسۇل ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەتنى چۈشىنىشى، دۇنيانى تونۇشى ۋە ئىپادىلىشىدىكى بىر خىل ئۈنۈملۈك چارە. ئۇسسۇل تەتقىقاتى ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئىنسانلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى كۆڭۈل بۆلۈشكە ئەرزىيدىغان مۇھىم بىر تەرەپ ھېسابلىنىدۇ. ئالاھىدە لايىھىلەنگەن ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى، كۆرۈنۈشلىرى ئەمەلىيەتتە، قانۇنغا ئوخشاشلا كۈچلۈك ئىجتىمائىي رولغا ئىگە. چۈنكى ئۇسسۇل ئىپتىدائىي ئىنسانلار تۇرمۇشىدا پسىخولوگىيە، فىزىئولوگىيە تەرەپلىرىدىن ئېيتقاندىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان ئېھتىياج ئىدى.

## يەتتىنچى باب

شۇ ئارىلىقتا لوئىزانىڭ ئالتۇن چاچلىق كاللىسى يەنە قانداقتۇر بىر شەيتانلىقنى ئويلاپ تاپتى بولغاي، ئۇ قىيا ئادەمگە بىر نېمىلەرنى شىۋىرلاپ يۈرۈپ ئۇنىڭدىن گۆھەر قۇتىنى ئالدى. قۇتىنىڭ قاپقىقىنى ئېچىۋېدى، ئۇنىڭ يەنە بىرەر كېلىشمەسلىك تېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ يۈرىكىم قارت قىلىپ قالدى. كېيىنكىنىڭ ئاخىرىنى ئۈزمەيلا ئەخمىقانە ھەرىكەتتىن توسۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېتىلدىم.

بىراق، ئۇيلىمىغان يەردىن لوئىدزا مېنى سىلكىۋەتتى. ئاچچىقىم كېلىپ ئالايسام ئۇ پىيىسىڭىزدە كۆلدى. بىراق كەۋدىسىنى ئۇياق-بۇياققا ئېلىپ قېچىپ تۇتۇق بەرمىدى. ئاخىرى كۆھەر قۇتىنىڭ ئەينىكىنى نۇرلاندۇرۇپ قىيا تاش بېتىدىكى رەسىملەرگە قاراتتى-دە:

— كارامەت كۆرسىتىپ ئۇلارنى تىرىلدۇر! — دېدى.

قورقۇنچ ۋە ھەيرانلىق مېنى بۇتتەك قاتۇرۇپ، ھەرىكەتسىز قىلىپ قويغانىدى. «توختا لوئىدزا!» دېگىنىمنىلا بىلىمەن، بىردىنلا تاش-تاشتىن داقا-دۇمباق، مۇزىكا ئاۋازلىرى مەيىن شامالدەك كۆتۈرۈلۈپ، بارغانسېرى كۈچىيىپ گۈركىرەپ، كېلىشكە باشلىدى. ئەر-ئايال ئۇسسۇلچىلارنىڭ كۆزلىرى نۇرلاندى، پۇت-قوللىرى ھەرىكەتلەندى. ئۇلار ئۇسسۇل ئويناپ قانداقتۇر ناخشىلارنى ئېيتقىنىچە قىيا تاش بېتىدىن يەرگە سەكرەپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئاتلار كىشنىشىپ، بۇغىلار بۆقىرىشىپ ئۆزلىرى قېتىقلىق ھارۋىلارنى تاراقلىتىپ سۆرەپ ئوچۇقچىلىققا چېپىشقا باشلىدى. ھارۋىكەشلەر ۋارقىرىشىپ قامچىلىرىنى تاراسلىتىشاتتى. كىيىكلەر، ياۋا كالىلار پېتىراپ تاغ ئۈستىگە، جىلغىلارغا قاراپ قېچىشتى، چۆپلەر، دەرەخلەر ئارىلىرىدا غايىب بولۇشتى. ئىتلار ھۆرۈپ، توخۇلار قاقىلدايتتى. ئاياللار چىرقىراپ، بالىلار چۇرقىرىشاتتى. ھايۋانلار يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن، ئالىمان بىر ئاز تىنچلاندى. بىردەمدىلا ئونلىغان، يۈزلىگەن ئۇسسۇلچىلار ئەتراپىمىزدا ئۇسسۇل ئويناپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچەك، تەقى-تۇرقلىرى قىيا تاشتىكى رەسىملەردە قانداق ھالەتتە بولسا، يەرگە چۈشكەندىن كېيىنمۇ شۇنداق ھالەتتە بولدى. پەقەت ھەرىكەتلىرىلا ئوخشىمايتتى، ئۆزگىرىپلا تۇراتتى. بۇلار جانلىق ئىدى، ھېسسىياتلىق، جۇشقۇن، شوخ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇسسۇللىرى ماڭا ھەم تونۇش ھەم ناتونۇش تۇيۇلدى. ئۇلار بارا-بارا ئۇسسۇلنى ئەۋجىگە چىقىرىپ، قول، بەدەن ئەزالىرىنى ھەر ياققا تاشلاپ، تەۋرىتىپ تەك قىلىقلاندۇرۇپ ئويناشقا باشلىدى. بۇ ئۇسسۇللارنىڭ بىر يەرلىرى ھازىرقى زامان يەرلىك ئۇسسۇللىرىغا، بىر يەرلىرى دېسكو، چاقماق ئۇسسۇللىرىغا ئوخشايتتى. مەن پۈتۈن كۆڭلۈم بىلەن بېرىلىپ قاراپ تۇرۇپلا قاپتىمەن. «سىزمۇ ئويناڭ بالىجان!» دېگەن ۋارقىراشلار ساداسىدا كاراڭلىقتىن بىراقلا ئويغاندىم. شۇ چاغدا ئۆزۈمنى يېرىم يالىڭاچ ئاياللارنىڭ ئالدىدەك، چىلگىدەك كۆكسىلىرىنى ئويناقلىتىپ ئۇسسۇل ئويناپ ئورىۋالغانلىقىنى سېزىپ قالدىم. گاڭگىراپ ئەتراپقا نەزەر سالسام، ئۇلار ئاللىقاچان بىز ئۇچىمىزنى بىر-بىرىمىزدىن ئايرىۋېتىپتۇ. ئوڭ تەرەپتە قىيا ئادەمنى بىر توپ ئاياللار، سول تەرەپتە لوئىزانى بىر توپ ئەرلەر قورشىۋېلىشقانىدى. ئۇلار مۇزىكا ئاھاڭىنىڭ مەست قىلغۇچى سېھرىي كۈچى، ئۇسسۇل ھەرىكىتىدە قىستاپ يېقىنلاپ سىلجىتىش ۋە ئۆزىمىزدىكى قىزىقىش، ھېرىسمەنلىك، بىخۇدلۇقلاردىن پايدىلىنىپ بىزنى جىن يېتىلەپ ماڭغاندەك تۇيدۇرماي ئاستا-ئاستا جايىمىزدىن سىلجىتقان بولسا كېرەك. مەن توپنى يېرىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋېدىم، ئۇلار «ۋاي، ياق»، «ۋايجان»

دەپ نازلىق تووۇلىنىشىپ زادىلا يول بېرىشمىدى. ئەكسىچە پۇت - قوللىرىنى مۇزدەك
ئۇدارىغا ماسلاشقان ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىدە ئوينىتىپ، ئۇ يەر - بۇ يېرىمگە سىلىق
يۇمشاق تەگكۈزدى. بەللىرىنى، ساغرىلىرىنى تولغاپ تىترىتىپ، كۆكسىلىرىنى لىغىر-
لىتىپ كېلىپ مېنىڭ ئالدىقاندىقا سەزگۈر جايلىرىمغا ئۇرۇپ - ئۇرۇپ قويۇشقا، كىيىم-
لىرىمنى تارتقۇشلاشقا باشلىدى. بىردىنلا مەن لوئىزانى قورشىۋالغان يېرىم يالىڭاچ
ئۇسسۇلچى ئەرلەرنىڭمۇ بارغانسېرى ئۇنى قىستاپ ئارىغا ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قال-
دىم. ئاڭغىچە يۇمشاق قوللار قاتتىق ھەرىكەتتە كۆڭلىكىمنىڭ ياقىسىنى جارتىلدىتىپ
يىرتىۋەتتى. غەزەپ بىلەن ھوميىپ چىشلىرىمنى غۇچۇرلىتىۋېدىم، ئاياللارنىڭ ھەم-
مىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. «نېمانچە ئۇياتچان ئۇ، يىگىتلىك جۈرئىتى كەمرەكمۇ.
يا بېلى بوشمۇ؟» دېدى كۆك كۆز سېرىق چاچ بىرى، «نومۇسچانراقى ياخشى بولىدۇ»
دېدى تامىقىنى چاكىلدىتىپ سېمىز پومزەكتەك دوغىلاق يۈزلۈكى، «سۈتتەكلا ئاپئاق
نەرسىكەنغۇ، تووۋا» دېدى قارا قۇمچاقراق كېلىشكەن بىر قىز قارا كۆزلىرىدىن ئۇچقۇن
چاچرىتىپ، «بىزمۇ ئاينىڭ نۇرىدەك سۈزۈلۈپ تۇرىدىغانلاردىن دېگىنە، تۇتاي دېسە
تىترەپ تۇرىدىغان» دېدى سۇمبۇل چاچ شىتىلىرەك چەمبەس قىز. بىردەمدىلا ئۇلار
ئاق قوناقلىقا چۈشكەن بىر توپ قۇشقاچتەك تەڭلا چۇۋۇلدىشىپ كېتىشتى: «كىيىمنىڭ
نېمە ھاجىتى، تارتىنىشنىڭ نېمە قىممىتى، يېشىنىڭ، ئانىدىن تۇغما بولۇڭ»، «ئادەم
ئۆلىدۇ، دۇنيا قالىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇياتىنىمۇ، ھوزۇر - راھەتنىمۇ، ھۇزۇرمەتنىمۇ
بىلمەيدۇ، دەم غەنىيمەت، لەززەت غەنىيمەت»، «ئۆلىدىغان جانغا قانغۇدەك بىر ئويناپلى»،
«ئۇنتۇلمىغۇدەك پۇخادىن چىقايلى»، «گۈزەل ئەسلىمىلەر قالسۇن» دېيىشتى، تەرەپ-
تەرەپتىن قول سوزۇپ ماڭا يېپىلىپ كېلىشتى. چىمداشلار، غىدىقلاشلار ئازابى چىدى-
غۇسىز ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئۇچىمىزنى ئاۋۋال ئايرىۋېتىپ، ئاندىن بىر - بىرلەپ
ئۇسسۇلغا تارتىپ، ھېرىپ ھالىمىزدىن كەتكەندە ئاخىرى ئاياغ - ئاستى قىلماقچى
ئىكەنلىكىنى ئەمدى چۈشەندىم. بۈگۈن مەشەدە ئۆلىدىغانلىقىمىزغا كۆزۈم يەتتى. ھەي
لوئىزا، لوئىزا، بىزگىمۇ قىلدىڭ، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ. تەنتەكلىكىڭ بېشىمىزغا چىققىدى-
غان بولدى. نېمىشقا باياتىن چاققانراق ھەرىكەت قىلىپ سېنىڭ بالا تېرىغۇچى قوللى-
رىڭنى چىڭ تۇتۇۋالمىغان بولغىيدىم. ئاياللار ۋارقىرىشىپ كۆڭلىكىمنىڭ يەنە بىر
چېتىنى يىرتىشتى، كۆكرەك، بېقىنلىرىم چاپان چاققاندەك ئېچىشىپ كۆكىرىپ كەتتى.
ئاغرىغان جايلارنى سىلايدىغان، قانداق قىلىش توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ ئولتۇرىدىغان
ۋاقىت ئەمەس ئىدى. ئۇلار پىكىر يۈرگۈزۈشكە، خىيال سۈرۈشكىمۇ يول قويمايتتى،
مۇنداق چولا يوق ئىدى. مەن گويا ئۇسسۇلغا چۈشكەن بىر توپ ئاقساق - چولاق
جىن - شەيتانلارنىڭ ئىچىدە قالغاندەك تۇيغۇغا كەلدىم. ئۇلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسى
قورقۇنچلۇق، يىرگىنچلىك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇلار گويا چىشلىرى ھىڭگايغان، چاچلىرى
دىڭگايغان، يۈزلىرى لاپچايغان، ئۆزلىرى ماكچايغان ئالۋاستىلار ئىدى. بەدىنىم
تىكەنلەشتى. قۇيقا چاچلىرىم تىك تۇردى. قورقۇنچ ۋە غەزەپتىن ئەقلىمنى يوقىتىپ
قويماسلىق ئۈچۈن لەۋلىرىمنى قاتتىق چىشلىدىم. بوكسىيورچىلارغا خاس چەبدەسلىكتە

بەل ۋە تىزلىرىمنى سەل ئېگىپ، مۇشتلىرىمنى ئالدىمغا چىقاردىم ـ دە، بىر سەكرەپلا
ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يولۋاستەك ئېتىلدىم. غەزەپ ماڭا شەپقەتسىز ئۇنتۇلدۇرغانىدى.
بەللىرى بىر ئۇتامدەك كەلگۈدەك نازۇك قىز ـ چوكانلاردىن ئاللە ـ يەتتىسىنى چىرقىرى ـ
تىپ، يەرگە دومىلىتىپ قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتتۈم. پالاكەت پالاكەتنى تۇغقاندەك ئىش
بولدى. قىيا تاشتىكى جەڭ رەسىملىرى كۆرۈنۈشلىرىدىكى لەشكەرلەر ئاش قوراللىرىنى
ئويىنىتىشىپ، ۋارقىراپ يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ قىيا ئادەمگە يېپىلدى. مەن قىيا ئادەمـ
نىڭ ئۇنداقلاردىن تالايلارنى يىغىشتۇرالايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، لوئىزاغا ياردەمگە
بېرىش ئۈچۈن سول تەرەپكە بۇرۇلدۇم. بىراق بوشلۇقتىن كەلگەن ۋىژىلدىغان غەلىتە
ئاۋاز كەينىمگە بۇرۇلۇپ قاراشقا مەجبۇر قىلدى. پەۋقۇلئاددە كېلەڭسىز يوغان بىر
هارۋا چاقى ئاسماندا ئۇچار تەخسىدەك پىرقىراپ هاۋانى يىرىپ بېرىپ قىيا ئادەمنىڭ
بېشىغا زەرب بىلەن تەگدى. قىيا ئادەم بىرلا ۋارقىراپ چۆگىلەپ ئوڭدىسىغا چۈشتى.
چۆرىدەپ قىستاپ، ئۇنىڭغا يېقىنلاپ بارغان لەشكەرلەردىن بىرنەچچىسى قاڭقىغان چاق
زەربىسىدە ۋايجانلاپ يەر چىشلىدى. لوئىزا بار تەرەپتىن شىددەتلىك ئېلىشىش چوقـ
قانلىرى كېلەتتى. لوئىزانىڭمۇ ياقىسى يىرتىلغان، مۇزىسى يېرىم ئېچىلىپ قالغانىدى.
ئۇ ياپونچە جۇدو كۇمپىسىنى ئىشلىتىشۋاتقان بولسا كېرەك، توپ ـ توپ ئەرلەر يەردە
ئوڭ ـ تەتۈر يېتىپ قان قۇسۇپ ئىنجىقلىشاتتى. لوئىزا سول قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالـ
غان بولۇپ، ئوڭ قولىدىلا مۇشت ئېتىپ زەربە قايتۇرماقتا ئىدى. ئادەملەر ئاسمانغا
سەكرەپ، چاپچىپ ئۇنىڭ سول قولىدىكى نەرسىنى تارتىپ ئېلىشقا ئۇرۇناتتى ـ يۇ، بوش
لۇقتىلا لوئىزانىڭ ئوڭ قول ياكى پۇتىدىن ئۇچار زەربە يەپ، يەرگە ئېگىزدىن چۆرۈ
ۋېتىلگەندەك گۈپۈلدەپ چۈشەتتى. لېكىن هۇجۇمچىلارنىڭ ئاخىرى كۆرۈنمىدىغاندەك
ئۇر ـ چاپ بۇ يېقىندا بېسىقمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇلار قىستاپ يىراققا چېكىندۇـ
رۇپ باراتتى. مەن ئۇنىڭ سول قولىدا كۆتۈرۈۋالغىنى گۆهەر قۇتا ئىكەنلىكىنى پەمـ
لىدىم. ئەگەر لوئىزاغا ئۇنىڭ قاپقىقىنى ئېچىش ئىمكانىيىتى بولغىنىدا ئىدى، بۇ سوـ
رۇننى، بۇ ئارتۇقچە پاجىئەنى يىغىشتۇرماقمۇ ئۇنچىۋالا قىيىنغا توختىمىغان بولاتتى.
گۆهەر قۇتىنىڭ بۇ رودىپايلارنىڭ قوللىرىغا چۈشۈپ قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ
پېتىنالمىدىم. ئۇنداق دەهشەتنى خۇدا كۆرسەتمىسۇن. مەن ئاياللار بىلەن مۇشتلىشىدـ
ۋېتىپ ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ هوشىدىن ئايرىلغان قىيا ئادەمنى سۆرەپ قىيا تاش
رەسىمدىكى باياتىن ئۆزلىرى بولغان ئورۇنغا ئاپىرىپ چاپلاپ قاتۇرۇپ تۇرغۇزۇشقا
ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى غىل ـ پال كۆرۈپ قالدىم. ئۇلار نەچچە مىڭ يىللار مابەينى رەسىم
بولۇپ تاشتا تۇرۇۋېرىشتىن زېرىكىپ، ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ ئورنىغا بىزنى رەسىم قىلـ
ۋەتمەكچى بولۇشۇۋاتاتتى. شۇنداق قىلغاندا ئەركىنلىككە بىراقلا ئېرىشىمىز دەپ ئويـ
لاشسا كېرەك. نېمىدېگەن گۆدەك خىيال. ئۇلارنىڭ رەسىم بولۇشىغا بىز سەۋەبچى
بولمىغان تۇرساق، بىزدىن يوق ئۆچنى ئالماقچىمۇ بۇ هاكۇۋاقتىلار. «لوئىزا قىز بىگۇناھ،
ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، بەرىكە تاپقۇرلار، بىز سىلەرگە دۈشمەن ئەمەس سادىغاڭ كېتەيلەر»
دەپ جېنىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىدىم. جاۋاب ئورنىغا كۈلكە، مەسخىرە، هاقارەت، مۇشتلار

www.uyghurkitap.com

قايىتتى. غەزىپىم قايناپ تاشتى. يۈرىكىم يېرىلغۇدەك، كۆزلىرىم چاناقلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ قالدى. مەن ۋارقىراپ، سەكرەپ، ئۇچرىغاننى ئۇرۇپ، تېپىپ، مۇشتلاپ يىقىتىپ لوئىزاغا قاراپ ئېتىلدىم، بىر ئامال قىلىپ گۆھەر قۇتىنى ساقلاپ قېلىش، ئۇنىڭ قاپقىقىنى ئېچىشقا ئىمكانىيەت يارىتىش كېرەك ئىدى. گۆھەر قۇتىنى تالىشىش جېڭى ئوغلاق تارتىشىشتىنمۇ نەچچە ھەسسە شىددەتلىك، دەھشەتلىك بولدى. تاش پارچىسى پېشانەمنى سويۇپ كەتتى، ئىسسىق قان سىرغىپ تامچىلاپ بىر كۆزۈمنى توسۇۋالدى. قوللىرىم مۇشت ئىشلىتىش بىلەنلا بەند بولغاچقا، قاننى سۈرتۈۋەتكىلى چولام بولمىدى. لوئىزا مېنىڭ مەقسىتىمنى پەملىدى بولغاي، چېكىنىۋېرىشتىن توختىدى، مۇشت، پەشۋالار مۆلدۈرىنى ياغدۇرۇپ، مەن تەرەپكە قاراپ، رەقىبلەرنى سىقىپ، بۆسۈپ كېلىشكە باشلىدى. ئىككىمىز ئۇچرىشىشنى نىشان قىلىپ ئىككى پاقتىن ئېچىپ كېلىۋاتقان قانلىق يول ئاخىرى تۇتاشتى. بىز چاقپەلەكتەك پىرقىراپ مۇشت ئېتىپ، ئوچۇقچىلىق جاي ئاچقىنىمىزچە كېلىپ، دۈمبىمىزنى دۈمبىمىزگە چاپلىۋالدۇق. ئالدى ۋە يان تەرەپلىرىمىزگە مۇشت ياغدۇرۇپ بىر ئورۇندا تۆگمەن تېشىدەك ئايلاندۇق. رەقىبلەر ھاۋاغا سەكرەپ، ئۆرلەپ، قاڭقىپ باش ـ كۆزلىرىمىزگە پەشۋا ئاتاتتى. ئېگىز تاشلار ئۈستىدىن ۋارقىراپ تۆپىمىزگە سەكرەيتتى، بىز ئۇلارنىڭ ھۇجۇملىرىنى چىدام بىلەن قايتۇرۇۋاتاتتۇق. تاسادىپەن كۆزلىرىم تۇتۇلۇپ كېلىۋاتقان ھاۋادا پەيدا بولغان گۈلدۈرماسلىق يامغۇرنىڭ قويۇق بۇلۇتىغا چۈشۈپ قالدى. بۇلۇت تۆمۈر رەڭدە بولۇپ، پەسلەپ تاغلارنىڭ ئۇچلىرىغا تېگەيلا دەپ قالغانىدى. بۇلۇتتىن بىر تال قارا قويرۇق سوزۇلۇپ چىقتى. ئاجايىپ چوڭ ۋىرانكىنىڭ شەكلىگە كىرىپ ئالا-ۋاستىدەك تېزلىكتە تاغلارنىڭ ئۈستىگە قاراپ ئۈزاردى. ھايال ئۆتمەي قاتمۇ قات تاغلارنىڭ ئاللىقانداق كۆزگە كۆرۈنمەس بىر يېرىدە قاتتىق بىر سىرلىق پارتلاش يۈز بەردى. تاغلار ئۈستىگە توپا توزۇتۇپ پىرقىراپ بوران كۆتۈرۈلۈپ، ساقال سىلىغىچىلىك بولغان ۋاقىتتا جىلغا ۋە تۈزلەڭگە باستۇرۇپ كىردى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە قارا قۇيۇن ئىچىدە قالدۇق. ئاياغ ئاستىدىكى يەر تىترىگەندەك بولدى. تاغۇ ـ تاشلاردىن، جىلغىلاردىن ئىڭراپ يىغلاۋاتقاندەك سادا چىقىشقا باشلىدى. قۇيۇن يەردە، كۆكتە پىرقىرىدى، ۋارقىرىدى، ھۆركىرىدى. ساينى، يايلاقنى مورلاپ، تىرنىلاپ ئۆتۈپ، تۈزلەڭلىكتىكى ئوت ـ چۆپ، چاۋا ـ چاتقال، توقايلارنى ھاشارات، جانۋار، ھايۋانلىرى بىلەن قوشۇپ يۆگەپ، سۈمۈرۈپ دومىلىتىپ، قارا تۈۋرۈك شەكىللەندۈرۈپ چۆگىلەپ، بوي سوزۇپ، ئاسمانغا باش تاقىدى. ئۇچرىغان نەرسىنى چاڭگاللاپ، يېپىشتۇرۇپ، چىرماپ، قاناتلىرىدا قېقىپ سۆپۈرۈپ، ئايلاندۇرۇپ قۇشتەك كۆككە ئۇچۇرۇپ چىقتى. قۇيۇننىڭ دائىرىسى يۈز مېتىرچە ئارىلىقتىلا بولۇپ، جەريانى بىرنەچچە مىنۇتتىلا داۋام قىلدى. قۇيۇننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھاۋا بېسىمى تۆۋەن، بوران كۈچى ناھايىتى زور بولدى. ئەتراپىمدىكى نەرسە ـ كېرەكلەر، ئادەملەرنىڭ قاناتلانغاندەك ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆردۈم. لوئىزانىڭ بودۇر چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، چىگىشلىشىپ، يۇلۇنۇۋاتقاندەك تارتىشىپ، يەلپۈنۈپ كەتتى. مەن ئارقامچە لوئىزانىڭ بېلىدىن تۇتۇپ ئۈلگۈردۈم.

ئىككىمىزمۇ ئەتراپتىكىلەر بىلەن بىللە كەچكۈز خازانلىرىدەك پىرقىراپ لەيلەپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق. مەندە خۇش يېقىش بىلەن ۋەھىمە ئارىلاش غەلىتە بىر خىل تۇيغۇ پەيدا بولدى. بوشلۇقتا ئۆپچۆرەمدىكى پىرقىراپ ئۇچۇۋاتقان ئۇششاق قارا - قۇرا نەرسىلەرنى بايقىغاندەك بولدۇم. لېكىن بىر نەرسە ئويلاشقا ئۈلگۈرمىدىم، ئويلاش ئېسىمگە كەلمىگەندۇ، بەلكىم، ھەش - پەش دېگۈچە بېرىپ بىر نەرسىگە قاتتىق ئۇرۇلغانلىقىمنىلا بىلىمەن. چىدىغۇسىز ئاغرىق ئازابىدا ۋارقىرىۋەتتىم، توۋا! ۋارقىرىشىمدىن قورقۇپ كەتكەندەك، بىردىنلا قۇيۇن توختىدى. كارامەت كۆرسىتىۋاتقان ئەرۋاھتەكلا ئىزسىز غايىب بولدى. مەن ئېسىمنى يىغىپ، لوئىزا ئىككىمىزنىڭ چوققىدىكى يوغان بىر قورام



تاش ئۈستىدە ياتقانلىقىمىزنى بايقاپ قالدىم، ئالدىراپ ئۆمىلەپ تۇرۇپ لوئىزانى يۆلىدىم. ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرى قان ئارىلاش لاينىڭ قاتۇرماشلىرىدا قارىغۇسىز دەرىجىدە مەينەتلىشىپ كەتكەن بولۇپ، يانپىشىدىكى سۈرۈلگەن جايدا قان تەپچىرەپ تۇراتتى. قول ياغلىقىمنى چىقىرىپ يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتۈپ بىرەر قۇر تازىلىدىم، يانچۇقۇمدىن چاپلىغۇچ مەلھەم ئېلىپ جاراھىتىگە چاپلىدىم. قىيا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. مانا شۇ چاغدىلا بېلىمنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. لوئىزا كۆزىنى تەستە ئاچتى. گۆھەر قۇتا ئۇنىڭ چاڭگىلىدا مەھكەم سىقىقلىق پېتى تۇراتتى. بىز ئېگىزلىكنىڭ گىرۋىكىگىرەك سۈرۈلۈپ بېرىپ پەسكە نەزەر تاشلىدۇق. ياپىرىم، ئۇ يەر تىك يار ئىكەن. ئىككىنچى قېتىم ئېگىشىپ قاراپ، مەن باياتىن ئۇسسۇلچىلار بىز بىلەن ئېلىشقان تۈزلەڭنى تونۇدۇم. ئۇ جاي بۇ يارلىقتىن بىر ئاز نېرىراقتا بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭدىكى ئادەملەرنى ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. ئۇ يەر قۇيۇننىڭ قاتتىق بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ ۋەيرانە تۈسكە كىرگەنىدى. ھېلىقى ئۇسسۇلچىلار بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى يىقىلىپ، دۈۋە - دۈۋىسى بىلەن چېچىلىپ ياتاتتى. ئاز ساندىكىلىرى

www.ushurkitap.com

ئۆياقتىن - بۇياققا ساراڭلاردەك چېپىپ يۈرەتتى. ئۆلۈكلەرنى ئۆرۈپ تونۇشلىرىنى ئاختۇرۇۋاتقانلارمۇ، ئۆلۈكلەرنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇۋېلىپ باش - كۆزىگە توپا چېچىپ دادپەرياد كۆتۈرۈپ يىغلاۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. ئوتلاقلار يېشىللا كېزىكتىن قوپقان تۇرۇقلۇق باشقىلار بىلەن سوقۇشۇپ چاچلاشقان ساراڭ خوتۇنىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەردە ئۇزۇن تۈككىلىرى سالۋارىغان بېشىدەك ئالىستاغىل تاقىر بولۇپ قالغانىدى. يېنىمىزدىن قومۇرۇپ تاشلانغان يۈز يىللىق دەرەخلەر ئۇياققا - بۇياققا قىڭغىيىپ قالايمىقان سوزۇلۇپ يېتىشاتتى. ھەممىدىن قىزىقى شۇ ئىدىكى، بايىتىنقى توپتۈز ئوچۇقچىلىقتا ئەمدى دۆۋە-دۆۋە خامانلار پەيدا بولغان بولۇپ، چەشلەر قىزغۇچ ئالتۇندەك تاۋلىناتتى. بېلىق دۆۋىلىرى قارامتۇل ئاقۇش كۆرۈنەتتى. يەردىمۇ قالايمىقان چېچىلىپ يېتىشاتتى. يېنىمىزدىن چىققان گۈركىرىگەن ئاۋاز دىققىتىمىزنى تارتتى. لوئىزا «ۋايجان خۇدايىم، بۇ نېمە كارامەت» دەپ چۆچۈپ ۋارقىرىۋەتتى. بۇرۇلۇپ قاراپ ئەنە شۇ چاغدىلا ئەتراپىمىزدا نۇرغۇن پاقىلار، بېلىقلار ياتقانلىقىنى بايقىدىم. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلگەن، بەزىلىرى تىرىك ئىدى. تىرىكلىرى قىمىرلايتتى، بەزى پاقىلار پۇتلىرىنى سوزۇپ ئۆمىلەيتتى، گەۋدىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ سەكرىشەتتى. بېلىقلار پىلتىڭلاپ جان تالىشاتتى. ئوچۇق يەرلىرىگە ئۇلارنىڭ مۇزدەك بەدىنى تەگكەنسېرى لوئىزا سەسكىنىپ توۋلايتتى. مەن كۈلۈۋەتتىم:

— بۇ بايىتىنقى قارا قۇيۇن ياغدۇرغان جاندارلار يامغۇرى ئوخشايدۇ.

— ئۇنداق قارا قۇيۇن دېڭىز بويى رايونلىرىدىلا بولىدۇ، — دېدى لوئىزا ئېتىراز بىلدۈرۈپ.

— بولمىسىچۇ، — دېدىم مەنمۇ بوش كەلمەي، — قارا قۇيۇن بۇنى ھىندى ئوكيان تەرەپتىن ئۇچۇرۇپ كەلگەن بولسا كېرەك. ھازىر قانداق دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز ئۇنۇتماقدە. مىڭ ئەپسۇس. بىزنىڭ 20 - ئەسىرىمىزدە ھىمالايا تاغلىرى كۆتۈرۈلۈپ ئاسمانغا باش تىرەپ ھىندى ئوكياندىن كېلىدىغان بۇلۇتلارنى توسۇۋالدى. ئەمدى شىنجاڭغا بۇنداق بۇغداي، پاقىلار تۆكۈل يامغۇرمۇ ئاسان ياغماس بولۇپ قالدى.

شۇ ئارىدا تېخى جېنى چىقمىغان ئۇسسۇلچىلاردىن بىرنەچچىسى تىرىمىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بىر يەرگە يىغىلىشقا ئۈلگۈرۈپتۇ. ئۇلار بىزنى كۆرۈپ قېلىپ ۋارقىراپ يۈگۈرۈپ كېلىشكە باشلىدى:

— ئۇر، ئۆلتۈر بۇ ئېزىتقۇلارنى!

— ياردىن ئىرغىتىپ تاشلىۋېتەيلى!

ئۇلار ئاتقان تاشلار ئەتراپىمىزغا مۆلدۈردەك چۈشۈشكە باشلىدى.

— يۈرۈڭ پەسكە چۈشۈپ باقايلى، ئۇ يەردە بۇلارنىڭ تاشلىرىدىن كارامەترەك نەرسىلەر ياغقاندۇر بەلكىم، — دېدىم مەن لوئىزانىڭ قولىدىن تارتىپ.

بىز ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ پەسكە چۈشۈشكە باشلىدۇق. ئۇسسۇلچىلارمۇ ۋارقىرىشىپ ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىشىۋاتاتتى. بىز ئايلانمىلىرى كۆپ، تېكىرەك چىغىر يولنى بويلاپ يىقىلىپ - مۈدۈرۈلۈپ يۈرۈپ قېچىپ بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىق تارتقاندىن كېيىن

تۈزلەڭگە چۈشتۇق. بىزنى كۆرۈپلا ئۇ يەردىكى ئۇسسۇلچىلارمۇ تۇشمۇ تۇشتىن قىيا-چىيا كۆتۈرۈپ دەۋرەپ كېلىشتى. لوئىزا مېنىڭ ھىمايەمدە گۆھەر قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، بىر نېمىلەرنى شۋىرلاپ كۇنۇپكىسىنى باستى. ئەينەك قۇتىدىن ۋاللىداپ نۇر چىقىۋىدى، يوگۇرۇپ كېلىۋاتقانلار چالما-كېسەكتەك يەرگە تورۇكلاپ دۈم چۈشۈشكە باشلىدى. لوئىزا نۇر پۈركەۋاتقان ئەينەكلىك گۆھەر قۇتىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىراپ ئايلاندۇردى. نۇر تۆت ئەتراپنى تەكشى سىرىپ ئايلىنىپ ئۆتتۈۋەردى. قىيا تاشلار بۇ غالجىرلىقى تۇتقان يىرتقۇچلاردەك ئەسەبىيلەشكەن لەشكەرلەر ۋە ئەر-ئايال ئۇسسۇلچىلار قوشۇنلىرىنى دەم تارتقاندەكلا سۈمۈرۈۋالدى. ئۇلار كۆلەڭگۈدەك جانسىزلاشتى، خىرەلەشتى، قىيا تاش بەتلىرىدىكى ئەسلىدىكى ئورۇنلىرىغا بېرىپ چاپلىشىپ قالدى. زۇۋان سۈرەلمەي، مىدىرلىيالماي قېتىپلا، ئەسلىدىكى رەسىم ھالىتىگە قايتتى. ۋاڭ-چۇڭمۇ، قىيا-چىيامۇ يوقالدى. ئەتراپتا گويا ئىنسى-جىنمۇ بولۇپ باقمىغاندەك سۈرلۈك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. قىيا ئادەمنى تاپتۇق. ئۇ بىر شالاڭ چۆپلۈكتە يىقىلىپ ياتقانىكەن، سەل نېرىراقتا ماكچىيىپ قالغان ھارۋا چاقى تاشلىنىپ ياتاتتى. قىيا ئادەم قىمىرلىدى. ئورنىدىن تۇردى. ئۇستىبېشىنى بىرەر قۇر قېقىۋېتىپ قېشىمىزغا كەلدى. ئۇ نېمىشقىدۇر لوئىزانى ئەيىبلىمىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. لوئىزانىڭ تەنتەكلىكى، قارامىلىقى ئەسلىدە مېنىڭ ئاچچىقىمنى كەلتۈرگەنىدى. قىيا ئادەمنىڭ مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ بوشاپ قالدىم. قايسىبىر كۈنىدىكى مېنى جىملەشكە تېگىشلىك بىر ئىشتا لوئىزانىڭ «ئازماس خۇدا، ئازمايدىغان بەندىنى باقمايدۇ بۇ دۇنيا» دەپ كەڭ بولغانلىقى ئېسىمگە چۈشۈپ ئۈنچىقمىدىم.

كەچ كىرىپ كەتكەنىدى. گۈگۈمنىڭ قارا گىرىپتىشىن پەردىسىنى كۆپ تىللىق كۈمۈش قايچىسىدا قىرقىۋېتىپ، ئاسمانغا پەرىزات سالاپىتىدە تولۇن ئاي كۆتۈرۈلدى. ئۇ، دەسلەپ دات باسماس پولاتتىن ياسالغان لېگەنگە ئوخشاش سۇس يورۇدى، كېيىن گۈگۈگا ئەينەكتەك كۆرۈنۈپ بارا-بارا نۇرلاندى. ئۆزىنىڭ سېھىرلىك پەرىزاتلىق ئەسلىنى ئايان قىلىپ شالاڭ بۇلۇتلار ئىچىدە ئاۋازسىز كۈلۈپ نازلىنىپ يۈگۈردى، سەكرىدى، تاتلىق تەبەسسۇم قىلدى. تەبەسسۇمىدىن تارالغان شولا دولقۇنىدا خۇشاللىقمۇ، قايغۇمۇ باز ئىدى. ئىچكى دۇنيا مۇرەككەپلىكلىرى سىڭگەن بۇ شولا دولقۇنى ئىگەر شەكلىدىكى تاغلار قاتارلىرىدىن، قىيالار، يارداڭلاردىن شەپىسىز ئاتلاپ ئۆتۈپ، جىلغىلاردا، توقايلاردا قارا كۆلەڭگىلەرنى پەيدا قىلدى، ئۇلارغا سۈرلۈك ۋە ئېچىنىشلىق تۈس بەردى. قاپتاللاردا، قىيالىقلاردا، ئېدىرلاردا ھەممە نەرسە چۈشتىن كىيىندەك گىرىمسەن، سۇزۇك، ئىشەنگۈسىز جانلىق بولۇپ كۆرۈلدى. ھوزۇرلۇق يېنىك شامال مۇشكى ئەنبەر ئىسكىدەك خۇش پۇراق ئېلىپ كېلىپ، ھاۋانى تازىلىدى. ھاياتلىققا خىياللىق، دولقۇنلىنىش، تۇيغۇ لەززىتى ۋە شېرىن بوششىلار، بېغىشلىغۇچى بىر سىرلىق قۇدرەت زېمىننىڭ ئويقۇسىنى ئىڭشىماقتا، تەڭشىمەكتە ئىدى.

٥ بىز ئۇچىمىز پاراڭلاشقاچ ئالەمىزغا ماڭدۇق. ئېدىرلىقلار، يازلىقلار، تاغ

يوتىلىرىدىن ئاۋايلاپ ئۆتتۇق. ساي بويىدىكى كىچىكرەك تۆپىلىككە كەلگەندە توختىدۇق. بۇ يەردە قويۇق ئۆسكەن چاتقاللار بار ئىدى. پەستە شىرقىراپ ساي سۈيى ئاقاتتى. مۇشۇ تۆپىلىكتە تۈنەيدىغان بولدۇق. لوئىزا ئىككىمىز دەرەخ ـ چاتقاللارنى ئاربلاپ قۇرۇق شاخ ـ شۇمبىلارنى يىغىپ كېلىپ كەڭرەك جايغا گۈلخان ياقتۇق. قىيا ئادەم سايغا چۈشۈپ سۇ ئېلىپ چىقتى. بىردەمدىلا چاي تەييار بولدى. قورساقنى ئازراقتىن كوللىنغاندىن كېيىن، گۈلخاننى چۆرىدەپ يانپاشلاپ دەم ئالغاچ پاراڭغا چۈشتۇق.

كەچمىشلەردىن تەسىراتلار، كەلگۈسى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلار كۆپ ئىدى. قىيا ئادەمنىڭ كېيىي ئەمدىلەتىن ئەتىكى پائالىيەت تېمىسىغا كۆچۈۋېدى، ئۇشتۇمتۇت باش ئۈستىمىزدە ئوق يىلان ئۇچۇپ ئۆتكەندەك ۋىژىلدىغان ئاۋاز چىقتى. ئاۋاز بىلەن تەڭلا دېگۈدەك كۆكتىن پىرقىراپ بىر سالما چۈشۈپ، لوئىزانىڭ بويندىن بوغدى ـ دە، ئۇنى دارقىرىتىپ سۆرەپ ماڭدى. مېڭەمدىن پۇرقىراپ تۈتۈن چىقىپ كەتتى. مەن ئورنىمدىن قانداق چاچراپ تۇرغانلىقىمنى، گۈلخاننىڭ ئۈستىدىنلا سەكرەپ ئۇ تەرەپكە ئۆتكەنلىكىمنى تۇيمايلا قاپتىمەن. سالما ئۈستىگە ئۆزۈمنى تاشلىدىم ـ دە، ئۇنى چىڭ سىقىمداپ بىر يۇملاپ، تىرەجەپ ئالدىمغا تارتتىم. بىراق تازا كۈچ بېرەلمىدىممۇ ـ نېمە بولدى، سالما ئۆزۈمنى قوشۇپ سۆرەپ ماڭدى. ئاڭغىچە قىيا ئادەم قول سوزۇپ قالدى. قولى تېگە ـ تەگمەيلا شۇنداق قاتتىق تارتتىكى، سالمىنىڭ نېرىقى بېشى ئۆز ئىگىسى بىلەن قوشۇپ يەنە ئىككى ئادەمنى قاراڭغۇلۇقتىن بىراقلا سۇغۇرۇپ چىقىپ گۈلخان ئوتىنىڭ ئىچىگە چۆرۈۋەتتى. ئۇلار تىغ چالا سانچىلغان ياۋايى ھايۋانلاردەك چىرقىرىشىپ، كۆيۈۋاتقان ئوتتىن يۇملاپ چىقىپ، ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قېچىشتى. لوئىزا بىرىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋېدى، ئۇ دۈم چۈشتى. مەن ئۇنى كەجگىسىدىن ئىتتىنى قامالىغاندەك قامالاپ سۆرەپ ئوت يورۇقىغا ئېلىپ كەلدىم. بۇ دەل يەنە شۇ بىر كۆزلۈك لەنەتگەردى قاراقچى ئىدى. كۆرۈپلا سەپرايىم سەككىز گەز ئۆرلىدى. پۈكلەپ دېسىلدىم، سىلكىشلەپ بېشىنى يالقۇنغا نەچچە پاتۇرۇۋەتتىم.

— ھۇ يۇندا ئىچكەن قارىغۇ موخۇ، ئۆلگەن مالنىڭ ئۆپكىسىدەك تەلەتىڭگە قاراپراق ئىش قىلساڭ بولمامدۇ.

— مەن، مەن ... سىلەردىن قورقمايمەن ... — دېدى ئۇ ساق كۆزىنى پىلدىرلىتىپ چەكچىيىپ قاراپ.

— نەشە چېكىۋالدىڭمۇ نېمە ھوي ئىشرىق كاللا! — دېدىم مەن زەردە بىلەن، — ئىنلاھىم يىرىڭغا پېتىپ تۇنجۇقۇپ ئۆلەرسەن.

قىيا ئادەمنىڭ تەمكىن ئاۋازى گېپىمنى بۆلۈۋەتتى:

— ئارىمىزدا ھېچقانداق ئاغرىق، ئاداۋەت يوق تۇرۇقلۇق، سەن نېمىشقا بىزگە قايتا ـ قايتا چېقىلىسەن، ئىزىمىزنى پۇراپلا يۈرۈيسەن؟

— سىلەر مېنىڭ مەشۇقۇم كۆمۈشقىزنى ...

— جۆيلىمە، چۈشۈڭدىكى چۆچۈرىنى ساناپ شۆلگەيي ئېقىتىدىغان مۇتتەھەم لامزەللە ئوخشىمامسەن، ئۇيات، ئۇ قىزنىڭ چەم يۈزۈڭنى كۆرەرگە كۆزى يوق! — دېدىم مەن

ئۇنىڭ بېشىنى ئوتقا يەنە بىر قېتىم تىقىپ تارتىپ.

— كۈمۈشقىز ئۆيگە كەتكەن، بۇ بىزنىڭ لويىزا ئەمەسمۇ، ھەممىلا قىز كۆزۈڭگە كۈمۈشقىز كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدىمۇ-يە؟

— كۆزلىرىم بەك ئېنىق كۆردۇ، كۈمۈشقىزنى بەرمىسەڭلا ئالتۇنقىزنى ئېلىۋېرەي دېمەيمەنمۇ؟ ھا، ھا...

كۆزۈمگە مۇشت تېگىپ ئوت چاچرىتىۋەتكەندەك تۇيۇلدى. غەزەپ ئەقلىمنى كەستى بولغاي، مەن ئۇنىڭ قوللىرىنى تارتىپ ئالدىغا قىلىپ باغلىدىم-دە، دەس كۆتۈرۈپ ئېلىپ پىرقىرىتىپ ئوتنىڭ ئىچىگە ئېتىۋەتتىم:

— تۈزەلمەس تۈزكور قەلەندەر، ۋىجدانى قۇرتلاپ كەتكەن قارىغۇ ئابدال لالمىسى، زەھەرلىرىڭنى مۇقەددەس ئوت تازىلىسۇن!

ئۇ يۈرىكىگە نەيزە تىقىلىۋاتقاندەك جان ئاچچىقىدا دالىنى بېشىغا كىيىپ چىرقىرىدى، ئىڭراپ تولغىنىپ ۋارقىرىدى. قاراڭغۇلۇقتىن ئاتلارنىڭ دۈپۈرى، كىشنەشلىرى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ شېرىكلىرى، قولچوماقلىرى بولسا كېرەك. بىراق، مەندە نە قورقۇش، نە شەپقەت يوق ئىدى. كۈتۈلمىگەندە قىيا ئادەم مېنى بىر چەتكە ئىتتىرىۋېتىپ، بىر كۆزلۈك، قانسىراتمىغان ئۆپكە تەلەت بۇ كۆيدۈرگە مۇتتەھەمنى ئوت ئىچىدىن ژىن يالاۋاتقان ئىتنى، زەھەرگە تولغان كۆزەينەكلىك بوغما يىلاننى چىقارغاندەك يۇلۇپ كۆتۈرۈپ چىقتى-دە، قاراڭغۇ دالىغا قاراپ ئېتىۋەتتى:

— يوقال چۆپرەندە!

بىر كۆزلۈك ئىككى يۈزلىمە باتۇر چالا كۆيگەن ياۋا توڭگۇزدەك چىرقىراپ قاراڭغۇلۇققا كىرىپ غايىپ بولدى. ۋارقىراشلار، ئاتلارنىڭ دۈپۈر-دۈپۈرلىرىمۇ يىراقلاپ كەتتى.

بىز گۈلخان تۆۋىدە ئۈزۈلمە پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. گۈلخان ئۆز يورۇقىنى دەرەخلەرنىڭ ئارىلىرى ئارقىلىق يىراقلارغا يەتكۈزەتتى. چوكسىيىپ كىچىكلەپ، تىترەپ يۈرگەن ئوت شولىسى يەردە، ئادەملەرنىڭ چىرايلىرىدا، دەرەخلەرنىڭ يېشىل تاجلىرىدا توختىماي سەكرەيتتى. ئاسماندا بۇلۇتلار شالاڭلاشتى. يۇلتۇزلار كۆز قىسىشقىلى باشلىدى. تولۇن ئاي ئۇپۇقتا پارچە تاغنى ئەسلىتىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغان چوڭ بۇلۇتنىڭ كەينىدىن بېشىنى چىقىرىپ قارىدى، بۇ قېتىم نېمىشقىدۇر ئۇ يىراقتىكى ئاق چاچلىرى پاخپىيىپ توزۇپ تۇرغان مىسكىن ئانامغا ئوخشاش كۆرۈندى. تارام-تارام نۇرلىرى ئۇنىڭ غېرىبلىقتا تۆككەن كۆز ياشلىرىنى ئەسلەتتى. كۆڭلۈمگە ئىسسىق بىر نەرسە كەپلەشكەندەك بولۇپ گەپ قىلالماي قالدىم.

— گەپلىرىڭىز بۇ ئەسىر ئىچىدە تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى-يۇ، قۇملۇققا كىرىپ قالغان دەريادەك ئۇشتۇمتۇت ئايغى چىقماي ئۈزۈلدىغۇ، دەسمىي غالتەككە چىقىپ قالدىمۇ-نېمە؟ — دېدى لويىزا چاقچاققا يۆلىگەن ئەستايىدىللىق بىلەن.

— سىز كىمۇسىز قالسۇن-دە، دۇنيادا تىڭشاشقا ئامراقلار ھامان ئاز بولىدۇ، ئەمەسمۇ، ئەمەلىيەتتەمۇ، سىزنىڭ بىلىدىغانلىرىڭىز بىزنىڭكىدىن كۆپتەك تۇرىدۇ، —

دېدى قىيا ئادەم.

— نەدىكىنى، ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، — دېدى لوئىزا ماڭا مەنىلىك قاراپ قويۇپ كەمتەرلىك بىلەن، — بەزىبىر نەرسىلەردىن ئاز - تولا قولاق موللىسى ئىككەنلىكىمىز راست، ئىراق، ھەممىسى تومتاق، يۈزەكى ماتېرىياللار. مانا مەسىلەن، سىبىلەرنىڭ بۇ گۆھەر ماكانىڭلار شەرقشۇناسلىقتا ئەپسانىۋى بىر دۇنيادۇر. ئۇيغۇر خەلقى مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىرى ئوخشايدۇ.

— ف. ن. سكرىن ۋە ئې. د. روسىن تۈزگەن «ئاسىيانىڭ يۈرىكى» دېگەن كىتابنىڭ 124 - بېتىدە «تۈركىي مىللەتلەرنىڭ پەيدا بولغان يۇرتى ئالتاي تاغ تىزمىلىرىدۇر. ئۇلار شىمال، غەرب، شەرقتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن، — دېدىم مەن چۈشەنچە بېرىپ، — خەنزۇچە ئۇكيانىستا، تۈركلەر كەڭ مەنىدە تۇرالارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنى، تار مەنىدە، تۈركلەرنى بىلدۈرىدۇ. تۈركلەر 6 - ئەسىردە ئالتايدا باش كۆتۈرۈپ، مىلادى 552 - يىلى ئۇرخۇن دەرياسى ۋادىسىدا دۆلەت قۇرغان. چېگرىسى شەرقتە لياۋخېيدىن غەربتە غەربىي دېڭىزغىچە (ھازىرقى كاسپىي دېڭىزغىچە، بەزىلەر ئارال دېڭىزىغىچە دېيىشىدۇ)، جەنۇبتا ئامۇ دەرياسىدىن شىمالدا بايقال كۆلىگىچە ئىدى، دېگەن ئىزاھ بار، ئۇيغۇرلار قەدىمكى زاماندا، تۇرا دەپ ئاتىلاتتى. تۇرا ئاتالغۇسى بىلەن تۈرك ئاتالغۇسى ئاھاڭ جەھەتتىن يېقىن بولۇپ، ئەسلىدە بىر تۈپ سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردا سۆز، ئىسىملارنى «ۋك، ئەك» قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەيدىغان ئادەت ھېلىمۇ بار: كۆڭگەن - كۆنۈك، تۇردى - تۇرەك، ئۇرا - ئۇرەك ۋەھاكازا.

— بۇ يېڭى بايقاش ئوخشىمامدۇ، بۇنداق قاراشنى ئىلگىرى ئاڭلاپ باقمىغانىكەنمەن، — دېدى لوئىزا.

— ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۈركىي تىللار تۈركۈمىنىڭ غەربىي ھون تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىزچىل تۈردە ئالتاي ۋە تەڭرىتاغ بىلەن باغلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن قارىغاندا، ئۇلار ساكلار، ھونلار بىلەن چېتىلىدۇ، — دېدىم مەن.

— دەرۋەقە،ساك، ھون، ئۇيسۇن، ياۋچىلار تۈركىي قەبىلىلەرنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەۋملەر ئىدى، — دېدى قىيا ئادەم، — ئۇيغۇرلار ئارامى يېزىقى ئاساسىدا ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان كارۇشتى يېزىقىنى ئىشلەتكەنتى. رۇنى يېزىقى ئاساسىدا ئۆزلىرى ئىشلەپ چىققان ئۇرخۇن - يەنسەي يېزىقى ئاشۇ يېزىق شەكلىدىن پايدىلىنىپ ئۆزگەرتىلىپ ئىجاد قىلىنغان. خوتەن ئاقسېپىل قەدىمكى شەھىرىنىڭ كېسەكلىرىدىن تېپىلغان مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىرگە تەۋە يېزىقلار بۇنى دەلىللەيدۇ.

— ئۇيغۇر دېگەن نام ھەققىدىمۇ گەپلەر كۆپ ئىكەن، — دېدى لوئىزا كۈچەپ، — ئۇيغۇر ئەسلىدە ئۇيغۇر ئاتىلارمىشكەن، خەنزۇچە تارىخنامىلەردىكى خۇ ئاتالغۇسى بەلكى شۇ سۆزدىن كەلگەن بولغىيدى.

— يۇتۇنلەي شۇنداق ئىدى دېگىلىمۇ بولمايدۇ، خۇ ئاتالغۇسى كەڭ ۋە تار

مەندە قوللىنىلغان، — دېدىم مەن، — ئۇيغۇرلار سۆزىنىڭ مەنىسىنى ئادەتتە كىشىلەر «ئۇيۇشقۇرلار» دەپ چۈشىنىدۇ، ئاتاقلىق ئالىم مەھمۇت قەشقەرى بولسا بىرىنچىدىن ئۆلكە، ئىككىنچىدىن خەلق، دەپ ئىزاھلىغان.

— قەدىمكى شەرق ۋە غەرب يازما مەنبەلىرىدە ئۇيغۇرلارنى تارىختا ياشاۋاتقان جايلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ خىلمۇ خىل ناملاردا ئاتىغان، — دېدى قىيا ئادەم،— يۇنان تارىخچىسى مىلادى 2 - ئەسىردە بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنى «ئۇيغۇدلار» دەپ يازغان. ئەرەب ۋە پارس مەنبەلىرىدە «توغۇزغۇر» دەپ خاتىرىلەنگەن.يەنە باشقا بەزى تارىخي ماتېرىياللاردا «خور»، «خويۇۋۇر»، «خودخور» دېيىلگەن.

— خەنزۇچە تارىخنامىلەردە، — دېدىم مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — تارىخچىلار شەرقي ئۇيغۇرلارنى يۈەنخى، ۋىخې، غەربىي ئۇيغۇرلارنى ۋۇخۇ، ۋۇخېي دەپخاتىرىلىگەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى خەن دەۋرىدە ئالتاي ئەتراپىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنى خۇجې دەپ ئاتىغان. بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئۆزگەرگەن.

— ھونلار غەربكە كۆچكەندە ئىدىل خان باشچىلىقىدىكى غەربىي ھون قەبىلىلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ «ساراغۇر»، «ئون ئوغۇر»، «قۇت ئوغۇر» دېگەن قەبىلىلىرى بار ئىدى، — دېدى قىيا ئادەم، — بۇ قەبىلىلەردىن «ئۇغۇرلار» ئەسلىدە ئېرتىش دەرياسى ئەتراپىدا ياشايتتى.

— ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى قەبىلىلەرنىڭ سانى بەك كۆپ، بىر بىرلەپ ئېنىق ساناپ چىقماق قىيىن، — دېدىم مەن.

— ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي تەركىبى «توققۇز ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىدىغان ئىچكى توققۇز ئۇرۇق، «توققۇز ئوغۇز» دەپ ئاتىلىدىغان تاشقى توققۇز قەبىلىدىن تەشكىل تاپقان، — دېدى قىيا ئادەم. گۆھەر قۇتىنى چىقىرىپ، ئۇ ئاللىنېمىلەرنى پىچىر-لاپ گۆھەر قۇتىنىڭ ھېكمەتلىك توگمىسىنى باستى، — مانا قاراڭلار!

بىز گۆھەر قۇتىغا قارىدۇق. ئۇنىڭ تىلسىم ئەينىكى سۈزۈلۈپ نۇرلاندى، ئاندىن سۈرەتلەرنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. بۇ جاھان ئەينىكىدە ئاۋۋال ئالتاي تاغلىرى كۆ-رۈندى. سۇۋۇقلار، تام ئۆيلەردە كۆرەك بېسىپ تۆمۈر تاۋلاۋاتقان، قىلىچ سوقۇۋاتقان ئادەملەر كۆرۈندى. تۈلۈملانغان تېرە، ياغاچ ساندۇقلاردىن ياسالغان كۆرەكلەرنىڭ رىتىملىق ھەرىكەتلىرىگە ئەگىشىپ، ئوچاقلاردىكى ئوتلار تۇركۈملەپ ئۇچقۇنلار چاچ-رىتىپ لاۋۇلدايتتى، گۇرۇلدەيتتى. قىسقۇچلاردا قىسۇۋېلىنىپ، سەندەللەرگە قويۇلغان قىپقىزىل تۆمۈرلەرنى ئېغىر بازغانلار گۇرسىلدىتىپ ئۇراتتى. ئەينەكتىكى كۆرۈنۈش ئالماشتى. يايلاقلار ئېتەكلىرىنى يايدى، شەپەق پۈركەۋاتقان ئوت ئۇچقۇنلىرى ئۆچ-كەندە، ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان بىر توپ قورallıق ئادەملەر پەيدا بولدى. قوللى-رىدا نەيزە، قىلىچ، ساداقلارنى كۆتۈرۈۋېلىشقان بولۇپ، تۇغلىرى لەپىلدەيتتى. ئۇزا-يىدىن قارىغاندا، جەڭ ئالدىراشلىقىدا جىددىيلەپ كېتىۋاتقان بولسا كېرەك.

— بۇلار ئالتايلىق، كۆكتارتىلىق ياغلاقار، ئۇنىغۇر قارلۇقلار، ياغمىلار، — دېدى

قىيا ئادەم، — ئەمدى تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى ئىزگىل، غون، قوغۇرسۇ، باسمىللارنى كۆرۈڭلار.

گۆھەر قۇتىنىڭ جاھان ئەينىكىدە كۈنگۈرلىك سېپىللار كۆرۈندى. ھەيۋەتلىك شەھەر دەرۋازىسىدىن قاقىرلاردەك سەپ تۈزۈشكەن ھارۋىلار كىرىپ كېتىشتى. ساندۇقلار ئارتىلغان تۆگىلەر كارۋىنى چىقىپ، بوستانلىقنى كېسىپ ئۆتكەن يولنى بويلاپ مېڭىشتى. تۇراقسىز ئۇپۇقلارنى كۆرسىتىپ ئالدامچىلىق قىلىۋاتقان چەكسىز چۆللەر قوينىغا سىڭىپ كېتىشتى.

— مانا ئىسسىقكۆل، دۇنخۇاڭ، تۇرپان، تەڭرىتاغ، ئېمىلدا ياشاپ كەلگەن جابىرقالار، ئوغۇزلار. بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توققۇز قەبىلىسى تەركىبىدىكى قەبىلەلەردۇر، — دېدى قىيا ئادەم قۇتا ئەينىكىنىڭ تەڭشىگۈچىنى تەڭشەپ.

گۆھەر قۇتا ئەينىكىدە، ئاسمانغا ئۆز جامالىدىن كۆرۈنۈشلەر بېرىۋاتقان ئىسسىقكۆلنىڭ زۇمرەت سەتھى كۆرۈندى. سۈزۈك ئۆركەشلەر نۇرلارنىڭ پەردىلىرىدەك تىترىدى، لەپىلدىدى. چىمەن قىرغاقتىكى بەرقۇت يايلاقتىن بۇغا - ماراللار چېپىپ ئۆتۈشتى. قۇياش لەۋ يېقىپ سۆيۈۋاتقان ئېگىز قىيا تاش ئۈستىگە كۆك يايىلىق قىران بۆرە چىقىپ، يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى، تۇرنىلار قاتارلىشىپ ئۇچۇپ ئۆتتى. كىگىز ئۆيلەر، كۆك دېڭىزدىكى ئاق يەلكەنلەردەك تاۋلاندى. تام ئۆيلەر، ئەگىم كوچىلىق مەھەللىلەر يېشىل چۈش كۆرۈۋاتقان بۆككىدە تاللارغا، سۇۋادانلارغا ئورۇنىۋالغاندى. گۈل - گىياھلارنىڭ بەرگىلىرىدە تۇمانلارنىڭ كۆز ياش ئۈنچىلىرى يالتىرايتتى. كەڭ سايلىقتا جەڭ مەيدانى يۈز ئاچتى. قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ مىڭلىغان چەۋەندازلىرى قىقاس بىلەن بىر - بىرىگە قارشى ئات سېلىپ كېلىشىۋاتاتتى؛ ئۇنلىغان يېشىل، قارا بايراقلار لەپىلدەپ ئۇچۇپ بېرىپ ئارىلىشىپ كېتىشتى. ئۇرە - ئۇر سادىسى يەر - كۆكنى تۇتتى. بولۇتتەك تورۇلۇپ كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان جەڭ مەيدانىنى قاپلاپ يۇتۇپ كەتتى!

— تەڭرىتاغنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىدا ھەرىكەت قىلغان بۆركلى، ئاپا، بوقۇ، ياباقۇ قاتارلىق قەبىلەلەرمۇ ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى قەۋملەردۇر، — دېدى قىيا ئادەم.

گۆھەر قۇتىنىڭ جاھان ئەينىكىدە ئاسمان - پەلەكتىكى چوققىلار ئارىسىغا ئورنىتىلغان ئاجايىپ خىسلەتلىك يوغان گۆھەر ئەينەكتەك پارقىراپ تەڭرى كۆلى كۆرۈندى. يايلاقتا چوپانلار بولۇتتەك چارۋىلىرىنى قايرىيتتى. تارىمنىڭ لايقا ئېقىنى دەھشەتلىك قايناملارنى ياساپ گۈلدۈرلەپ ئاقاتتى. ئۇنى ئىككى قاتتىكى قىيالىقلار، يېشىل ۋادىلار، گىياھسىز قۇم بارخانلىرى، يۇلغۇنلارنىڭ بىھېساب گۈلخانلىرى، توپا چىراي سارغۇچ توغراق ئورمانلىرىنىڭ چەكسىزلىكلىرى ئوزىتىپ قالماقتا ئىدى. كۆجۈم - كۆجۈم كەنتلەر، ئۇپۇققا لەۋ ياققان بوغدايلىقلار، قوناقلىقلار، بېدىلىكلەر، كېۋەزلىكلەر، قوغۇن - تاۋۇزلۇقلار، جىگدىلىك، ئۈجمىلىكلەر، كۆكتاتلىقلار، ئۆزلىرىدىكى ساپ ھاۋا، رەڭدارلىق، شېرىن سەھرا پۇراقلىرى بىلەن كىشىلەر قەلبىدە كەڭلىك تۇيغۇسى، زوقلىنىش ھاياجىنىنى ئويغىتىدۇ. ئانار، ياڭاق، ئۈزۈم، بادام، ئالما،

ئەنجۈرلۈك باغلاردىن ناخشىلار، قۇشلارنىڭ ناۋالىرى ئاڭلاندى. تۈز ئۆگزىلىك ئۆيلەر،
پەدلە تەۋەكلىرى، پاپكارچىلىق - گىلەمچىلىك دۇكانلىرى، نانلىرى شەپەقتەك قىزى-
رىپ پىشۋاتقان تونۇرلار، مەززىلىك ھىد تارقىتىۋاتقان كاۋاپدانلار، مىسكەرلەر،
تۆمۈرچىلەرنىڭ بازغانلىرى، زەرگەرلەرنىڭ بولقىلىرى، بىگىز سانچىلىۋاتقان ئۆتۈك،
پوپۇشلار، گۈل چېكىلىۋاتقان قاشتاشلىرى كۆرۈنۈپ، ئۇلار شەكىللەندۇرگەن شاۋقۇن
ھاياتنىڭ تۈگىمەس كۈيىنى جاراڭلاتتى. سۇرلۇك قورغانلار، شەھەرلەر، ئىبادەتخا-
نىلار، ئىمارەتلەر يۈز ئاچتى. ئېتىزلاردا ئىشلەۋاتقان تېرىمچىلار، تاغلاردا ئالتۇن،
تۆمۈر قېزىۋاتقان ئىشلەمچىلەر، بازارلاردا سودا قىلىۋاتقان، شەھەر چەتلىرىدە سېپىل
سوقۇۋاتقان ئادەملەر ئۆز قان - تەرلىرىدە يارالغان تارىخىي مەنزىرىلەر ئارقىلىق
دىللاردا ئابىدىلەرنى قالدۇرۇپ ئۆتۈشتى.
— خەن سۇلالىسى تارىخى «غەربىي ئەل تەزكىرىسى» دىكى يولئېرىق، بارى-
كۆل، يېڭىسار، ئولمەلەردىمۇ «چىياڭ، دىلارغا ئوخشاش خەقلەر بار»، «سۈينامە» نىڭ
84 - جىلدىدىكى «ئېۋىرغول (قۇمۇل) نىڭ غەربىدىن ئاگىنى (قاراشەھەر) نىڭ شىما-
لىغىچە ئاقتاغ (تەڭرىتاغ) ئېتەكلىرىدە ۋۇخۇلار بار» دېگەن بايانلاردىكى دى، ۋۇ-
خۇلار ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. خەنزۇچە خاتىرىلەر ۋە تارىخىي رەشىدىيەدە ئېيتى-
لىشىچە، لوپنۇر ئەتراپىدىمۇ سېرىق ئۇيغۇرلار بار ئىدى، — دېدىم مەن.
گۆھەر قىۋىتىنىڭ جاھان ئەينىكىدە باش - ئاخىرى كۆرۈنمەس ھارۋا كارۋانلىرى
كۆرۈندى. ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمۇ، باخشى - ئۆلىمالىرىمۇ، لەشكەر، پۇقرالىرىمۇ ھارۋى
كېتىۋاتاتتى. ئالتۇن، كۈمۈشلەر، چېدىر، كىگىز ئۆيلەر جاھازلىرى، تام ئۆيلەرنىڭ
لىم - چەگىزلىرى، خىشلار، دەرۋازىلار، قورال - ياراق، ئوزۇق - تۈلۈكلەر، ئەتلەس،
تاۋارلار، گىلەملەر، كىتابلار، توي - تۆكۈنچىلەر، ئۆلۈم - يېتىمچىلەرمۇ ھارۋىدا كې-
تىۋاتاتتى، ھارۋا قاتارلىرىنىڭ ئالدى - كەينىلىرىدە، بەزىدە ئىككى تەرەپلى-
رىدە قۇرۇقچى چەۋەندازلار ئات ئوينىتىپ قالاتتى.
— ئۇيغۇرلار ھارۋىغا نېمانچە ئامراق؟ — دېدى لوئىزا ھەيران بولۇپ، — ھارۋا
مىللىتى دېسىمۇ بولغۇدەك.
— دالا، چۆللىرىمىزنىڭ چەكسىزلىكى شۇنداق قىلىشنى بەلگىلىگەن بولغىيدى، —
دېدى قىيا ئادەم، — دەرۋەقە ئۇيغۇرلار ھارۋىلىرىنىڭ چاقلىرى يوغان بولغاچقا،
ئېگىز ھارۋىلىقلار — قانقىللار دەپمۇ ئاتالغان.
— خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە، — دېدىم مەن لوئىزانىڭ خەنزۇچىغا ئۇستا ئىكەن-
لىكىنى، دېگەن چاقچىقىنى ھېسابقا ئېلىپ تەكىتلەش تەلەپپۇزىدا، — ئېگىز ھارۋىلىقلار ئەس-
لىدە چېلىي دەپ ئاتالغان، مىلادى 4- ئەسىردە تېلىي دەپ ئاتالدى. ئۇلار ئۇ چاغلاردا ئالتاي
تاغلىرى، تەڭرىتاغلىرىدىن موڭغۇل يايلىقى ۋە ئىدىل دەرياسىنىڭ بويلىرىغىچە تارقىلىپ
ئولتۇراقلاشقانىدى. ئۇيغۇرلار مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى دىڭ لىڭ دەپ خاتىرىلەنگەن
بولۇپ، شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملارغا بۆلۈنەتتى. شەرقىي قىسمى سىبىرىيىدىكى بايقال
كۆلىنىڭ جەنۇبىدا، غەربىي قىسمى ئالتاي، تەڭرىتاغلىرىدىن بالقاش كۆلى ۋە بايقال

www.uyghurkitap.com

كۆلىگىچە سوزۇلۇپ ياتقان زېمىندا ياشايتتى. ئۇنىڭدىن بىرنەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى جۇ، شىيا دەۋرلىرىدە بولسا دىلى، دى، چىدى دەپ ئاتالغان. «ۋېينامە» نىڭ 130 جىلدىدا «ئېگىز ھارۋىلىقلار قەدىمكى چىدىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، دەسلەپتە دىلى ئاتالغان، شىمالدا چىلى، شىيا قەبىلىلىرىدە ئېگىز ھارۋىلىقلار، دىڭلىڭ دەپ ئاتالغان» دېيىلگەن. يەنە بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا، چىلىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ھونلار بىلەن تەگداش، ھونلارمۇ چىلىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدۇر، دېيىلگەن.

كۆھەر قۇتنىڭ جاھان ئەينىكىدە تورالارنىڭ تۈركلەر شەھىرىگە ھۇجۇمغا كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشى پەيدا بولدى. لەشكىرىي قوشۇن تەگسىز ھاڭلارنى ئېگىپ ئۆتۈپ، داۋانلارغا ياماشماقتا. ئالماستەك يالتىرىغان قار - مۇزلۇق چوققىلاردىن چۈشمەكتە. چەۋەندازلار مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ساداق ئوقلىرىغا قارىماي، دولقۇن ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ئات سالماقتا. ئوكغۇل - دوكغۇل ئېدىرلاردا، پايانسىز گوبىلاردا جىددىي لەشكىرىي يۈرۈشلەر داۋاملاشماقتا. قاراڭغۇ ئورمانلاردا گۈلخانلار لاۋۇلدايدۇ.

— سۈي سۇلالىسى ۋاقتىدا، غەربىي تېلېلەر غەربىي تۈركلەرگە قارشى كۈرەشتە خانلىق قۇرغان. شەرقىي تۈركلەر يىمىرىلگەندىن كېيىن، شەرقىي تېلېلەر خانلىق ئورناتقان، — دېدى قىيا ئادەم.

كۆھەر قۇتنىڭ جاھان ئەينىكىدە مۇھاسىرە جەڭلىرى كۆرۈندى. ھۇجۇمچىلار ياغاچ قالپاقلارنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ مانجانىقلاردا شەھەرنى تاش - بوران قىلماقتا. يوغان - يوغان تاشلار، چاسلانغان ھۆل لىم ياغاچلار، يېقىلغۇ قاچىلانغان كوزىلار ھاۋادا غۇيۇلداپ ئۇچۇپ بېرىپ سېپىلغا، شەھەر ئىچىگە چۈشمەكتە. تەگكەن ھەر قانداق توسۇقنىڭ ئەبجىقىنى چىقارماقتا. شەھەر ئىچىدىن دەھشەتلىك يالقۇنلار كۆتۈرۈلمەكتە. ئىمارەتلەر گۈمۈرۈلمەكتە. يەر - ئاسمان گۈۋۈلدىمەكتە. ئارغامچىلار بىرىگە ئۇلاپ چېتىلغان شوتىلار سېپىلنىڭ تەرەپ - تەرەپلىرىگە قويۇلماقتا، باشلىرىغا دۇبۇلغا، ئۇچىلىرىغا ساۋۇت كىيىپ، ئەگرى قىلىچ تۇتقان يىگىتلەر قورقۇمسىزلىق بىلەن يۇقىرى ئۆرلىمەكتە. قوغدانغۇچىلار ھۇجۇمچىلارنىڭ بەزىلىرىنى شوتىلىرى بىلەن بىللە قوشۇپ ئۇلاقتۇرۇپ تاشلىماقتا. ئۇلارنىڭ باشلىرىغا تاش، خىش، ئوق ياغدۇرماقتا. قايناق سۇ، ئېرىتىلگەن مۇم قۇيماقتا. ھۇجۇمچىلارنىڭ بەزىلىرى سېپىل گىرۋەكلىرىدىن، شوتىلارنىڭ ۋاخىنىلىرىدىن ئوت تۇتىشىپ كۆيگەن پېتى يەرگە دومىلاپ چۈشمەكتە. ئۇشتۇمتۇت شەھەر دەرۋازىسى ئېچىلىپ قوغدانغۇچىلارنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمچىلىرى قارا بوراندەك بېسىپ چىقتى. قىيقاس - سۈرەن ھەممە يەرنى قاپلاپ ئۆر - يىقىت باشلاندى. ھەش - پەش دېگۈچىلا ئۇلار چاقماق تېزلىكىدە چېكىنىپ يەنە دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىشتى. بىر توپ ھۇجۇمچىلار بۇلغار قالقانلىرىنىڭ ھىمايىسىدە، تۆمۈر باشلىق لىمدىن ياسالغان قورغان بۇزغۇنى سۆرەپ كېلىشتى. ھە، ھۇ، دېيىشىپ ۋارقىرىشىپ شەھەر دەرۋازىسىغا زەرب بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى، شەھەر دەرۋازىسى غاراسلاپ سۇندى.

جاھان ئەينىكىدە ئوت كەتكەن قورغانلارنىڭ كۆيۈشى كۆرۈندى. قوللىرىنى ماتاپ باغلاپ ئېلىپ چىقىپ كاللىلىرىنى كېسىۋاتقان، ئاتلارغا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان

خاقانلار، خان جەمەتلىرى ياكى ۋەزىر، سەركەردىلەر كۆرۈنىدۇ.

— مىلادى 742 - يىلىدىن 743 - يىلىغىچە تۈركلەر ھاكىمىيىتى يىمىرىلدى، — دېدى قىيا ئادەم، — مىلادى 744 - يىلىدىن 840 - يىلىغىچە ئۇيغۇرلار ئۇرخۇن دەرياسى ۋادىسىدا ئۇيغۇر خانلىقى قۇرغان. چېگرىسى شەرقتە ھىنگان تاغلىرىدىن غەربتە ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىگىچە سوزۇلاتتى. گۈللىنىپ كۈچەيگەندە ئۇلارنىڭ كۈچى ئوتتۇرا ئاسىيا، كىچىك ئاسىياغىچە يېتىپ بارغان، بالاساغۇن شەھىرىنى ئۇلار شۇ چاغدا سالغان.

جاھان ئەينىكىدە ئاپەتكە يولۇققان شەھەر - سەھرالار كۆرۈنىدۇ. ئاچلىقتىن، ۋابا كېسىلىدىن ئىششىپ ئۆلۈۋاتقان ئادەملەر نالە قىلماقتا. كوچىلارغا، ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىۋاتقان يايلاق قەبىلىلىرىنىڭ ئالان - تاراج قىلىشلىرى، ئوت قويۇشلىرى، لەشكەرلەر ھىمايىسىدە توپ - توپ بولۇپ چېكىنىۋاتقان، كۆچۈۋاتقان ئاھالىلەر، تۆكىلەرگە، ئاتلارغا ئارتىلغان يۈكلەر، ئوق ئاۋازلىرى، قىيا - چىيالار ...

— بۇ ھاكىمىيەت مىلادى 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يىمىرىلدى. 840 - يىلى ئۇيغۇرلار ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ غەربكە كۆچتى، بىر تارمىقى گەنسۇدىكى خېشى كارىدورىغا، ئىككىنچى تارمىقى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب - شىمال ئېتەكلىگە، ئۈچىنچى تارمىقى پامىر تېغىنىڭ غەربىگە كۆچۈپ بېرىپ شۇ يەرلەردە ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر قەۋملىرى بىلەن بىرلىكتە ئايرىم - ئايرىم ئۈچ ھاكىمىيەت قۇرغان.

جاھان ئەينىكىدە سەھرا - شەھەرلەردىكى كۈتۈۋېلىشلار، قۇچاقلىشىشلار كۆرۈندى كۆز ياشلار ئۇچتى.

— ئومۇمەن، ئۇيغۇرلار خەنزۇ قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە گۈللىنىشى يولىدا ئۆچمەس تۆھپىلەر ياراتقان، — دېدىم مەن لوئىزاغا چۈشەندۈرۈپ، — قېنى بىز مىلادى 651 - يىلىدىكى بەشبالىقنى قايتۇرۇۋېلىش يۈرۈشىگە قاراپ باقايلى.

قىيا ئادەم گۆھەر قۇتىنىڭ تەگشىگۈچىنى تەگشىدى. جاھان ئەينىكىدە خەنزۇ، ئۇيغۇر لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ دوستانە كۆرۈشۈۋاتقانلىقلىرى، بىرلەشمە قوشۇننىڭ ئۆزئارا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ شەھەر سېپىلىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقى كۆرۈنىدۇ.

— «كونا تاڭنامە، ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە، «تاڭ سۇلالىسى يوڭخۇينىڭ 2 - يىلى (مىلادى 651 - يىلى) ئاشناقۇلى بەشبالىقنى بېسىۋالدى، پادىشاھ سەركەردە لياڭ جيەنفاڭغا يارلىق چۈشۈردى. چۇبەخالى ئىككى تۈمەن ئەسكەرنى باشلاپ، بەش تۈمەن ئۇيغۇر چەۋەندازلىرى بىلەن بىللە ئاشناقۇلنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، بەشبالىقنى قايتۇرۇۋالدى» دەپ خاتىرىلەنگەن ۋە شيەنچىڭنىڭ تۇنجى يىلى، ئاشناقۇلى يەنە چېگرىغا بېسىپ كەلگەندە، يارلىققا بىنائەن چىڭ چىرجىيە قاتارلىقلار قوشۇن تارتىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە ئاشناقۇلنى چاغاي تېغىدا يەنە جەڭيادا مەغلۇپ قىلىپ، ئۇ ئىگىلىگەن جايلارنى قايتۇرۇۋالغانلىقى بايان قىلىنغان، — دېدىم مەن، — ئەمدى مىلادى 821 - يىلىدىكى چوڭ قۇدىلىشىشنى كۆرەيلى.

كۆھەر قۇتىنىڭ جاھان ئەينىكىدە تاغ - دەريا، سەھرا، شەھەرنى كېزىپ يۈرگەن ئون مىڭلىغان ئۇيغۇر لەشكەرلىرى كۆرۈنىدۇ. لەشكەرلەر ھەيۋەتلىك شەھەر دەرۋازىسىغا تۇتىشىدىغان چوڭ يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا سەپراس تۇرۇپ مەلىكە تەيخې ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسىنى ئۇزىتىپ كەلگەن كارۋاننى قىزغىن قارشى ئالماقتا. مەلىكە تەيخې ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ كىشىنى شەيدا قىلىدىغان گۈزەل جامالىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلىدۇ.

— «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» نىڭ 241 - جىلدىدىكى مىلادى 821 - يىلىنىڭ 5 - ئاي بايانىدا «مەلىكە تەيخې ئۇيغۇر قاغانىغا ياتلىق قىلىندى. مەلىكىنىڭ سىڭلىسىمۇ بىللە ئىدى» دېيىلگەن. شۇ يىلىنىڭ 6 - ئاي بايانىدا «تۇبۇتلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن قۇدىلاشقانلىقىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا چىڭسەي قورغانىغا پاراكەندىچىلىك سالدى. ئەمما، يەنجۇ ئوبلاستىنىڭ ۋالىيسى لى ۋېنيۈ تەرىپىدىن زەربە يەپ چېكىندى. ئۇيغۇر قاغانى مەلىكىنى كۆچۈرۈپ كېتىشتە بەشبالىقتىن ئون مىڭ، ئەنشىدىن 10 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىپ، تۇبۇتلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى» دېيىلگەن.

— شۇنداق، — دېدى لوئىنزا خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ، — ھەرقانداق تارىخمۇ، مەدەنىيەتمۇ كۆپ مىللەتلەرنىڭ ئورتاق قان - تەرىدە يارىلىدۇ. بۇ جايلاردىكى قىيا رەسىملىرى، مىڭئۆي تام رەسىملىرى، تاش قورال دەۋرىدىن بۇيانقى ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى يىراق قەدىمكى دەۋرلەرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرى روشەن، مىللىي تۈسى قويۇق نادىر سەنئەت يادىكارلىرى ئىكەن.

— توغرا، — دېدىم مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ، — تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا تارىختىن بۇيان ئارىئانلار، ساكلار، ياۋچىلار، ھونلار، تۇرالار، چىياڭلار، ئۇيسۇنلار قاتارلىق قەۋملەر ياشاپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگىنىگە نەچچە مىڭ يىلدىن ئاشتى دېيىشىدۇ. مېنىڭچە ئاشۇلار ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىدۇر.

— شۇنداق قىلىپ بۇ مەدەنىيەتنىڭ قەدىمكى ئارىئان بوۋىلىرىمىزغا چېتىشلىق ئېلېمېنتلىرىمۇ باردەك قىلىدۇ. دەڭا، ئوھھوي، بۇ تەرەپلىرىڭلارغا قىزىقىشىم كۆپەيدى، — دەپ كۈلۈۋەتتى لوئىنزا. ئۇنىڭ شوخ كۈلكىسى تاغ ئىچىدە كاككۇكنىڭ سايرىشىدەك يېقىملىق سادا قوزغىدى، — شۇڭلاشقا سىلەرنىڭ تەن قۇرۇلۇشىڭلارنى كۆپ ئادەملەر ياۋروپالىقلارغا ئوخشىتىدىكەن - دە.

بۇ گەپ قىيا ئادەمگە ياقمىدى بولغاي، ئۇنىڭ چىرايى بىر قىسىملا پۈرۈشتى. ئۇ سوغۇققىنا قىلىپ ئىزاھات بەردى:

— بىز ئەزەلدىن ئاشۇ رەسىملەردىكىدەك سوزۇنچاق يۈز، قاڭشارلىق، ساقاللىق، ئەمبەل كېلىمىز، يېزىلىق؛ قاغىلىقلىرىمىز ئىچىدە ھازىرمۇ ئېگىز قالپاق كىيىدىغان ئادەت بار. قىز - چوكانلىرىمىز سۇمباتلىق بولۇپ، قاش - كىرپىكلىرى توم بولىدۇ، تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار قەدىمكى زاماندا بېلىنى بوغۇپ ئۇزۇن كۆڭلەك كىيەتتى: باشلىرىغا ئۆكە، پەي تاقايتتى. ھازىرمۇ ئارتىسلىرىمىز سەھنىگە ئۆكە، پەي تاقاپ

چىقىدۇ. بۇنداق قالپاق، ئۇكە، پەيلەر ياۋروپادا يوق.

— ئىشقىلىپ كۆپچىلىكىڭلارنىڭ كۆز چاناقلىرى سىزنىڭكىدەك، — دېدى لوئىزا نازۇك بارماقلىرىدا قاپىقىمنى بوشقىنا چىمداپ، — مۇشۇنداق چوڭقۇر، چوڭ، كۆز قاپاقلىرى مۇشۇنداق قوش قاتلىق كېلىدىكەن. ئاراڭلاردا ھازىرمۇ قارا چاچ، قوي كۆزلۈكلەر، سېرىق چاچ، كۆك كۆزلۈكلەر كۆپ ئىكەن، شۇنداقتۇ؟!

قىيا ئادەم ئاغزىنى ئۆمەللىدى-يۇ، مېنىڭ كۆز ئىشارىتىمنى كۆرۈپ ئۈنچىقماي تەتۈر قارىدى.

— ھەرقانداق مىللەتتە قوشۇمچە تەركىبلەر بولىدۇ، — دېدىم مەن، — دۇنيادا ئوخشىشىپ كېتىدىغان نەرسىلەرمۇ كۆپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدا قەدىمكى زاماندا مىرەن دېگەن بىر شەھەر بولغان. ھالبۇكى ھازىر مەلۇم بولۇشىچە، شۇ نامدا ئاتىلىدىغان شەھەردىن دۇنيادا ئوتتۇز ئۈچى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ تۆتى ياۋروپادا، يىگىرمە ئۈچى جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئامېرىكىدا، بەشى ئاسىيادا، بىرسى ئافرىقىدا ئىكەن.

— ھە، مىرەنىنىڭ نامىنى مەنمۇ ئاڭلىغان، — دېدى لوئىزا، — مىرەنىنىڭ قەدىمكى ئورنىدىن ئەنگلىيىلىك ساياھەتچى ستېيىن پەرىشتىنىڭ تام رەسىمىنى تاپقانىكەن، ئاڭلىشىمچە، شۇ تام رەسىمى «مىرەن پەرىشتىسى» ۋە يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان بىر قىسىم قەدىمكى يادىكارلىقلار مۆجىزە سۈپىتىدە نۇر چېچىپ، ستېيىنىنىڭ نامىنى دۇنياغا تونۇتقانىدى. سىلەرنىڭ تاش يازمىلىرىڭلار، مەڭگۈ تاشلىرىڭلارمۇ مەشھۇر. قارىغاندا، تاشقا خەت ئويۇش، رەسىم ئويۇش ئەجدادىڭلاردىكى بىر خىل مىللىي ئادەت ئوخشايدۇ.

لوئىزا كۈلۈمسىرىدى، ئۇنىڭ تاتلىقىنە شۇنداق كۈلۈمسىرەشلىرى ماڭا مەڭگۈ تۈگىمەيدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ بۇ ياقتىن باشقا يەنە ئىچكى موڭغۇل، شەرقىي شىمال، شۇنداقلا، سىبىرىيە، يىراق شەرق، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىمۇ كۆپلەپ بايقالغانلىقىنى ئېيتتىم. لوئىزا بۇ قىيا تاش رەسىملىرىنى يەنىلا ياۋروپا، ئاسىيا، ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ شىمالىي ئوتلاقلىرىدىكى قىيا تاش رەسىملىرى بەلبېغىنىڭ تەركىبىي قىسمى، دېدى. بۇلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ مۇشۇ چەكسىز كەڭ رايونلاردا ياشاپ-ئۇرچۇيۇپ كەلگەن، ئورتاق مەدەنىيەت مەنبەسىگە ئىگە ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك مەدەنىيەت بايلىقلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. بۇ بايلىقلارنى يەككە ھالەتتىكى مەدەنىيەت ھادىسىسى دەپ قارىماستىن، ئىنسانىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىل تارىخىدىكى جانلىق مەدەنىيەت ھادىسىسى دەپ قاراش، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئورنىغا قويۇپ تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلىدى.

— تارىخ ئۆتمۈشنىڭ ئىزاھنامىسى، لېكىن كەلگۈسىنىڭ كاپالەتنامىسى ئەمەس، ئىستىقبالنىڭ يول خېتىمۇ ئەمەس، — دېدى قىيا ئادەم دانىشمەنلەرچە تەپەككۇر

www.uyghurkitap.com

بىلەن، — ئۇ پەقەت كەچۈرمىشلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كېلىچەكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ، كېلىچەك تەقدىرى كېلىچەكنىڭ ئادەملىرى بىلەن تارىخىي شارائىتقا باغلىق.

لوئىزا ئۇنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆملۈككە ئىنتىلىدىغانلىقىنى، ئىتتىپاقلىقنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىكى توغرىسىدا توختالدى. بىر زامانلارغا بارغاندا، مىللەتلەر يوقىلىپ، پۈتۈن دۇنيا ئىنسانىيەتتىن ئىبارەت بىرلا مىللەتكە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن. مۇھەببەتتە دۆلەت، مىللەت چېگرىسى بولمىغاندەك ئىنسانىيەت ھاياتىدىمۇ دۆلەت، مىللەت چېگرىسى قالماسلىقى مۇمكىن. ھازىر باشقا پلانېتلاردا ئادەم بارلىقى بايقالسىلا، ئىنسانىيەت «يەر شارى ئادىمى» دېگەن كىچىككىنە ئاددىيغىنا بىر ئاتالغۇنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالىدىغۇ، دېدى.

— مىللەتلەر ئىتتىپاقى ياشىسۇن! — دېدىم مەن.

— پەيلاسوپلۇقتا سوقراتتىن قېلىشمىغۇدەكسىز لوئىزا، — دېدى قىيا ئادەم چوڭقۇر قايىللىق بىلەن.

— ئۇنداق دېمەڭ، سوقرات ئاجايىپ دانا ئادەم، ئۇ دۇنيانى تىترەتكەن ئالېكساندىردەك يېڭىلمەس قوماندانىنى تەربىيىلەپ چىققانىدى.

— دۇنيادا يېڭىلمەس قوماندان بولمايدۇ، — دېدىم مەن، — شۇ ئالېكساندىر بىزنىڭ بۇ ياقلاردا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانىدى. ئۇيغۇر ئېلى بىلەن سولھمۇ تۈزگەن.

— نېمە؟ — دېدى لوئىزا ئىشەنمەسلىك بىلەن قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، — ئالېكساندىر ماكېدونىسكى بۇ ياقلارغا قاچان كەپتىكەن؟

— مىلادىيدىن بۇرۇنقى 330 - يىلى بولسا كېرەك، — دېدىم مەن، — بەزى يىلنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ماكېدونىسكى مىلادىيدىن بۇرۇنقى 334 - يىلدىن 325 - يىلغىچە كىچىك ئاسىيا، مىسىر، پېرسىيە، ئەرەب، سوغدىيانا، ھىندىستانلارنى بويسۇندۇرۇپ پامىرنىڭ شەرقىغە، قەشقەر ئەتراپلىرىغىچە يېتىپ بارغانىكەن.

قىيا ئادەم ئۈنچىقماي گۆھەر قۇتىنىڭ جاھان ئەينىكىنى قاراڭغۇلاشتۇردى. بىر نېمىلەرنى شىۋىرلاپ بولۇپ «ئەمدى بىز ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دەۋرىدىكى ئۇيغۇرچە كىيىملەرنى كىيىپ ئالتۇن قان دېگەن تاغقا بارماقچىمىز» دېدى - دە، گۆھەر قۇتىنىڭ كۇنۇپكىسىنى باستى. نۇر پارتلىغاندەك بولدى. گۆھەر قۇتا سوزۇلدى، پارقىرىدى، بىردىنلا كېڭىيىپ بىزنى قوينىغا شۈمۈرۈپ تارتتى ۋە بىز نۇر قۇيۇنى ئىچىدە قالغاندەك بولدۇق. بۇ نۇر چەمبىرىنىڭ سىرتى يىللارنىڭ چەكسىز قاراڭغۇلۇقى ئىدى، ۋاقىت قاراڭغۇلۇقىنى يېرىپ ئۇچقان بولساق كېرەك، يېنىك تەۋرىگەندەك، سىلكىنىۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا بولۇپ ئۆتتى. تەۋرىنىش توختاپ نۇر ئۆچتى. ئۆپچۆرىمىزگە قاراپ ناتونۇش قەدىمكى بىر يېزىغا كېلىپ قالغانلىقىمىزنى بىلدۇق.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

# ئىككى شېئىر

## يۇر كوچاڭدا ئەركىلەپ ئۇيغۇر قىزى

كۆز ئېلىپ قاچما يىراق، ئەي گۈل نىگار،
كۆز قىرىڭدا ئىزگۈ ئۈچقۇن يالتىرار.
قىلسا پىنھان ئاي يۈزۈڭنى چاچلىرىڭ،
بىلمەدىم، سىنەمدە چوغ يالقۇنلىنار.

توز كەبى ئۆتتىڭ يېنىمدىن ئالدىراپ،
شۇندىمۇ بىر ھېس دىلىڭدا تولغىنار.
قايتىلاپ باققان چېغىمدا سەن تامان،
سەنمۇ باققاچ ئوت ئېلىپ يۈزلەر يانار.

يول ئۇزاردى، كۆڭلىمىز بولدى يېقىن،
قالدى بىر ئىزنا يۈرەكتە بىغۇبار.
ئاق قىراۋ يولنى بېسىپ كەتتىم سېكىن،
ۋە لېكىن قەلبىمدە يىللىق نەۋ باھار.

ئاھ، نىتەي، تۇندە كۆرۈندۈڭ چۈش بولۇپ،
لەۋلىرىڭدىن لەۋلىرىمگە مەي تامار.
ئالدىراپ ئاچسام كۆزۈمنى خۇش بولۇپ،
لەۋلىرىڭ تەگكەن لېۋىمدىن بال ئاقار.

بەلكى تەقدىر تەستىقىدۇر بال ئېقىن،
ئېيتچۇ، تەقدىر ھېكمىتىدىن كىم يانار.
يۇر كوچاڭدا ئەركىلەپ ئۇيغۇر قىزى،
كۆكرىكىمدە ئويناۇتۇپ ئالما ـ ئانار.

## قارلىق كېچىلەردە

ئالدىڭغا يول ئالدىم، ئەزىز دىلبىرىم،
قارلىق كېچىلەردە ئۇيقۇسىز ـ بىدار.
تىنىمسىز بۇلبۇلمۇ غەمكىن تۇرار جىم،
ئاق لىچەك يېپىنىپ ئۇخلار قارىغايزار.

كېپىنەك مۇزلىغان، ھەرە ئۇيقۇدا
ھەتتاكى چۈشىمەس باھارنى بۇئان.
مىرشاپ — بۆدىنىدىن ئاڭلانماس نىدا،
جىمجىتلىق دەرگاھى بوپ قالغان جاھان.

يوللاردا كۆرۈنمەس جىسەكچى پەقەت،
كۈمۈش قار ئۈستىدە يوق ئىزدىن نىشان.
سۆيسۆزۈك قەلبىمدە تاشقىن ھارارەت،
سېغىنىش ھېسلىرىم چاپقان تاي سىمان.

ئالدىڭغا يول ئالدىم چىقماستىن قۇياش،
ھۇزۇرىڭ جەيناماز، ئى ساھىبجامال.
غەرەزسىز دىلىمدىن تەپچىپ تامار ياش،
بال لېۋىڭ ئالدىدا تەشنا لېۋىم لال.

دەقىقە باقساڭمۇ شادلىقىم ئۇزاق،
ئىپاردەك تىنىقىڭ مۇرادىم دېمەك.
بىتاقەت كۆزۈمگە مېھرىڭ تۇتىيا،
قەدرىڭدىن ۋەزنىنى چۈشەنگەي يۈرەك.

فەنزات غەيۇرانى

## رۇبائىي ۋە قىتئەلەر

1

كۆرمىسەم هەر كۈن جامالىڭنى، ماڭا كۆز نە كېرەك،
ئېيتمىسام ئىسمىڭنى تەكرارلاپ، ماڭا سۆز نە كېرەك.
تۇرمىسا قەلبىمدە قەددىڭ كۈنۇ-تۈن جان كەبى،
بۇ ۋاپاسىزلىق ماڭا بەرمەمدۇ ئۆلگەندىن دېرەك.

2

كەلگىنىڭدە تۈنجى رەت «كەلدىم، — دېدىڭ، — مېهمان بولۇپ
مەن دېدىم: مېهمان ئەمەس، ياق، كەل چوقۇم جانان بولۇپ.
ئەمدى بىلسەم ئەي قەلەمقاش ئاشۇ چاغ كەلگەندە سەن،
تومۇرۇمغا قان بولۇپ كىرگەن ئىكەنسەن جان بولۇپ.

3

مۇھەببەت يۇرتىدا كەزدىم، ۋاپا ئاتلىق جانان ئىزدەپ،
نە جانان زاتى ئىنساندىن ئەقەللىي مېهرىبان ئىزدەپ.
تاپالماستىن بولۇپ سەرسان هاياتىم پەللىگە يەتتى،
چۈشەندىمكى، يۈرۈپدۇرمەن ئۆزۈمدەك بىر نادان ئىزدەپ.

4

ئامىتىڭنىڭ بارىدا يانتاقنى قىساڭ گۈل بولۇر،
گەر ئېشەك مىندىڭ قارايسەنكى شۇئان دۇلدۇل بولۇر.
ئامىتىڭ قاچقاندا ئىككى چاڭگىلىڭغا ئالتۇن ئال،
سەن يۇمۇپ ئاچقۇچە چاڭگالنى ئۇ ئالتۇن كۈل بولۇر.

5

ماختىغاندا شېئىرىمنى تەقرىزچى دوستلار،
چىقتى قانات، قىلدىم پەرۋاز ئاسمان-پەلەككە.
چۈشىنەلمەي خەلقىم ئۇنى سىلكىگەندە قول،
موللاق ئاتتىم شۇ پەلەكتىن ئوخشاپ ئۆلۈككە.

**ياسىن زىلال**

## غەزەللەر

شەپەقگۇن مەي ئۇزات ئاسمان ماڭا ئالتۇن پىيالەگدە،
نە ئالتۇنكىم، قۇياش يەڭلىغ تامام يالقۇن پىيالەگدە.
يۇتۇپ قاڭسىق شاراب مەستانىلىكلەر ۋايىسىز ئۆتتى،
بۇدو مەردلىك قىلىپ گۈلشىرنە سۇن گەردۇن پىيالەگدە.
هايات چاڭقاقلىقى تۇتقان ئەسىرلەر لېۋى قوۋزاقمىش،
پەلەك ئىچتى ئېلىپ قاقشال يۈرەكتىن خۇن پىيالەگدە.
چېقىپ تاغ، سۇ ئېچىپ پەرهات ۋىسالدىن قەترىسىز ئۆتتى،
باياۋاندا يۇتۇپتۇ قۇمنى چاك مەجنۇن پىيالەگدە.
كەسىپ بولمامدۇ مەككارلىق بىدىنككە تەڭگىنى كۆرسە،
تىلەك مەهكۇملۇقى كەلمىش بولۇپ تۇتقۇن پىيالەگدە.
شاراب تەكتىدە گۈلئۇز ئەكسى لەيلەيدۇ كۆزى نەمناك،
پۈتۈلمىشتۇر قاچان بۇ جادۇگەر ئەپسۇن پىيالەگدە.
ئۇزات جامىڭنى، ئۆتمۇش هەسرىتىگە ياش بىلەن لىقلاي،
ۋىساللىق لەۋدە كۆي چىكەي گۈزەل مەزمۇن پىيالەگدە.
قىزىلگۈل شىرنىسىدىن شىركەيىپ بولسۇن خازان ياپراق،
باهار، بۇلبۇل ئۈنىدەك كۈلكىلەر ئۇچسۇن پىيالەگدە.
رەشكلەر دادىخاهسىز ئۆز تىلىنى ئۆزى يەپ يۇتسۇن،
مۇهەببەت يولى روهلار شەۋقىنى قۇچسۇن پىيالەگدە.

* * *

سېنى قاي چاغدا كۆردۈم، كۆرمىدىم، شۇندىن كۆيۈپ ئۆتتۈم،
نىهان مەبۇدەسەنكىم، سەجدە ئەيلەپ يوكۇنۇپ ئۆتتۈم.
بۇلۇتتەك كۆكتە لەيلەپ ئىزلىرىڭنى ئىزدىدىم هەرئان،
دىلىمدا شەۋقى ئىشقىڭ ئۇرسا چاقماق ئۆرتىنىپ ئۆتتۈم.
شامال هالىمنى قۇشلارنىڭ قاناتىدىن ئېلىپ كەتتى،
باهارنىڭ يامغۇرىدەك ياش بولۇپ مەن تۆكۈلۈپ ئۆتتۈم.
چىراغ يانسا كېلەر پەرۋانە هەر ياقتىن هايالسىزلا،
يېنىپ شامدەك سېنى كۆرسە كېلەرمۇ دەپ كۈتۈپ ئۆتتۈم.
بۇ هىجران پىلسىراتى دەممۇ دەم ئالدىمدا پەيدادۇر،
ئۇنىڭ هەر بىرىدىن مىڭ تىرىلىپ، مىڭ بىر ئۆلۈپ ئۆتتۈم.
بولۇپ مەجنۇنغا روهەن هەمسەپەر كەزدىم باياۋاننى،

www.uyghurkitap.com

قويۇپ بارخانىغا باش تۈنلەردە چۆلدە چۈش كۆرۈپ ئۆتتۈم.
تامام سەيىيادقا يالۋۇردۇم قويۇك ئاھۇنى دەپ تاغدا،
كۆزۈگدەك كۆزلىرى ياشلانمىسۇن دەپ پۇل تۇتۇپ ئۆتتۈم.
تۆرەلدىگمۇ، ئەمەسمۇ؟ سېنى كۆردۈم، كۆرمىدىم ئوخشاش،
ئۆلۈك جەننەتنى كۈتكەندەك سېنى دىلغا پۈكۈپ ئۆتتۈم.
سارالـ سەۋدا دېسە مەيلى ئىشقتىن تەركىي غاپىللار،
خىيالىمدا قۇچاقلاپ سېنى مەڭگۈلۈك سۆيۈپ ئۆتتۈم.

*　　*　　*

ئۆزۈم مەبۇت ئۆزۈمگە، ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئېتىقاد قىلدىم،
خىيالىمنى غولاملىق ماجىراسىدىن ئازاد قىلدىم.
بويۇمنى قايسى خاھىش ئەگدۈرۈشنى كۈتسە لەت بولدى،
گىدەيگەنلەرگە پەرۋا پەلىكىمنى يەتتە قات قىلدىم.
بىراۋنىڭ پايىدىن توزغان توزاندىن كۈتمىدىم سۈرمە،
ھاياتىمنى تەمەدىن تەركىي ـ خالىس پاك ھايات قىلدىم.
ھالال ئىشلەپ يېگەن زاغرام مېنىڭ ئالىي نېسىۋەمدۇر،
غىنىلار لوقمىسىغا چۆمچىيىشنى كۆزگە يات قىلدىم.
تىلى تاتلىق موزاي بولۇپ ئەممىگەيمەن بارچە ئەمچەكنى،
لېۋىمدە گەز، دىلىمدا بەھرىئىي ئابىھايات قىلدىم.
يىراقمەن بەندىلەرگە بەندىلىك قىلماق مۇقامىدىن،
ھاياتلىق روزنىغارىمنى ئۆزۈمگە خاس ئىجاد قىلدىم.
ھاياتتا خاس ئۆزىگە قىسسە قالدۇرماق ئاسان ئەمەستۇر،
قارا، ئىز چۈشمىگەن مەنزىلدە مەن لەنگەر ـ رابات قىلدىم.
يولۇمغا مۈشكۈلات قۇرسا داۋان، كۈلكەم بىلەن ئۆتتۈم،
شىجائەتكارغا تاغ داڭگاللىقتىن ئاددىي ساۋات قىلدىم.
«جاھان باقىي ئەمەس» دەپتۇ، يەنە «بۇ تۆت غېرىچ ئالەم»
سىنۇتلارغا بېرىپ يىل شەۋكىتىن بۇ گەپنى مات قىلدىم.

ماخمۇت مۇھەممەت

# ھېكايىلار



## تەدبىر

باشقارما رەھبەرلىكىگە نامزات كۆرسىتىلىدىغان راي سىناش ئانكىتىنى پۈكلەپ تۇتۇۋالغان نىزامەت ئىشخانىسىدىن ئالدىراپ چىقتى. ئۇنىڭ سۇس چېچەك ئىزى قاپلىغان چىرايىدا كۈلكىنىڭ كۆلەڭگىسى تەۋرىنىپ تۇراتتى.

نىزامەت شۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە مېڭىپ ئۇلۇغ قولىدىكى بىرىنچى ئۇچۇق ئىشىككە قايرىلدى. كۆزەينەك تاقىغان ئاۋاق بىرەيلەن يېزىق ئەينىكىنىڭ ئۈستىدە ياتقان ئانكىتقا مىختەك قادىلىپ ئولتۇراتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ بۆلۈمگە بىرىنىڭ كىرىپ كەلگىنىنىمۇ تۇيمىدى.

نىزامەت ئۈنلۈك يۆتەلدى.

— ھە... كېلىڭ، — كۆزەينەكلىك كىشى نىزامەتنى كۆردى-يۇ، ئوڭايسىزلانغاندەك ئانكىتنىڭ تۆپىسىگە كېزىت تاشلىدى، — ئالدىراشمۇ؟

— بىر نېمىنى ئۇقۇۋالاي دەپ...— نىزامەت داۋاملىق كۈلۈمسىرىگىنىچە كۆزەينەكلىكنىڭ كۆكۈش كۆزلىرىگە قارىدى، — يېشىڭىزنى نەچچە دەپ يازىمىزا؟

كۆزەينەكلىكنىڭ كۆزلىرىگە دەررۇ ھاياجان تەپتى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى.

— ئى... ئولتۇرۇڭا، نى كىچاك، ھە... ئوتتۇز سەككىز دەپ قويسىڭىز بولار.

نىزامەت چىرايىدىكى تەبەسسۇمنى ساقلىغان ھالدا كەينىگە ئۆرۈلدى.

www.uyghurkitap.com

كۆزەينەكلىك ئۇنى بوسۇغىدىچە ئۇزاتتى-دە، كېيىن دەررۇ جايىغا يېنىپ كېلىپ، ئانكېتىنىڭ ئۈستىدىكى گېزىتنى ئېلىۋەتتى ۋە ئانكېتىتىكى نامزاتلار ئىسىملىكىنىڭ بىرىنچىسىگە «نىزامەت» دەپ يازدى.

بۇ چاغدا نىزامەت كۆزەينەكلىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىشخانىغا كىرىپ بولغانىدى. ئۇزۇنغىمۇ، توغرىسىغىمۇ تەن قويغان، قاڭشارلىق ئادەم قولىدىكى ئانكېتىنى كۆزلىرىگە تازىمۇ يېقىن ئەپكېلىۋېلىپ، پۈشۈلداپ ئولتۇراتتى. قەدەم تېۋىشىنى ئاڭلاپ ئۇ بېشىنى يانغا بۇرىدى-يۇ، كىرگۈچىگە قاراپ سەل ئۆڭگەندەك بولۇپ ئۈن قاتتى.

— ھىم ...

خۇددى مۇشۇنداق كۈتۈۋېلىشىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا بىلگەندەك نىزامەت قىلچە ئوڭايسىزلانماستىن قاڭشارلىقنىڭ تومشۇقىغا يېقىن كەلدى.

— سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم سەي جۇرېن، — دېدى ئۇ قولىدىكى ئانكېتىنى ئىشارەت قىلىپ، — ئۆزىڭىزنى ئالىي تېخنىكۇم پۈتتۈرگەن دەپ يازىمىزمۇ يا بولمىسا ئوتتۇرا...؟

نىزامەتنىڭ گېپى تۈگەر-تۈگىمەستىنلا خۇددى قارا بۇلۇتنى يېرىپ قۇياش چىققاندەك قاڭشارلىقنىڭ قىڭغىراقتەك بۇرۇنلىرىغا كۈلكە يامىرىدى.

— رەھمەت، رەھمەت، — دېدى ئۇ خىرىلدىغان ئاۋازدا ۋە نىزامەتنىڭ چېچىدىن-تاپىنىغىچە غەمخور ئاتىلاردەك سەپسالدى، — ئالىي تېخنىكۇم دەۋېرىڭ. مانى قاراڭ، كۆڭلىڭىزدە بارىكەنمىزە، نىزامەتجان؟

— بۇ باشقارمىغا سىزدەك ئاكىمىز رەھبەرلىك قىلمىسا، كىم ئىش ئەپلەشتۈرەلەيدۇ؟ — نىزامەت بېشىنى ئۇزمەي يېنىك تەۋرەتكىنىچە ئىككىنچى بېكەتتىنمۇ ئايرىلىشقا تەمشەلدى. بۇ چاغدا خىرىلداق بولسىمۇ يېقىملىق ئاۋاز يەنە ئاڭلىنىپ قالدى.

— ئۆزىڭىزدىن سورايلى، نىزامەتجان، يېشىڭىزنىڭ نەق يېرى نەچچىدە؟

— سورىغانغا قىرىق بىر دەۋەردۇقۇ، — نىزامەتنىڭ جاۋابىنىڭ ئاخىرى سەل بوغنۇقتى. ئۇنىڭ ئۇزاپ چىقىشىغا ئىككىنچى ئانكېتىنىڭ باش قۇرىغا زاتى-شەرىپى تىركىلىپ بولغانىدى.

شۇ تەرىقىدە نىزامەت چۈشلۈك دەم ئېلىش بولغىچە يەنە تۆت ئادەمنى يوقلىدى. سورىغىنى پەقەتلا ئاشۇ ئىككى سوئال، يا ئۇنىسى، يا بۇنىسى... شۇنداق قىلىپ نۆۋىتىدە ئۇنىڭ مۇبارەك نامى-ئەمالىمۇ يەنە تۆت ئانكېتتىن رازىمەنلىك، خۇشالىق ئىلكىدە قاتىرىسىغا ئورۇن ئالدى.

چۈشتىن كېيىن خىزمەتكە كېلىپ نىزامەتنىڭ قىلغان بىرىنچى ئىشى ئانكېت تولدۇرۇش بولدى. ئۇ چېچەك ئىزى قاپلىغان يۈزىگە چۈشتىن بۇرۇنقى تەبەسسۇمنى تېرىقچىلىكمۇ يولاتماي ئۇدۇلىدىكى ئۈستەلدە تاشلىنىپ ياتقان خىزمەتدىشىنىڭ سېپى سۇنۇق ماي قەلىمىنى ئالدى-دە، سول قولى بىلەن ئاپئاق پېتى تۇرغان ئانكېتقا قىڭغىر-قىيسىق قىلىپ «نىزامەت» دەپ يازدى ۋە ئانكېتىنىڭ تۆۋەندىكى ئاق قىسمىغا باشتىن-بويى ئۇزۇن سىزىق سىزدى.

## مايمۇن يىلى

ئىدارىگە يېڭى باشلىق كېلىۋىدى،
ھەممە ئادەم پاتپاراق بولۇپ كەتتى.
ھەركىمنىڭ بۇ يېڭى «خوجايىن»
بىلەن بالدۇرراق تونۇشۇۋالغۇسى، پاراڭ‌ـ
لاشقۇسى، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر
ئۆتۈۋالغۇسى كېلەتتى.

لېكىن ئىدارىدە بىرلا ئادەم بۇ
ئىشلاردىن خەۋەرسىزدەك بۇرۇنقىدەكلا
مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، سالاپەتلىك قىيا‌ـ
پەتتە ساناپ دەسسەپ يۈرمەكتە ئىدى.

— لېتىپ بوغالتىر جاھانغا ئوت كەت‌ـ
سىمۇ پەرۋايىڭىز پەلەك ـ ھە، — دەپ
چاقچاق قىلدى ئىشخانا مۇدىرى، ئۆزى
بىلەن تەڭ دېمەتلىك، ئوتتۇز ئىككى
يىللىق ستاژغا ئىگە بۇ خىزمەتدىشىغا
زوقلانغاندەك قاراپ، — سىز بىلەن بىز
تېمىلەرنى كۆرمىگەن ـ ھە؟

شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭى باشلىق‌ـ
نىڭ ئالدىغا ھەممەيلەندىن جىق
كىرىپ ـ چىققىنىنى، تېخى بەش مىنۇت
ئاۋۋال يەنە بىر قېتىم كىرگەنلىكىنى
ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىدى.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دەپ ئاۋازىنى
سوزۇپ جاۋاب قايتۇردى بوغالتىر لې‌ـ
تىپ، — بۇ باشلىقلاردىن كېمىلەر كېلىپ،
كىملەر كەتمىدى؟ «سۇ كېتىدۇ، تاش
قالىدۇ، ئوسما كېتىدۇ، قاش» دەپ، يەنە
شۇ سىز بىلەن بىز ئامان بولساقلا
بولدى.

ئىشخانا مۇدىرىنىڭ بۆلۈمىدە بولۇۋات‌ـ
قان بۇ پاراڭلارغا قۇلاق سېلىپ تۇرغان
بىر نەچچەيلەن ئۆزئارا كۆز بېقىشى‌ـ
ۋالدى. ئۇلارنىڭ نېمە ئويلاپ، كۆزلىرى
ئارقىلىق نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى بىر
خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. ئىشتىن چۈشۈش ئالدىدا
ئىشخانا مۇدىرىنىڭ بۆلۈمىگە لېتىپ
بوغالتىر كىرىپ كەلدى. شۇ تاپتا بۆلۈم‌ـ
دىلا ئەمەس، پۈتۈن خىزمەت بىناسىدا
مۇشۇ ئىككىيلەنلا قېپقالغانىدى.

— يېڭى باشلىقلاردىن خەۋىرىڭىز
بولۇۋاتامدۇ؟ — ئىشخانا مۇدىرى يەنە
ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالەتتە پېشقەدەم
كەسپدىشىغا ئۇچۇر يەتكۈزدى. ئۇنىڭ
ئاۋازى سىلىق ۋە پەس ئىدى، — يېڭى
باشلىقنىڭ ئۆيىگىچە بېرىپ ئۆلگۈرگەن‌ـ
لەر بار ئىكەن. ياﺋاللا خەق جىم
ياتمايدۇ جۇمۇ. سىز بىلەن بىزنىڭلا
ھېچنېمە بىلەن كارىمىز يوق ـ تە، ئابدۇ
لېتىپ...

— شۇ ئەمەسمۇ، — بوغالتىر غاراڭ‌ـ
غۇرۇڭ ئاۋازدا جاۋاب قايتۇردى، — پالاق‌ـ
شىۋالسۇن جانىۋارلار، يېڭى كېلىنىڭ‌ـ
مۇ ئۈچ كۈنگىچە ئەتىۋارى بولىدۇ.

ئىشخانا مۇدىرى پېشقەدەم كەسپ‌ـ
دىشىنىڭ ئۆتكۈر تىلىغا يەنە بىر قېتىم
قايىل بولغاندەك ئۇنىڭ كىچىككىنە كۆز‌ـ
لىرىگە ئەيمىنىپرەك قاراپ قويدى.
كۆكۈشكىنە كەلگەن بۇ كۆزلەرنىڭ ئېقى
سېرىقداپ كەتكەنىدى.

— راستلا ... — بوغالتىر ئىشىك
تەرەپكە بىر چامدام مېڭىپ توختاپ
قالدى ـ دە، پېشقەدەم خىزمەتدىشىغا
مۇراجىئەت قىلدى، — يېڭى باشلىقنىڭ
يېشى قانچىدىرەك ئىكەن؟ ئۇققانسىز؟

— بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

— ياق، ھېچگەپ يوق، مۇنداقچىلا...
ھازىرغۇ خەقلەر ياشنى يوشۇرىدىغان

بولۇپ كەتتى...

ئىشخانا مۇدىرى بىر نېمىنى يادىغا ئالغاندەك كۆلۈمسىرىدى ۋە ئادىتى بويىچە تورۇسقا تىكىلدى. ئۇ يادىغا ئالالمىغان ئىشلارنى تورۇستىن ئىزدىۋالاتتى، — ئۇقۇشۇمچە، قىرىق... قىرىق تۆتىنچى يىلنىڭ ئىكەنغۇ.

— شۇنداقمىكەن، — لېكىن بوغالتىر غارالڭ-غۇرۇڭ ئاۋازىنى يەنە بىر قېتىم نامايىش قىلدى-دە، ئارتۇق گەپ-سۆزمۇ قىلماي ئالدىنى ئىشىك تەرەپكە قىلدى، كەينىدىنلا ئىشىك قانىتىنىڭ كېشەككە يەڭگىل تەگكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىشخانا مۇدىرى بېشىنى چايقىغىنىچە قالدى.

ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتۈپ ئىدارىدە «يېڭى باشلىق لېكىن بوغالتىرغا ئۆچ بولۇپ قاپتۇدەك» دېگەن مىش-مىش گەپ تارقالدى.

بەزىلەر بۇ گەپلەرنى شار پۈدىگەندەك ئېغىزمۇ چۈشىتىپ «يېڭى باشلىق بوغالتىرنىڭ ئارخىپىنى كۆرۈپتىمىش، ئۇنىڭ تېگى-تەكتىنى ئىنقىلاپ يۈرگىدەكمىش» دەپ يۈرۈشتى.

بۇ گەپلەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى مۇئەللىپ بىلمەيدۇ، بىراق ئۇ مۇنۇلارنى بىلىدۇ: بوغالتىر لېكىن مۇشۇ كەمگىچە ئىدارىگە كېلىپ-كەتكەن ھېچقانداق باشلىقنىڭ كۆزىگە يامان كۆرۈنۈپ قالمىغان، ئەكسىچە ماختىشىغا، ئىشەنچىگە ئېرىشىپ كەلگەنىدى. ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ھەيكەلتىراشلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ قويىدىغان بۇ ئادەم ھەر بىر باشلىقنىڭ مۆچىلى نېمە بولسا، شۇ ھايۋاننىڭ چوكايتىلغان ھەيكىلىنى



گەجدە قاتۇرۇپ، ھەل بىلەن پارقىرىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى قوشۇپ، يېڭى رەھبەرگە تەقدىم قىلاتتى.

بىراق ئۇ بۇ قېتىم بىر نەرسىنى، يېڭى باشلىقنىڭ مۆچىلى بىلەن بىللە لەقىمىنىڭمۇ مايمۇن ئىكەنلىكىنى ئەسلا ئاڭلىمىغان، ئويلاپمۇ كۆرمىگەنىدى.

## ھاياتلىق كېرەك

مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە بىر ئىشنى قىلماق تولىمۇ تەس بوپكەتتى، ساقىيلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، ئەلۋەتتە!

تۆت-بەش ئاغىنە بىر يەردە بوپقېلىپ، بىرەر بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىش توغرا كەلسىلا، ئۇقمايمەن، بوتۇلكا بىلەن رومكا مېنىڭ ئالدىمغىلا كېلىپ قالىدۇ. بەزىدە نېزىلقاپمۇ باقىمەن. لېكىن ئاغىنىلەر تۇشمۇ-تۇشتىن چۇرقىرىشىپ

«بولدى ئاداش سەنلا قويە، سې-
لىنىڭ قولۇڭدىن ئىچەيلى!»، «سەن
دېگەن ئۇنىۋانلىق ساقىي ئەمەسمۇ» دېيى-
شىپ كېتىدۇ. بۇمۇ بىر ھۆرمەتتە،
رەھمەت!

ئون كۈنچە ئىلگىرى بىز بەش
ئاغىنە يەنە چۆپقەت ئاشخانىغا يىغى-
لىپ قالدۇق. زاكوسكا كەلگەندىن كېيىن
بوتۇلكىنى قولغا ئېلىپ يەنە خىزمەتنى
باشلىۋەتتىم. بىرىنچى ئايلىنىش ئەڭ
ئاخىرقى بېكەتكە — سول يېنىمدا ئولتۇر-
غان شاشىدىنغا كەلگەندە ئۇ بىردىن
قاپىقىنى تۈردى-دە، رومكىنى مېنىڭ
ئالدىمغا سۈرۈپ قويدى.

— ئىچمەيمەن، ئۆتكۈزۈۋەت!

— ئىچسەڭچۇ ئاداش، — دېدىم يېرىم
جىددىي، يېرىم چاقچاق تەلەپپۇزدا، —
كېچىكىپ كەتتى دەپ رەنجىۋاتام-
سەن-يا؟!

باشقىلارمۇ تەرەپ-تەرەپتىن سالا
قىلىشتى. لېكىن شاشىدىن قاملاشتۇرالما-



غان چۈشلۇقنى بۇزماستىن «ئىچمەيمەن» دە-
چىلىك تۇردى. تۇۋا، تېخى ئۆتكەن
شەنبىلا ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ جوزىدا
چىلاشقىچە ئىچىشكەنىدۇق.

— نېمىشقا ئىچمەس بوپقالدىڭ:
ئەمدى؟ — دېدىم شاشىدىنغا مىختەك
قادىلىپ. ئۆزۈمنىڭمىغۇ چېڭگىمىز بىر
مىجەزىم بار.

— ئىچمەيمەن دېگەندىن كېيىن بول-
مىدىمۇ ئاداش، — شاشىدىن ئەمدى رەسمىي
تېرىكتى، — ماڭا ھاياتلىق كېرەك.

— مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟ — باللار
تۈشمۇ-تۈشتىن سوراشتى. شاشىدىن پات-
پاتلا قىلىپ قويىدىغان ئادىتى بويىچە
سول مەيدە يانچۇقىنىڭ ئۈستىگە قولىنى
قويدى.

— ھاراق ئىچكەن كۈنۈم يۈرىكىم
ئەنسىز سېلىپ، زادىلا بولالماي قالىمەن،
كاھىدا يۈرىكىم سوقۇشتىن توختاپ قالىدى-
غاندەكلا سېزىلىدۇ. بۇنىدىن كېيىن زادى
مۇشۇ كاساپەتنى ئىچمەي دېدىمغۇ!

گەپ شۇ يەرگە يەتكەندىن كېيىن
شاشىدىننى ئارتۇقچە زورلىمىدىم. مىجەزى
ئۆگمەس تاۋاردەك بۇ ئاغىنىمىز راستىنلا
كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ، بەزىدە
قىينىلىپ قالاتتى.

شۇ كۈنكى ئولتۇرۇشنىڭ ئەڭ
ئاخىرقى رومكىسىنى قۇيدۇم-دە،
(چىنىگەندەك ئەڭ ئاخىرقىسى ئۆزۈمگە
كېلىپ توختىدى) ئويۇندىن خۇلاسە
چىقىرىپ بولۇپ، كۆلۈمسىرىگىنىمچە
شاشىدىنغا قارىدىم:

— بايا مەندىن رەنجىپ قالمىغانسەن
ئاداش، زورلىماي دېسەم كۆڭۈل ئۇنىماي-
دىكەن. بولمىسا...

www.uyghurkitap.com

— نەدىكى گەپنى قىلىسەن، — دېدى شاشدىنمۇ دەررۇ، — زىنىز رەنجىمىدىم، بۇندىن كېيىن ماڭا ھاراق زورلىمىساڭلار، ھەر قانچە چاقچاق قىلساڭمۇ رەنجىمەيمەن. زادى ماڭا كەلگەندىچۇ، تەڭلىمەستىنلا ئۆتكۈزۈۋەت، ھاياتلىق كېرەك-تە، ئاداش!

— مەيلى ئەمىسە، بىزگە ھاياتلىق كېرەك بولمىغاندىن كېيىن، ئىچتۇق! — مەن چاقچاق بىلەن ئاخىرقى رومكىنى كانىيىمغا ئۆكتۈرۈۋەتتىم. بىز تارقىلىشتۇق.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتەر-ئۆتمەيلا شاشدىن تېلېفون بېرىپ ئىدارىگە يېڭى باشلىقنىڭ كەلگەنلىكىنى، ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن ئاشپۇزۇلغا باشلىۋالماقچى ولغانلىقىنى، بىزنىڭمۇ ھەمداستىخان ولۇپ بېرىشىمىزنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى قەدىردان ئاشخانىدا ئويۇن قۇراشتۇرۇلۇپ قالدى.

زىياپەت خېلى كاتتا بولدى. بېلىق دەمسىز، داڭقان شورپىسى دەمسىز، تونۇر كاۋىپى دەمسىز، ھەممىسى بار ئىدى. قورساقلارنى بىر قۇر چىڭدىۋالغاندىن كېيىن ئادەت بويىچە رومكىنى سەپەرگە ئاتلاندۇرۇشقا كىرىشتىم.

ئىككى قېتىم ئايلاندۇرۇپ بولۇپ، نۆۋەت شاشدىنغا كەلگەندە ھاراق تولدۇرۇلغان رومكىنى قولۇمغا ئېلىپ، ئاغىنەمگە قارىۋېدىم، شاشدىن مېھماننىڭ قولىقىغا قىزغىن پىچىرلاش بىلەن بەند بولۇپ قاپتۇ، مەن ئۇنىڭ ئۆتكەنكى گېپىنى ئېسىمگە ئېلىپ، رومكىنى يەنە ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاغىنىمىزگە تەڭلىدىم.

— نېمىشقا ئۆتكۈزۈۋېتىسەنۇي! — خېلىلا چىڭ ئاۋاز مېنىڭ ئەمەس، ئولتۇرغان ھەممىمىزنى چۆچۈتىۋەتتى. جىمى تەئەججۇپلۇق كۆزلەر شاشدىنغا تىكىلدى.

— نى... نېمە دېدىڭ؟ — سورىدىم قولىقىمغا ئىشەنمەستىن، شاشدىن گېپىنى تەكرارلىدى:

— قانداق قىلاركىن دەپ ئولتۇرسام ئەڭ بولمىغاندا ئىچمەسەن دەپ سوراپمۇ قويماستىن رومكىنى غىپ-غىپ ئۆتكۈزۈۋېتىۋېرىسىنا! ھەرقايسىڭلارلا ئوينايدىغان جاھانمىكەن بۇ؟ بىزگىمۇ ھاياتلىق كېرەك!

تازا جىمىپ تۇرۇپ كەتتۇق-تە، تەڭلا پاراقلىشىپ كۈلۈشتۇق. كۈلكە، چاقچاقلار بىر ھازاغىچە ئۆكسۈمىدى. رومكىنى تەڭلىگەن ئادىمىمدىن شۇ پېتى يانىدۇرۇۋالدىم-دە، تۆپىسىگە ھاراق لىققالاپ، بېلىق كۆزى رومكىنى ئورنىمدىن تۇرغىنىمچە ئىككى قوللاپ شاشدىنغا سۇندۇم.

— ھاراق سەندىن ئايلانسۇن ئاداش بولدى-بەس دېگىنىڭچە قويۇۋېرىمەن. ياشاپ كەت!

شاشدىن كۈلۈۋەتتى.

بۇ ھاراق دېگەنمۇ ئاجايىپ نەرسە. ئىچسەڭ، يۈرەك بولالمىغان، ئىچمىسەڭ، يەنە يۈرەك ئۇنىمىغان. ئاغىنىلەر، ئەڭ ياخشىسى بۇندىن كېيىن ئىختىيارنى يۈرەكنىڭ ئۆزىگە بېرەيلى. خالىسا ئۇنى قىلسۇن، خالىمىسا بۇنى قىلسۇن. چۈنكى ھەممىمىزگە ھاياتلىق كېرەك-تە. ھاياتلىق دېگەن بۇ ناھايىتى كەڭ ئۇقۇمغۇ!

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

لەكبەر غۇلام

# سۇ قالپاق

(ھېكايە)

مەتتۇرسۇن تاردم دەرياسىنىڭ تۆ-
ۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان قۇمتۇر سۇ ئې-
لىېكتر پونكىتىدىن بۇ شەھەرگە كېلىپ،
گاڭگىراپلا قالدى. قەۋەت - قەۋەت بىنا-
لار، كوچىلاردا ئۇچقاندەك ئۆتۈشۈۋاتقان
ماشىنىلار، رەڭگارەڭ چىراغلار ۋە ئال-
ييشىل ۋدۋسكىلار بىلەن بېزەلگەن ھەي-
ۋەتلىك ماگىزىنلار ئۇنىڭ كۆزلىرىنى
ئىمىر - چىمىر قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ، ھەممە
ئەرلەرنىڭ دېگۈدەك بېشىدىكى قالپاقنى،
ئۇستىدىكى چەتئەلنىڭ پەلتۇسىنى كۆ-
رۈپ، ئۆزىنى خۇددى كىنولاردىكى چەت
ئەل شەھەرلىرىگە كېلىپ قالغاندەك
سەزدى.

مەتتۇرسۇن ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن
سوراپ يۈرۈپ سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىنى
ئاھايىتى تەستە تاپتى. ئۇ سەل دېمىنى
ئېلىۋېلىش ئۈچۈن مۈرىسىدىكى ئېغىر
سومكىنى يەرگە قويدى - دە، يۈزلىرىنى
بويلاپ ئېقىۋاتقان تەرلەرنى يېڭىنىڭ
ئۇچى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، يول ياقىسى-
دىكى پاكار رىشاتكىدا ئولتۇرۇپ، مو-
خوركىدىن بىرنى ئوراپ، ئوت تۇتاش-
تۇردى. يولدا ئۆزىدىن بىكاردىن - بىكار
ئىككى يەردە بەش سومدىن ئون سوم
جەرىمانە ئالغانلىقىغا ئاچچىقى تېخىچە

يانمىغان بولسىمۇ، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن
ئىزدىمەكچى بولغان ئىدارىنى تېپىۋ-
ۋالغانلىقىدىن خۇشال ئىدى.

مەتتۇرسۇن ئۇزۇن يوللۇق قاتناش
بېكىتىدىن چىقىپ بىر كوچىنىڭ ئاغزى-
غا كەلگەندە، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئۆزى
ئىزدىمەكچى بولغان كىشى — ئا چۇجاڭغا
ئوخشاش كۆل رەڭ قالپاق كىيىۋالغان،
چىرايى ۋە بەدەن قۇرۇلۇشىمۇ ئۇنىڭغا
ئوخشاپ كېتىدىغان بىرىنى كۆرۈپ قال-
غانىدى. ئۇ خۇشاللىقىدىن يۈگۈرۈپ يول-
نىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتمەكچى بولۇپ، كو-
چىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، بىلىكىگە
قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىۋالغان بىرى
ئۇنى توسۇۋېلىپ، قاتناش قائىدىسىگە
خىلاپلىق قىلدىڭ، دەپ ئۇنىڭدىن بەش
سوم جەرىمانە ئېلىپ، قولىغا ئالىقانچىلىك
قەغەزنى تۇتقۇزۇپ قويدى. ھولۇقۇپ قال-
غان مەتتۇرسۇن ئۆزىگە كېلىپ، ھېلىقى
قالپاقلىق كىشىگە قارىۋېدى، ئۇنىڭ قارى-
سىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇ ھېچنېمىدىن ھېچ-
نېمە يوقلا بەش سوم تۆلىگىنىگە ۋە
ئا چۇجاڭ بىلەن كۆرۈشەلمىگىنىگە ئاچچى-
قى كېلىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ ھېلىقى
«قاراقچى»غا «تۈفى» دەپ بىرنى تۈ-
كۈرگەنىدى، بىلىكىگە قىزىل يەڭ بەلگىسى

www.ughurkitap.com

تاقىۋالغان يەنە بىر كىشى يەردىن ئۈنـ
گەندەكلا ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ،
يەنە زورمۇ زور بەش سوم ئالدى ـ دە،
ھېلىقىدەك قەغەزدىن تۇتقۇزۇپ قويدى.

بۇ زادى قانداق گەپ؟ شەھەرلىكـ
لەر قاراپ تۇرۇپ ئادەمنى بوزەك ئېتەمـ
دۇ؟! بۇ يەردە پۇل تاپماق نېمىدېگەن
ئاسان! ئۇ ئاچچىقىدا قولىدىكى تاماكىـ
نى قاتتىق بىر شورىغاندىن كېيىن،
يەرگە چۆرۈۋېتىپ، ئولتۇرغان تۆمۈر رىـ
شاتكىدىن تۇرۇپ كەتتى. شۇ ئەسنادا
بىر ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— يولداش، تاشلىۋەتكەن تاماكا
قالدۇقىنى ئېلىپ ئاۋۇ ئەخلەت ساندۇـ
قىغا تاشلاڭ! — دەپ بىرنەچچە چامدام
نېرىدىكى ئەخلەت ساندۇقىنى ئىما قىلـ
دى.

مەتتۇرسۇن تەمتىرىگەن ھالدا،
ئۆزى تاشلىۋەتكەن تاماكا قالدۇقىنى
ئېلىپ، ئەخلەت ساندۇقىغا ئاپىرىپ تاشـ
لىدى ـ دە، سومكىسىنى يۈدۈپ مېڭىشقا
تەمشىلىۋېدى، ھېلىقى كىشى ئۇنى توخـ
تىتىۋېلىپ يەنە ھېلىقىدەك قەغەزنى
ئۇنىڭغا تەڭلىدى. مەتتۇرسۇن يا ئاچـ
چىقلىنىشنى يا كۈلۈشنى بىلەلمەي
تېڭىرقاپ:

— بۇ... بۇ ـ نېمە گەپ؟ — دېگەن
سۆزنى ئارانلا قىلالىدى.

— بولۇڭ، پۇلنى تاپشۇرۇڭ، بولـ
مىسا يەنە تېخى بايا يەرگە تاشلىغان
سەرەڭگە تېلى بىلەن رېشاتكىدا ئولتۇرـ
غىنىڭىزغا بەش سومدىن ئون سوم
قوشۇپ تۆلەيسىز!

ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى سەزگەن مەتـ
تۇرسۇن غىڭ قىلالماي يەنە بەش سومغا
ئالىقانچىلىك بىر پارچە قەغەزنى
سېتىۋالدى.

ئۇ ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئېغىر
سومكىسىنى مۈرىسىگە ئېلىپ، ئىدارە
دەرۋازىسىنىڭ سول تەرىپىدىكى خەۋەرـ
لىشىش ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىۋېدى،
خەۋەرلىشىش ئۆيىدىكى بوۋاي دېرىزىـ
دىن بېشىنى چىقىرىپ:

— كىمنى ئىزدەيسىز؟ — دەپ
سورىدى.

— ئا چۇجاڭنى ئىزدەيتتىم، — دەپ
جاۋاب بەردى ئۇ.

— قايسى ئا چۇجاڭنى؟

ئۇ سەل گاڭگىراپ قالدى. چۈنكى
ئۇ ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئۇنى ئا چۇـ
جاڭ دەپ ئاتىغانلىقىنىلا ئاڭلىغان،
ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى شەرىپىنى
سورىۋالمىغانىدى.

— كۆل رەڭ قالپاق كىيىۋالىدىغان
ئا چۇجاڭنى دەيمەن! — دېدى ئۇ سەل
ئويلىنىۋېلىپ.

— ھازىر چۇجاڭلا ئەمەس، تازىلىق
ئىشچىلىرىمۇ قالپاق كىيىۋالىدىغان
بولدى، — دېدى بوۋاي كۈلۈمسىرەپ.

— مېنىڭ ئىزدەيدىغىنىم بۇ يىل
ئەتىيازدا بىزنىڭ قۇمتۇر سۇ ئېلېكتر
پونكىتىغا بېرىپ، خىزمەتلىرىمىزنى
كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئالاھىدە يېتەكچىـ
لىك قىلغان ئا چۇجاڭ، — دېدى ئۇ
چۈشەندۈرۈپ.

بوۋاي مەتتۇرسۇننىڭ سەممىي ھەم
ساددا ئادەم ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىپ،
خەۋەرلىشىش ئۆيىدىن چىقىپ:

— قاراڭ، ئىدارىمىزدە چۇجاڭدىن
تولا نەرسە يوق، تولارنى بىر يەرگە يىغسىڭىز

بىر تويىنىڭ ئادىمى بولىدۇ. پەقەت ئا چۈجاڭدىنلا نەچچىسى بار، ھەممىسىنىڭ بېشىدا قالپىقى بار. ئادىل چۈجاڭ، ئابدىراھمان چۈجاڭ، ئابدۇل چۈجاڭ... لارنىڭ قايسىسىنى ئىزدەيسىزكىن، مەن قانداق بىلەي؟!

مەتتۇرسۇن مۆرىسىنى بېسىپ تۇرغان سومكىسىنى يەرگە قويدى. ئۇنىڭ بېشى بەكلا قاتقانىدى.

— ۋاي جېنىم ئاكا، ياراتقان ئىگەم ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلا، مالال كۆرمەي بىر سۈرۈشتە قىلىپ باققان بولسىلا، مەن نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقتىن كەلدىم.

بوۋاي ئۇنىڭ ھارغىن قىياپىتىگە، سولغۇن چىرايىغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدى بولغاي:

— ئۇنداق بولسا ماۋۇ دەپتەرگە ئىسمىڭىز بىلەن ئادرېسىڭىزنى يېزىپ قويۇپ، خىزمەت بىناسىغا كىرىپ، ئىشخانىدىن سۈرۈشتۈرۈپ بېقىڭ! — دەپ دەپتەرنى ئۇنىڭغا سۇندى. مەتتۇرسۇن ئەجەبلىنىپ ئۇلۇغ بىر تىنىدى. ئۇ سومكىسىنى بوۋاينىڭ يېنىغا قويۇپ، خەۋەرلىشىش ئۆيىدىن چىقتى-دە، ئىدارە قورۇسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈكىنى ئەگىپ ئۆتۈپ، خىزمەت بىناسىغا كىردى.

ئۇنىڭ بېشىدا تېرە تۇماق، ئۇچىسىدا چىپەرقۇت چاپان، پۇتىدا ئاقىرىپ كەتكەت قونچلۇق ئاياغ بار ئىدى. ئۈستىباشلىرىدىن يىراق سەھرادىن كەلگەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

ئىدارە ئىشخانىسىدا بىر ئايال بار ئىدى. ئۇ مەتتۇرسۇننىڭ مۇددىئاسىنى ئۇققاندىن كېيىن:

— ئۇنداق بولسا يەتتىنچى قەۋەتكە چىقىڭ! — دەپ قويۇپلا ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كەتتى.

ئا چۈجاڭنىڭ بېشىدا يەنىلا كۆلرەڭ قالپاق بار ئىدى. ئۇ مەتتۇرسۇننىڭ ئېگىلىپ قىلغان سالىمىغا بېشىنى سەل-پەل لىڭشىتتى-دە، بۇ كۈتۈلمىگەن مېھمانغا قاراپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى. ئۇ مەتتۇرسۇننى قەيەردە كۆرگەنلىكىنى دەررۇ ئېسىگە ئالالمىغاندەك قىلاتتى.

— ۋاي ئا چۈجاڭ، مېنى تونۇمىدىلىمۇ؟ مەن قۇمتۇر سۇ ئېلېكتىر پونكىتىدىكى مەتتۇرسۇن ئەمەسمۇ؟ بۇ يىل ئەتىيازدا سىلى بىزنىڭ پونكىتقا بېرىپ خىزمەتلىرىمىزنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، مۇھىم يولیورۇقلارنى بەرگەن ئەمەسمىدىلە؟ — دېدى ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ.

ئا چۈجاڭ ئىش ئۈستىلىدىكى ئەينەكنى بارمىقى بىلەن رىتىملىق چېكىپ، ئۈزۈلۈپ قالغان خاتىرىسىنى ئۇلاۋاتقاندەك قىلاتتى. بىراق ئۇ مېھماننى يەنىلا ئېسىگە ئالالمىدى. ئا چۈجاڭنىڭ ئۆزىنى ئەسلىيەلمىگەنلىكىنى كۆرگەن مەتتۇرسۇننىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، روھى بەكلا چۈشۈپ كەتتى.

بۇندىن توققۇز ئاي ئىلگىرى، قۇمتۇر سۇ ئېلېكتىر پونكىتى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۈگۈن ئەتىنىڭ ئىچىدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن يۇقىرىدىن رەھبەرلەر كەلمەكچى، بەلكىم ئۇلار پونكىتلارنى كېزىپ قۇرۇش خىزمىتى ئۈچۈن بېرىپ قىلىشى مۇمكىن... ياخشىراق تەييارلىق قىلىپ قويۇڭلار، دېگەن مەزمۇندىكى تېلېفوننى ئالغانىدى. بۇ خەۋەر شۇ ھامان پونكىتتىكى

www.uyghurkitap.com

بارلىق خادىملارنى جىددىيچىلىككە
سېلىۋەتتى. پونكىت باشلىقى جىددىي
يىغىن ئېچىپ، يۇقىرىدىن كېلىدىغان
رەھبەرلەرنى قانداق كۈتۈۋېلىش توغرى-
سىدا مەسلىھەتلەشتى. بۇنىڭ بىلەن كۈ-
تۈۋېلىش خىزمىتى مۇئاۋىن پونكىت باش-
لىقى مەتتۇرسۇنغا تاپشۇرۇلدى. مەتتۇر-
سۇن دەرھال ناھىيىگە ئادەم ئەۋەتىپ
ئالىي دەرىجىلىك هاراق ئەكەلدۈردى ۋە
ئىككى ئادەمنى ئوۋغا بۇيرۇدى. ئاشخا-
نىدىكىلەرگە كەكلىك، قىرغاۋۇل، بۆدۈ-
نە كاۋىپى، يېڭى بېلىقتىن بېلىق كا-
ۋىپى، پاقلان گۆشىدىن تونۇر كاۋىپى
قىلىشنى بۇيرۇدى. ئۇ، چەت، خىلۋەت
پونكىتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ
يۇقىرى رەھبەرلىككە بولغان ھۆرمىتى ۋە
ئىكرامىنى ئىپادىلەشكە تىرىشاتتى.
ناھىيە رەھبەرلىرى ئا چۈجاڭ باشچى-
لىقىدىكى يۇقىرىدىن كەلگەن مېھمانلارنى
باشلاپ ھەيۋەت بىلەن يېتىپ كەلگەندە،
ئا چۈجاڭنىڭ بېشىدىكى كۆل رەڭ قالپىقى
مەتتۇرسۇنغا غەلىتە ھەم چىرايلىق كۆ-
رۈنگەنىدى. ئا چۈجاڭ كۈتۈۋېلىش زىيا-
پىتىدە تائاملارنى زور ئىشتىھا بىلەن
يېدى ۋە ئوخشاپتۇ، قالتىس ئوخشاپتۇ،
تەملىك بوپتۇ، دەپ يېنىش - يېنىشلاپ
ماختاپ كەتتى.
— ۋاي ھۆرمەتلىك ئا چۈجاڭ، شا-
رائىتىمىز ناچارراق، قولىمىز قىسقىراق
بولۇپ قالدى. سىلىدەك ئەزىز مېھمانلار-
نىڭ لايىقىدا بولمىدى. تائاملارنى
تازا ئوخشىتالمىدۇق ... — دەپ ئۆزرە-
خاھلىق ئېيتتى مەتتۇرسۇن.
— ياق، ياق، ھەقىقەتەن ئوخشاپتۇ،
قىرغاۋۇل، كەكلىك، باچكا كاۋاپلىرى
بەكلا تەملىك بوپتۇ، تۇنجى قېتىم يېيىۋا-
تىمەن، — ئا چۈجاڭ چېكىسىدىكى تەر-
لەرنى سۈرتۈۋېتىپ، قالپىقىنى قولىغا
ئېلىۋېدى، ئۇ دەرھال ئۇنىڭ قولىدىن
قالپاقنى ئېلىپ، قالپاققا تازا سەپسې-
لىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، تامدىكى
قوزۇققا ئېلىپ قويدى. ئۇ:
—ھۆرمەتلىك ئا چۈجاڭ، يولنى يى-
راق كۆرمەي، بىزنىڭ بۇ پونكىتىمىزغا
قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرىغا مىڭ رەھ-
مەت! — دېدى - دە، قولىدىكى رومكىنى
گۆپپىدە كۆتۈرۈۋەتتى.
— سىلىنىڭ ئىسىملىرى نېمە
ئىدى؟ — دەپ سورىدى ئا چۈجاڭ
ئۇنىڭغا قىزىقىپ پەس ئاۋازدا.
— كەمىنىلىرىنىڭ ئىسمى مەتتۇر-
سۇن بولىدۇ.
— بۇ پونكىتتا ئىشلىگىلى نەچچە
يىل بولدى؟
— ئون ئالتە يىل بولدى، چۈجاڭ!
— مۇشۇنداق جاپالىق جايدا ئون
نەچچە يىل ئىشلىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن قېنى
بىر رومكىدىن كۆتۈرەيلى! — ئا چۈجاڭ
بېلىق كۆزى قىلىپ قويۇلغان قەدەھنى
قولىغا ئالدى. سورۇندىكىلەرمۇ ئورۇنلى-
رىدىن تۇرۇشۇپ ئا چۈجاڭنىڭ بۇ ماخ-
تىشىدىن تەڭ بەھرىمەن بولغاندەك قول-
لىرىدىكى قەدەھلىرىنى ئېگىز
كۆتۈرۈشتى...
مانا بۇلار مەتتۇرسۇننىڭ خىيالىدا
تېخى تۈنۈگۈنكىدەكلا تۇراتتى. بۇ ئا
چۈجاڭ شۇنداقمۇ ئۇنۇتقاقمىدۇ؟!
باشلىقنىڭ ئالدىدىكى تېلېفون
تۇيۇقسىز جىرىڭلىدى. ئۇ ئالدىرىماي
تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ، ئاۋازىنى

سوزۇپ:

— ھە ... كىم؟ ھە ... مەن، — دېدى.

ئىشخانىنىڭ ئىچى جىمجىت بولغاچقا، تېلېفوندىن بىر ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ۋاي ۋۇي، مەرەمنىسامۇ سەن؟ ھازىر سىلەر نەدە؟ قورغاستا؟ تاشكەنتتىن قاچان قايتىپ كەلدىڭلار؟ ھازىر قايتىپ كەلدۇق؟ بەللى، بەللى، ھەممىڭلار سالامەت قايتىپ كەلدىڭلارمۇ؟ تاموژنىدىن ياخشى ئۆتكەنسىلەر؟ ھە، ھە، ياخشى بوپتۇ. يۈكىڭلار خېلى ئېغىرمۇ... ئۇنداق بولسا مەن ئەتە كەچكىچە ئالدىڭلارغا ماشىنا ئېلىپ بارىمەن، ھازىر سىلەر غۇلجىدىكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرۇڭلار، قالغان گەپلەرنى كۆرۈشكەندە قىلايلى! — دېدى-دە، تۇرۇپكىنى قويۇپ، ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ، ئورنىدىن تۇردى ۋە مەتتۇرسۇننىڭ تېخىچىلا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ چىرايى بىرئاز تۇتۇلدى.

مەتتۇرسۇن ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

ئاچۇجاڭ قوشۇمىسىنى سەل تۈرگەن ھالدا:

— ھە، نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— ناھىيىدىن مېنى قومتۇر سۇ ئېلېكتر پونكىتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش پىلانى قانداق بولدىكىن، ئۇقۇپ كەلسىڭىز، دەپ سىلىنىڭ يانلىرىغا ئەۋەتكەنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئالدىلىرىغا كىرىشىم، — دېدى مەتتۇرسۇن دۇدۇقلاپراق.

— بۇ ئاسانلا ھەل بولىدىغان ئىش ئەمەس. بۇ يەرگە ئالاھىدە كېلىپ يۈرمىسەڭلارمۇ ۋاقتى كەلگەندە ئىدارىدىن سىلەرگە جاۋابىنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر مېنىڭ ئىشلىرىم بەكلا ئالدىراش ... — دېدى ئۇ سوغۇقلا.

مەتتۇرسۇن ئىشخانىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەيلا قالدى. ئۇنىڭ ئاچۇجاڭدىن كۈتكەن زور ئۈمىدلىرى يوققا چىققانىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا ئەلەم قىلغىنى سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقى بولدى. كۆڭلى خۇددى چۈۋىن يۇتۇۋالغاندەك بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. ئۇ خەۋەرلىشىش ئۆيىدىن سومكىسىنى ئالدى-دە، ھارغىن قەدەملىرىنى ئاران-ئاران يۆتكەپ كوچىغا چىقتى.

شۇ ئەسنادا ئالدى تەرەپتىن ئاچۇجاڭنىڭ قالپىقىغا ئوخشاش قالپاق كىيىۋالغان كىشى كېلىۋىدى، ئۇ خۇددى مەتتۇرسۇنغا ئاچۇجاڭدەك كۆرۈنۈپ ئۇنىڭ دەرد-ئەلىمىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى.

مەتتۇرسۇن قالپاقلىق كىشىلەرگە ئۆچ بولۇپ قالغانىدى. قالپاقلىق كىشى ئۇچرىسىلا ئالىيىپ، ئىچىدە تىللاپ قوياتتى. مۇرىسىنى بېسىپ تۇرغان سومكا ئۇنى بارغانسېرى بىئارام قىلىشقا باشلىدى. ئۇ سومكىنى يەرگە تاشلاپ، ماۋۇ ئەخمەقلىقىمنى كۆرمەمدىغان، بۇنچىۋالا ئېغىر يۈكنى يۈدۈپ ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلىپ نېمە قىلاتتىم؟ بۇ نەرسىلەر پونكىتنىڭ ئاچۇجاڭغا ئاتىغان نېمەتلىرى بولغاندىكىن، شۇنىڭغا تاشلاپ چىقسام بولمامتى، ئۇ مېنى كۆرەر كۆزى بولمىسا ئەمدى بۇنى قانداق ئەكىرىپ بېرىمەن ... دەپ ئۆز-ئۆزىگە كايىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ يەردىكى سومكىغا قاراش بىلەن تەڭ، قۇمتۇر سۇ ئېلىكتر پونكىتىدا ئاچۇجاڭنى ئۇزىتىپ قويغان چاغدىكى ئىشلار كۆز ئالدىغا كەلدى ...

ئاچۇجاڭ قايتقان كۈنى مەتتۇرسۇن ئانار، ياڭاق، گۆلە قاتارلىق يەلپىمىشلەردىن ھەر بىر ئادەمگە بىر يەشىكتىن تەييارلاپ ئۇلارنىڭ ماشىنىسىغا سېلىپ قويغاندا، ئاچۇجاڭ ناھايىتى مۇلايىملىق ۋە تەكەللۇپ بىلەن، مەي زەنجاڭ، بۇنداق قىلساڭلار بولماسمىكى، سىلەرنى ئاۋارە قىلغىنىمىزمۇ يېتەر. ئەگەر زادى ئۇنىمساڭلار بۇ پۇلنى ... دەپ ئالدىرىماي يانچۇقىنى كولاشقا باشلىغانىدى.

— ۋاي ئاچۇجاڭ، ئادەمنى خىجىل قىلمىسىلا. ئەسلىدىغۇ بۇ نەرسىلەر ئۆزلىرىنىڭ لايىقىدا ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ ئاددىي كۆرمەي بالىلارغا ئالغاچ بارالا. بۇ ئاز بولسىمۇ پونكىتىمىزدىكىلەرنىڭ كۆڭلى، — دەپ ئۇنىڭ قولىنى يانچۇقىدىن چىقارغىلى قويمىغانىدى.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ. كۆپ ئاۋارە بولۇپسىلەر، رەھمەت! — دېگەنىدى ئاچۇجاڭ.

— بۇندىن كېيىن ۋاقتىلىرى يەتسە پات - پات كېلىپ خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلسىلا، — دېگەنىدى مەتتۇرسۇن.

— ئەمدى بىز تونۇشۇپ قالدۇق. شەھەردە بىرەر ئىش - كۈشۈڭلار بولسا ئۇدۇل بېرىپ مېنى ئىزدىسەڭلار بولىدۇ ... — دېگەنىدى ئاچۇجاڭمۇ ماشىنىسىنىڭ دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ. مەتتۇرسۇن بۇلارنى ئويلاپ، سەپراسى تېخىمۇ ئۆرلىدى.

ھەي، ماڭا ئىسسىق چىراي ئېچىپ قاراپ قويغان بولساڭچۇ كاشكى! ئۇ ئاچچىقىدا باشلىقنى ئىچىدە مىڭنى تىللىدى.

مەتتۇرسۇن كۆڭلى پەرىشان تۇرالتى، كىمدۇر بىرى كېلىپ ئۇنىڭ دولىسىنى يېنىك قاقتى. ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈۋېدى، قالپاق كىيگەن بىر يىگىتنى كۆردى. ئۇ سەپسېلىپ قاراپ، ئۇنىڭ ئاچۇجاڭنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ قۇمتۇرغا بارغان شوپۇر يىگىت ئىكەنلىكىنى تونۇدى.

— ۋاي مەتتۇرسۇن ئاكا، بىزنىڭ يۇرتقا قاچان كېلىپ قالدىلا، بۇ يەردە كىمنى ساقلاپ تۇرىلا؟

— ھەي ئۇكام، سىزگە دەپ كەلسەم گەپ تولا. ئەتىگەن ئۇرۇمچىگە چۈشكەنىدىم ...

شوپۇر يىگىت ئۇنى بىر ئاشپۇزۇلغا باشلىدى. مەتتۇرسۇن گويا يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى.

— ھەي ئۇكام، بۇنداق شەھەردىمۇ ياشىغان بارمۇ؟ بۇ يەردىن بىزنىڭ تۇپىلاڭ سەھرايىمىز ياخشى ئىكەن. بۇ يەردە كوچىدىن ئۆتۈپ قويسىمۇ، تۈكۈرۈپ قويسىمۇ جەرىمانە ئېلىۋاتقان، ھاجەتخانىغا كىرسىمۇ پۇل دەۋاتقان. بۇ زادى قانداق گەپ؟ بۇ يەردىكى باشلىقلارنىڭ كۆزى كور، ئادەملىرى بۇلاڭچى ئىكەن. ئىسىت، سىلەرنىڭ كۈنىڭلارغا ... — مەتتۇرسۇن قايناشقا باشلىدى.

— ھە، مەتتۇرسۇن ئاكا، ئاچۇجاڭنى ئىزدەپ بارمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى

شوپۇر يىگىت.

— قويسىلا ئۇ ئاچۇجاڭنى! ئاپتو-بۇستىن چۈشۈپ سىلەرنىڭ ئىدارەڭلەرنى ناھايىتى تەسلىكتە ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كىرسەم، ئۇ مېنى تونۇمىدىمۇ قانداق قاراشقا ھېچ بىر چولىسى تەگمىدى. پەقەت چۈشىنەلمىدىم...

ئۇلار بىر قاچىدىن لەڭمەن يېيىشتى. مەتتۇرسۇن يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ تاماق پۇلىنى تۆلەشكە تەمشىلىۋېدى، يىگىت ئۇنى توسۇۋېلىپ:

— سىلى دېگەن مېھمان، جىم ئولتۇرسىلا، — دەپ پۇلنى ئۆزى تۆلىۋەتتى.

— ئۇكام بۇنداق قىلمىسىڭىز بولاتتى، سىزگە رەھمەت. ئەتە ئەتىگەندە كېتىمەن. ئاچۇجاڭنىڭ پونكىتىمىزنى كېڭەيتىپ قۇرۇش پىلانى ھەققىدىكى جاۋابىنىمۇ ئاڭلىمىدىم... — دېدى ۋە ئۇنىڭغا سومكىدىكى يەل-يېمىشلەرنى ئاچۇجاڭغا يەتكۈزۈپ بېرىشىنى تاپىلاپ، يىگىتنىڭ ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقىغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، كېتىپ قالدى.

ئۇ ئۇزۇن يوللۇق قاتناش بېكىتىگە بېرىپ، ئەتىنىڭ بېلىتىنى سېتىۋالدى. ئاندىن بالا-چاقىلىرىغا ئازراق نەرسە-كېرەك ئېلىۋېلىش ئۈچۈن بېكەتنىڭ يېنىدىكى بازارغا كىردى. بازاردا چىرايلىق تىكىلگەن چەت ئەل قالپاقلىرى ئىسسىقلىق تۇراتتى. دەسلەپتە ئۇ قالپاقلارنى كۆرۈپ ئۇغىسى قاينىغاندەك بولدى. ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، كۆڭلىنىڭ بىر يېرى ئاشۇ قالپاققا تارتىشقاندەك بولدى-دە، كەينىگە يېنىپ قالپاقتىن بىرنى تاللاپ، بېشىغا كىيىپ، ئەينەككە قارىغانىدى، قالپاق ئۇنىڭغا يارىشىپ، خېلىلا ئىسكەت كىرگەندەك بولدى. شەھەرلىكلەر كىيىدىغان قالپاق بىزگىمۇ يارىشىدۇ! دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە ۋە ئىككىلەنمەيلا قالپاقنى سېتىۋالدى. ئاندىن تېرە تۇمىقىنى قولىدا تۇتۇۋېلىپ، قالپاقنى كىيىۋالدى. ئۇ داۋاملىق ئايلىنىپ ئالىدىغان نەرسە-كېرەكلەرنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك قالپاق يېنىغا يەنە كەلدى. ئاشقان پۇلغا قالپاقتىن بىرنەچچىنى سېتىۋالدى.

ئەتىسى سەھەردە مەتتۇرسۇن قۇمتۇر سۇ ئېلېكتر پونكىتىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ تونۇگۈنكى بىر كۈنلۈك ئىشلارنى ئويلاپ، كۆڭلى غەش بولاتتى. ئاچۇجاڭنىڭ سوغۇق چىرايى، شوپۇر يىگىتنىڭ ئىللىق چىرايى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەيتتى.

ئۇ سېتىۋالغان قالپاقلارغا قاراپ، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — ھەر نېمە بولسا قۇرۇق قول قايتمىدىم. مودا قالپاقلارنى بولسىمۇ يۇرتقا ئەكىتىدىغان بولدۇم، — دەپ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يارمۇھەممەت تۇرسۇن

# كىم ئەيىبلىك

(ھېكايە)



روزى ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى خېلىچەمخان ئانىنىڭ ئىككى قىزى چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ئەرلىرى ۋە بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىشتى.

ھەر كۈنى كەچ كىرىش بىلەنلا غېرىبلىق ۋە يالغۇزلۇق ھېس قىلىدىغان بىچارە ئانىنىڭ كۆڭلى بالىلىرىنى كۆرۈپ بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ بىردەم قازان بېشىغا يۈگۈرسە، بىردەم ئۇستەل ئەتراپىدا ئۆزئارا مۇڭدىشىپ ئولتۇرغان بالىلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇلارنىڭ چىنىلىرىگە چاي قۇيۇپ قوياتتى، نەۋرىلىرىگە تاتلىقلارنى تەڭلەپ، ئۇلارنى ئەركىلىتەتتى، قۇچىقىغا ئېلىپ پېشانىلىرىگە، ئالمىدەك قىپقىزىل مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ كېتەتتى.

خېلىچەمخان ئانا يەتمىش ياشلاردىن ئاشقان ئاقكۆڭۈل، ھېچ كىشىگە ئازار بەرمەيدىغان، ساددا، رايىش، ئىتائەتمەن ئايال بولۇپ، خۇددى «ئايىغى ئاستىدا چۈمۈلە ئۆلمەيدىغان» لاردىن ئىدى. شۇڭلاشقا ئىككى قىزى ئانىسىنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ، ئانا، دەپ ئاغزىلىرىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئەمەلىيەتتە ئانا ئۆزىنىڭ مولايىملىقىدىن ئىككى قىزىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماي، ئۇلارنىڭ دېگىنىچە ئىش كۆرەتتى. بولۇپمۇ كىچىك قىزىنىڭ ئېيتقان ھەر بىر سۆزىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، ئۇنىڭ دېگىنىچە ئىش كۆرەتتى. ئانا چوڭ قىزىنى تونجى بالام دەپ ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلغانىدى. بىراق ئۇ كىچىككىنە قارىغاندا بىر ئاز كۆيۈمسىز، شەخسىيەتچى بولۇپ ئۆستى. ئۇ ئانىنىڭ ياۋاشلىقىدىن پايدىلىنىپ

بىر نەچچە قېتىم «ياغاچ قازان» قايناتقاچقا، ئانىنىڭ كۆڭلى قاتتىق ئازار يەپ، ئۇنىڭغا ئىشەنمەس بولۇپ قالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئانا بۇنى قىزلىرىغا بىلىندۇرمەي «ئىچىدە روزا تۇتۇپ، تېشىدا ھېيت قىلىپ» يۈرۈۋاتاتتى. شۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوق ئىدى. چۈنكى خېلىچىخان ئانا ئېرىنىڭ ئىدارىسىدىن بېرىلىۋاتقان ئازغىنە نەپىقە پۇلى بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتاتتى.

چايدىن كېيىن ئىككى قىز ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ سومكىلىرىنى ئاچتى - دە، ئانىغا ئېلىپ كەلگەن ھېيتلىق سوۋغاتلىرىنى بىر - بىرلەپ شىرە ئۈستىگە قويۇشۇپ، سوۋغاتلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئويلىغاندەك بولماي قالغانلىقىنى، يەنە قاراپ تۇرماي داۋاملىق يوقلاپ تۇرۇشىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئانا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ بالىلىرىنىڭ بەكمۇ جۇۋاپ كەتكەنلىكىنى، بۇنچىلا قىلمىسىمۇ بالىلىرىدىن رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ھېيتلىق سوۋغاتلارنى «ھەشقاللا» دەپ قوبۇل قىلدى. تاماق تەييار بولدى. ھەممەيلەن خۇشال ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتى. تاماقتىن كېيىن ئانا كىچىك قىزى بىلەن قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى ۋە ئۇلار ئانچە ھايال بولمايلا قوللىرىغا پەتنۇسلارنى كۆتۈرگەن ھالدا مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ كېلىشتى. ئانا كىچىك قىزىنىڭ قولىدىكى پەتنۇسنى ئېلىپ چوڭ قىزىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— بۇ ھەربىرىڭلارنىڭ لايىقىدا بولمىغان بولسىمۇ خاپا بولماي كۆپكە تاۋاپ قىلىپ قوبۇل قىلارسىلەر، بالىلىرىم! يەنە خۇدايىم بۇيرۇسا ھەربىرىڭلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىۋالارمەن، — دېدى. چوڭ قىزى ئېرى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئانىغا رەھمەت ئېيتىپ جايىدا ئولتۇرۇشتى. ئانا ئىككىنچى پەتنۇسنى قولىغا ئېلىپ كىچىك قىزىنىڭ ئالدىغا قويدى. چوڭ قىزى ۋە ئۇنىڭ ئېرى ھەيرانلىق بىلەن بىر - بىرىگە ئاستاغىنا قاراپ قويۇشتى. چۈنكى ئىككى پەتنۇستىكى سوۋغاتلارنىڭ تۈرى، رەڭگى، ئاز - كۆپلۈكى ئوخشاش، بىراق كىچىك قىزىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان پەتنۇس ئۈستىدە يەنە ئون قۇر مەرۋايىت ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇراتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن چوڭ قىزىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتتى. قىزلار بىر - بىرىگە يەر ئاستىدىن قارىشىپ قويۇپ ئۈستەلدىكى نەرسىلەرنى قاتلاپ سومكىلىرىغا سالدى. ئۆي ئىچىدىكى خۇشال كەيپىيات بىردىنلا ئۆزگىرىپ، قانداقتۇر بىر خىل جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. بىر پەستىن كېيىن چوڭ قىزى بىلەن يولدىشى ئانا بىلە سوغۇققىلا خوشلىشىپ كېتىپ قېلىشتى. كىچىك قىزى بىلەن ئېرىنىڭ چىرايىدىن بىر خىل مەغرۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆيدىن كۆڭۈلسىز چىقىپ كېتىۋاتقان ھەدىسى بىلەن يولدىشىغا ھېيتلاپ بېرىشنى تاپىلاپ، ئانىسىنىڭ قالدى - قاتتى ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىمىز دەپ قېپقېلىشتى.

ئانىنىڭ ئۆيىدىن رەنجىپ چىققان چوڭ قىز دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، يول بويى ئېرىگە بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلمىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ قىلغان ئىشىدىن تولىمۇ خورلۇق ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۆيىگە كىرىپلا ئۆزىنى تۇتالماي ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. بۇ تەڭسىزلىكتىن قورسىقى كۆپۈپ ئارانلا تۇرغان ئېرى ئايالىنىڭ يىغىسىدىن

بىزار بولغان هالدا:
ـــ بولدى، ئىمىگە يىغلايتتىڭ،
ئاناڭنىڭ ئالدىدا قانچىلىك ئىناۋىتىڭنىڭ
بارلىقىنى بۈگۈن كۆرۈپ قويدۇم. ئانام،
ئانام دەپ كېتەتتىڭ، مانا كۆردۈڭمۇ،
شۇنچىلىك ئىكەن، ـــ دەپ ئاچچىق كۈلدى.
ئېرىنىڭ بۇ تاپا ـ تەنىلىرى خۇددى ئىـ
چىشقان يەرگە تۇز سەپكەندەك ئۇنىڭ
جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ
بېشىغا ئاغرىق كىرىپ كەتتى. ناۋادا
بۈگۈن ئۇ قېيىن ئاتا ـ قېيىن ئانىسىنىڭ ئۆ-
يىگە بېرىپ مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز قايتىپ
كەلگەن بولسا هارغىچە سۆزلەپ، ئېرىنىڭ
بۇرنى ـ قۇلىقىدىن چىقىرىۋەتكەن بولاتتى.
بىراق ئۆز ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن كۆرگەن
بۇ خورلۇقتا نېمىمۇ دېيەلىسۇن، پەقەت
كۆز يېشىغا زورلاپ ئولتۇرماقتىن باشقا
ئامال يوق ئىدى، ئۇ ئەنە شۇنداق خور-
لۇق، ئازابلىنىشلار ئىچىدە تاڭنى ئاران
ئاتقۇزدى. ئەتىگىنى كىيىملىرىنى كىيىپ
گەپ ـ سۆز قىلمايلا ئۆيىدىن چىقىپ كەتـ
تى. ئۇ شۇ ماڭغان پېتى ئۇدۇل ئانىسىـ
نىڭ ئۆيىگە كەلدى ـ دە، هۆڭرەپ يىغـ
لاپ كەتتى. ئەمدىلا ئەتىگەنلىك چاينىڭ
تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان ئانىسىغا قاراپ:
ـــ سەن ياتباش ئەرنىڭ ئالدىدا
مېنى يەر قىلدىڭ، ئەگەر ئۇ ياخشى، كۆ-
يۈملۈك قىزىڭغا مەندىن ئارتۇق بەرگىلىك
بولسا بىز كەتكەندىن كېيىن بەرسەڭ
بولمامدۇ، يا بولمىسا ماڭىمۇ ئوخشاش
قىلساڭ مېنىڭ بىلگۈچىلىكىم يوقمىدى،
خەق بىرنى قىلسا مەن ئىككىنى قىلىمەنـ
غۇ! پەقەت شۇ قىزىڭلا ياخشى، مەن ئەسـ
كى، مېنى داۋاملىق خەقنىڭ ئالدىدا
چۈشۈرىسەن ... ـــ دەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا
تەگمەي سۆزلەپ كەتتى. ئانا بۇ گەپلەرنى
ئاڭلاپ باشتا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.
كېيىن قىزىنىڭ نېمىگە شۇنچە خاپا بو-
لۇپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندى ـ دە، كۈ-
لۈپ كەتتى:
ـــ ۋاي بالام، سەنمۇ شۇ ئۇكاڭدەك
ئەقىللىق بولساڭ، ئېرىڭنىڭ ئالدىدا يۈز-
ئابروي تېپىپ، يەرگە قارىمايتتىڭ، جېـ
نىم بالام، ـــ دېگىنىچە قىزىنىڭ تاراملاپ
تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى بېشىغا سىلىـ
ۋالغان ئاق داكا ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىـ
لەن ئېرتقاچ بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن
سىڭلىسىنىڭ ئۇن قۇر مەرۋايىتنى ئەكىـ
لىپ «ئانا، هېيت كېلىپ قالدى. هار-
پىلاپ كېلىپ قالساق ئېرىمنىڭ ئالدىدا
قويۇپ بېرەرسەن، بۇ ئىشلارنى هېچكىم
ئۇقمىسۇن» دەپ جېكىلەپ كەتكەنلىكىنى
سۆزلەپ بەردى.
بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان چوڭ قىز
سىڭلىسىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ توغرا بول-
مىغانلىقىنى، بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۆز-
ئارا ئوچۇق ـ ئاشكارا بولمىسا ئائىلە كۆل-
لەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئانىسىغا بىر-
مۇنچە كايىدى. ئۇ ئانىسى بىلەن خوشـ
لىشىپ ماڭىدىغان چاغدا ئانا قىزىغا:
ـــ قىزىم، بۇ گەپلەر مۇشۇ يەردە
قالسۇن، يەنە بېرىپ ئېرىڭگە دەپ قويمىـ
غىن. سىڭلىڭنىڭ ئېرى ئاڭلاپ قالسا
چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ، ـــ دەپ قاتتىق
تاپىلىدى.
چوڭ قىز ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە
ئېرى ئۇنىڭغا:
ـــ هە، ئاپاڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ
ئاخشام قالغان نېسۋەڭنى يەپ كەلدىڭمۇ،
ئەتىگەندە يەنە نېمىگە باردىڭ بۇ

www.uyghurkitap.com

يەرگە؟ ـ دېگىنىچە بىرمۇنچە چالۋاقىغاندىن
كېيىن ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىپ
سىرتقا چىقىپ كەتتى. چوڭ قىز بىر
كۆلنى خۇددى چۆمۈن يەۋالغاندەك بىئا-
رامچىلىق، ئىچ پۇشۇقى ئىچىدە ئۆتكۈز-
دى. كەچتە ئۇنىڭ ئېرى ئېگىز ـ پەس
دەسسەپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى ـ دە، هارپا
كۈنى بولغان ئىشلارنى باشقىدىن تەگەشكە
باشلىدى:

ـ ساڭا دەپ قوياي، مەن ئەمدى
ئاپاڭنىڭ ئۆيىگە ھەرگىز بارمايمەن، ئە-
گەر سەن بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ شۇنداق
خىجىلچىلىقتا قالغان بولساڭ نېمە بولۇپ
كېتەرىدىڭ؟ ئاپاڭنىڭ قىلغان ئىشى ماڭا
شۇنداق ھار كەلدىكى، ئاسمان يىراق،
يەر قاتتىق بولۇپ قالدى، ـ ئۇنىڭ ئاغ-
زىدىن چىقىۋاتقان تۈگىمەس تاپا ـ تەنە،
دەشنەملەر چوڭ قىزنىڭ جان ـ جېنىدىن
ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ھەر قانچە تۇ-
تۇۋالغان بولسىمۇ، ئېرىنىڭ زەھەردەك
ئاچچىق گەپلىرىگە چىداپ تۇرالمىدى ـ دە،
ئاخىرى:

ـ مەنمۇ ئۆي ـ ئۆي دېمەي، خەققە
ئوخشاش قوينۇم ئوغرى، قونجۇم ئوغرى
قىلغان بولسام سىزنىڭ بۇنداق تەنىلە-
رىڭىزنى ئاڭلىمىغان بولاتتىم، ـ دەپ
تاشلىدى. بۇ گەپنىڭ ئاغزىدىن قانداق
چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۇ ئۆزىمۇ سەزمەي
قالدى. ئادەتتە ئازراق گەپ ـ سۆز ئاڭلاپ
قالسا، ئۇنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى بىلىۋال-
مىغىچە قويمايدىغان ئەرگە بۇ گەپ خۇددى
ئاق يەردىن ئالتۇن توشقان تېپىۋالغان-
دەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئايالىدىن قاي-
تا ـ قايتا سوراپ يۈرۈپ، ۋەقەنىڭ تەپ-
سىلاتىدىن تولۇق خەۋەر تاپقاندىن كېيىن

ئاندىن كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى ۋە ئايا-
لىنى ئورۇنسىز ئەيىبلەپ قويغانلىقى ئۈ-
چۈن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدى.

ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى چۈشكە يې-
قىن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە سىڭلىسى ئېرى
بىلەن ھېيتلاپ كېلىشتى. ئادەتتىكى چاغ-
لاردىمۇ بۇلار خېلىلا يېقىن ئۆتۈشەتتى،
ئىككى باجا بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ
قېلىشسا، بىر ـ بىرىدىن ئاشۇرۇپ مېھمان
قىلىشاتتى. بۈگۈنكىدەك بۇنداق كۈنلەرگۇ
ئۇلارغا تېپىلغۇسىز ئىدى. ئاياللىرى بول-
دى دەپ توسۇپمۇ قالالمايتتى، قانغۇچە
ئىچىشىپ تۈگىمەس پاراڭلىرىنى بىر باش-
لىۋالسا، پۈتۈن دۇنيانى بىر ئايلىنىپ
چىقىشاتتى. ئۇلار بۈگۈنمۇ شۇ ئادىتى
بويىچە قىيامىغا يەتكۈچە ئىچىشىپ، ئۆز-
لىرىنىڭ پارىڭىغا چۈشۈۋىدى، ئاچا ـ سى-
ڭىل بىردەم ئولتۇرۇپ بېقىپ، ئىككىيلەن
تاشلاپ قويۇپ ھېيتلاپ چىقىپ كېتىشتى.
بۇ ئىككى باجا يالغۇز قالغاندا ئاياللىرى
ۋە قېيىن ئانىسى ھەققىدىمۇ پاراڭلىشىپ
قوياتتى. بۈگۈنمۇ ئەنە شۇ كونا كېسەلى
بويىچە پاراڭ بىردىنلا ئاياللىرى ئۈس-
تىگە يۆتكەلدى. ئۇلار بىردەم ئاياللىرىنى
ماختاشسا، بىردەم ئەيىبلىشەتتى. چوڭ
باجىنىڭ كۆڭلىدە ئايالىدىن ئاڭلىغان
ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلار ئەگىپ يۈرەتتى، ئۇ
ئاق سېرىق، چېقىر كۆز، ئوتتۇرا بوي، قى-
رىقلاردىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ، ھازىرغا
كەلگىچە ئۆزىنى توختاتمىغان، ئىچىدە
گەپ ياتمايدىغان ئادەم ئىدى. ھازىر
ئۇنىڭ ئايالىدىن ئاڭلىغان ھېلىقى گەپ-
نى كىچىك باجىغا ئېيتقۇسى، ئۇنى بۇ
ئىشلاردىن تولۇق خەۋەردار قىلىپ ياخشى-
چاق بولغۇسى كېلىپ كېتىۋاتاتتى. بىراق

www.uyghurkitap.com

ئايالنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتمىسۇن، دەپ قاتتىق جىكىلىگىنى ئۇنى تۇسۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق دىلىغۇللۇق ئىچىدە ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ، باشقا گەپ - سۆزلەرنى قىلىپ بىر هازا ئولتۇرۇپ باقتى. بىراق ئۇنىڭ ئاغزى گەپتە بولغان بىلەن خىيالىدا يەنىلا ئاشۇ ئۇچۇرلار ئەكس يۈرەتتى. ئارقىمۇ ئارقىدىن كېلىۋاتقان رومكىلار ئۇنىڭ كەيپىياتىنى خېلىلا كۆتۈرۈۋەتكەن بولۇپ، كىچىك باجىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئاقىل ۋە بىلەرمەن كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى. ئاخىرى كىچىك باجىغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۇكام، ساڭا بىر گەپنى دېسەم سىر ساقلىيالامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— هە ئاكا، ئۆزىڭىزچە مېنى بىرەر گەپ ئاڭلىسا، رامىزان ئېيتىپ يۈرىدىغان نەرسە دەپ ئويلايدىكەنسىز-دە، قورقماي دەۋېرىڭ، ئاغىنىدارچىلىقتا يارايمەن، — دېدى كىچىك باجا دەرهال ۋەدە بېرىپ.

— ياق ئۇكام، مۇنداقلا دەپ قويدۇم، ساڭا دېمەيدىغان قانداق گەپ بولسۇن، — چوڭ باجا ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان سۆزلەرنى يۇتۇۋېتىپ ئۇلۇق كىچىك تىنىپ قويدى. چوڭ باجىنىڭ بۇ هالىتىنى كۆرگەن كىچىك باجا بۇ سىرلىق تۈگۈننى بىلىشكە ئالدىراپ تەقەززا بولغان هالدا:

— جېنىم ئاكا دەڭە، ئەگەر چاتاق چىقىپ قالسا مەن ئاتامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي، — دەپ يېلىنىشقا باشلىدى. كىچىك باجىنىڭ قەسەملىرىدىن كۆڭلى بىر ئاز خاتىرجەم بولغان چوڭ باجا ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەمدى ئۇكام ساڭا دېسەم، ئەر كىشى دېگەن بىر ئاز سەزگۈر بولمىسا بولمايدۇ. بولمىسا ئايال كىشى ماڭدامدا بىر ئوڭدا قويىدۇ. كونىلارنىڭ «بىر ئايالنىڭ هېيلىسىنى قىرىق بىر تۆگە كۆتۈرەلمەيدۇ» دېگەن گېپى بار ئەمەسمۇ، — ئۇ ئالدىدا تۇرغان رومكىنى قولىغا ئېلىپ هاراقنى غورتتىدە يۇتۇۋېتىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، ئالدىنقى كۈنى قېيىن ئانىمىزنىڭ ئۆيىگە هارپىلاپ بارغان چېغىمىزدىكى ئىشلارنى سەنمۇ كۆردۈڭ، قاراپ تۇرۇپ ئادەمنى ئەخمەق قىلغاندەك، نېمىلەرنى قىلىۋاتىدۇ بىلەمسەن، ئىمانىم قىرىق گەز ئۇچۇپ، شۇنداق ئاچچىقىم كەلدىكى، ئۆيدىن ئارانلا چىقىۋالدىم...

كىچىك باجا دەرهال چوڭ باجىنىڭ ئاغزىدىكى گەپنى تارتىۋېلىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— قېيىن ئانىمىز مەرۋايىتنى ئەسلى هەر ئىككىلىسىگە تەڭ ئالماقچىكەن، سەل قىسىلىپ قېلىپ، هازىرچە كىچىكىگە ئېلىپ بېرەي، يەنە بىر هېيتتا چوڭىغا ئېلىپ بېرەرمەن، چوڭ بولغاندىن كېيىن توغرا چۈشىنەر دەپ ئويلاپتۇ، بۇ گەپلەرنى سىلەرگە دەيمەن دەپ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. سىلەر كەتكەندىن كېيىن قىلغان ئىشىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلدى. تۇل خوتۇندىن خاپا بولمىساقمۇ بولىدۇ.

— ياخشى كۆڭلۈڭگە رەهمەت ئۇكام، — دېدى چوڭ باجا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ، — ئانىمىزنىڭ قىلغىنىغا قاراپ مەن قاتتىق ئەجەبلەندىم. چۈنكى هەر ئىككىلىسى ئوخشاش

باغرىنى يېرىپ چۈشكەن بالىسى ئەمەسمۇ،
شۇ ئاچچىقىمدا ئۆيگە كېلىپ خوتۇنىنى
ئانامنىڭ ئۆيىگە ھارپىلاپ بېرىپ كېلەيلى
دېگىنىگە تويغۇزۇۋەتتىم، خوتۇن كېچىچە
يىغلاپ چىقتى. ئەتىسى گەپ - سۆز قىل-
ماي ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ھايال بول-
مايلا قايتىپ كەلدى. قارىسام چىرايى
بۆلەكچىلا ئېچىلىپ قاپتۇ، بۇرۇنقىدەكلا
كۈلۈپ يۈرىدۇ. كەچتە بىر يەرگە بېرىپ
ئولتۇرۇپ كېلىپ، ھارپا كۈندىكى ئىش-
لارنى باشقىدىن بىر تەكشۈردۈم، ئاچچىق-
قىغا پايلىماي دېمەيدىغان گەپلەرنى دې-
ۋەتتى دېگىنە، — دېدى مەغرۇر قىياپەتتە.
كىچىك باجا بۇ سىرلىق گەپلەردىن ھېچ
نەرسىنى ئاڭقىرالمىدى.

— ھە، ئاخىرىنى دەڭا، قانداق
گەپكەن ئۇ، — دېدى كىچىك باجا قىزى-
قىپ. چوڭ باجا ئۆزىنى سەل توختى-
ۋېلىپ، قولىدىكى تاماكىسىنى بىر-ئىككى
شوراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ يەردە ئويۇن باركەن ئەمەس-
مۇ، ئويۇن، قارىمامسەن ئۇكا، بۇ ئويۇن-
نىڭ قىزىقلىقىنى، خۇددى سەھنىدە ئويۇن
كۆرۈۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قال-
سەن، بىز ھېيتلاپ بېرىشتىن ئۈچ كۈن
بۇرۇن سىڭنىڭ ئايالىڭ ئۇن قۇر مەرۋا-
يىتنى ئەكېلىپ ئانىمىزغا «بىز كەلگەندە
يولدىشىمنىڭ ئالدىدا قويۇپ بەرگىن.
ئۆزۈم يوشۇرۇن يىغقان پۇلغا ئالدىم» دەپ
بېرىپ كېتىپتىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئانىمىز
ئۇنى بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئۆزى ئېلىپ
بەرگەن قىياپەتتە قويۇپتۇ ئەمەسمۇ، بول-
مىسا بۇ تۇل خوتۇننىڭ ئېشىپ - تېشىپ
تۇرغان نەدىكى پۇلىكەن، سەن بىلەن بىز-
نىڭ قولىمىزغا قاراپ، ھۆكۈمەتتىن بەر-
گەن ئازغىنە نەپىقە پۇلى بىلەن جاھان-
دارچىلىق قىلىۋاتقان خوتۇن تۇرسا.

كىچىك باجىنىڭ چىرايى بىردىنلا
ئۆزگىرىپ كەتتى.

— ھە، مۇنداق ئىشلارمۇ بار دەڭا،
ئۇنداق قىلمىسىمۇ مەن ئۇنى كىيىم-كې-
چەكتىن، پۇلدىن قىسمايتتىمغۇ، — دېدى-
دە، قولىدىكى تاماكىسىنى ئاچچىق-ئاچ-
چىق شوراشقا باشلىدى. ئۇ بۇ گەپلەرنىڭ
راستلىقىغا تازا ئىشەنمىگەن ھالدا:

— مۇشۇ دېگەنلىرىڭىز راستمۇ يا
ماڭا چاقچاق قىلىۋاتامسىز؟ — دەپ باجى-
سىغا قارىدى.

چوڭ باجا ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ
سىقىپ تۇرۇپ:

— مۇشۇ قۇتلۇق ئاي، قۇتلۇق
كۈنلەردە تۈز - تائام يەپ ئولتۇرۇپ ساڭا
يالغان سۆزلەپ نېمە قىلىمەن، بىراز
سەندىن سەل قورقۇپ قالدىم. ئۆيۈڭگە
بېرىپ خوتۇنۇڭ بىلەن سوقۇشۇپ يۈرمە
جۇمۇ، ئەسلى بۇ گەپلەرنى ساڭا دېمە-
سەممۇ بولاتتى، لېكىن ئىشنىڭ كىچىك
ۋاقتىدا ئالدىنى ئالمىساڭ، چوڭايغاندا
تەس بولىدۇ، ئۇكام. ھەممىمىز ئۆي تۇ-
تۇۋاتقان، بالا بېقىۋاتقان ئادەم، ساڭا
كېيىنكى تۇرمۇشۇڭدا پايدىسى تېگىپ
قالار دەپ ئېيتىپ قويدۇم. دىققەت قىل-
ساڭلا بولدى، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى
ۋە بىر رومكا ھاراقنى قويۇپ كىچىك
باجىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى. كىچىك
باجىنىڭ چېكە تومۇرلىرى چىڭقىلىپ،
قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى. بە-
دىنىگە تىترەك ئولىشىپ، قوشۇملىرى تۈ-
رۈلۈپ، ئۈن - تىنسىز بىر ھازا ئولتۇرۇپ
كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ما ئىشنى كۆرۈڭ، — دېدى ئۇ ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا، — مەن ئۇنىڭ بىلەن ھازىرلا سۆزلىشىمەن. مەن تېخى ئۇنىڭغا ئانام بىلەن دادامدىنمۇ بەكرەك ئىشىنىپ يۈرۈپتىمەن ئەمەسمۇ...

چوڭ باجا بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ:

— ئۇكا، مۇنداق دېسەڭ، مەن خىجىل بولۇپ قالىمەن، ئەگەر سېنىڭ بۇنداق ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان مىجەزىڭنى بىلگەن بولسام، بۇ گەپنى ھەرگىز دېمىگەن بولاتتىم، سېنى يېقىن كۆرۈپ دەپ قويسام، ماڭا ئىش تېرىپ بېرىدىغان ئوخشايسەن. بولدى قىل ئۇكا، بولدى قىل، — دەپ تەسەللى بېرىشكە باشلىدى. بىراق كىچىك باجىنىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپ - سۆزلەر كىرمەيتتى. ئۇ غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قېلىۋاتاتتى. بىراق ئامال قانچە، ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇپ، ئايالىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. ئۆي ئىچىدە بىر ھازا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، ھەر ئىككىيلەن گەپ - سۆزسىز ھاراق ئىچىشكە باشلىدى. چوڭ باجا ئەندىشە، پۇشايمان بىلەن ھاراق ئىچسە، كىچىك باجا قايغۇ، ئەلەم بىلەن ئىچىۋاتاتتى. ھەر ئىككىيلەن خېلى تەڭشىلىپ قالغان بولۇپ، باشلىرى يەرگە ساڭگىلىغانىدى. ھەر ئىككى كاللىدا ئوخشىمىغان خىياللار لەيلەپ يۈرەتتى. ئۇلار شۇ ھالەتتە خېلى ئۇزۇن ئولتۇرغان بولسىمۇ، ھېيتلاپ چىقىپ كەتكەن ئاياللىرى تېخىچە قايتىپ كەلمەيۋاتاتتى. كىچىك باجىنىڭ تاقىتى تۈگەپ بۇ ئۆيدە يەنە داۋاملىق ئولتۇرۇشقا رايى قالمىدى. ئاخىرى ئۇ چوڭ باجىغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ ئۆيدىن قايتىپ چىقتى - دە، ئۇدۇل ئۆز ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ يول بويى باش - ئۇچى يوق چېكىش خىياللار بىلەن ئۆيىگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. ئۆيىگە كىرىپلا ئەينەكلىك كىرىم جازىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈۋاتقان ئايالىنى كۆردى - دە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كەلگەن پېتى ئايالىنىڭ ساغرىسىغا شۇنداق قاتتىق تەپتىكى، تۇيۇقسىز تۇرغان ئايالى ئالدىغا سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ ھاڭ - تاڭ بولغان ھالدا:

— ھەي، نېمە بولدىڭىز، شۇنداقمۇ قاتتىق چاقچاق قىلامسىز ئادەمنى قورقۇتۇپ، — دېيىشىگىلا غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەي دەپ قالغان ئەر ئايالىنىڭ چېچىنى قاماللاپ تۇتۇپ:

— مانا چاقچاق، مانا ساڭا يۈز - ئابروي، گۇناۋەت، — دېگىنىچە ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپ تېپىپ، يۈز كۆزىنى قىپقىزىل قانغا بوياۋەتتى. ئايالىنىڭ ھېيتلىق تىكتۈرگەن ئاپئاق كۆڭلىكىنىڭ ئالدى بىردەمدىلا قىپقىزىل قان بىلەن بويالدى.

— ھە، مېنى ئالداپ، يۈز - ئابروي تاپىمەن دەپ، مېنىڭ يۈزۈمنى يەرگە ئۇردۇڭغۇ، سەن مەندىن يوشۇرۇن پۇل يىغىپ نېمە قىلماقچىدىڭ، ئېيتە، پۇلنى نەدىن ئالدىڭ؟ ئەگەر بۈگۈن راستىڭنى ئېيتمايدىغان بولساڭ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، ئۆيدىن ئۆلۈكۈڭ چىقسا چىقىدۇكى، تىرىكىڭ چىقمايدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ. ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبتىن تاياق يەۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن ئايال سادىن قورقتىن چۆجىدەك تىترىگەن ھالدا ئېرىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ:

ــمەن كەم ئەقىلىلىق قىپتىمەن، ئىكـ
كىنچى بۇنداق ئىشنى قىلمايمەن، خاپا
بولماڭ، مۇشۇ بىر قېتىم باللىرىمنىڭ يۈـ
زىنى قىلىپ بولسىمۇ مېنى كەچۈرۈڭ، —
دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— سەن مۇشۇ قېتىملا ئەمەس، داـ
ۋاملىق مۇشۇنداق قىلىپ كېلىۋېتىپسەن،
مەن ئۇقمىغان يەنە قانداق ئىشلار بار
كىم بىلىدۇ، بۈگۈندىن باشلاپ نەگە
بارساڭ بار، — دەپ ئايالىنى ئىتتىرگىـ
نىچە ئۆيدىن چىقىرىۋەتتى. ئۆيدىن هارـ
غىچە تاياق، دەشنەملەرنى يەپ يېنىپ
چىققان ئايال ئۇستىبېشى قان، چاچلىـ
رى چۇۋۇلغان هالدا ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە
باردى. ئەتىگەندىن بۇيان هېيتلاپ كىرـ
گەنلەرنى كۈتۈپ چارچاپ قالغان ئانا
ئەمدىلا كارىۋاتتا يېتىپ ئارام ئېلىۋاتاتـ
تى، تۇيۇقسىز ئاڭلانغان يىغا ئاۋازىدىن
چۆچۈپ هويلىغا چىقتى. كىچىك قىزىنىڭ
ئېچىنىشلىق قىياپىتىنى كۆرۈپ، يۈرىكى
ئاغزىغا قاپلىشىپ، تىلى گەپكىمۇ كەلمەي

قالدى. ئاڭغىچە قىزى هۇقۇيتۇپ يىغلىـ
غان پېتى ئۆزىنى ئانىسىغا ئاتتى. ئانا
تۇيۇقسىز ئارقىسىغا ئۈچۈپ چۈشتى. ئۇـ
نىڭ كۆز قارىچۇقلىرى ئارقىغا تارتىلىپ
كەتكەن بولۇپ، خىرقىراپ قالغانىدى.
بۇ هالەتتىن ئەس ـ هوشىنى يوقاتقان قىز
ۋارقىراپ ـجارقىراپ قوشنىلارنى چاقىردى.
قوشنىلار موماينى دەرهال قول هارۋىسىغا
سېلىپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى.
دوختۇرلار ئانىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ
كۆرۈپ:

ــ مېڭىسى قاتتىق زەخىملىنىپتۇ،
چېكە تومۇرى يېرىلىپ مېڭىسىگە قان
چۈشۈپتۇ، ئەهۋال بەك خەتەرلىك، ــدېدى.

موماي تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ
بۇ جېدەل ـ غوۋغا ئىچىدىكى دۇنيا بىلەن
خوشلاشتى. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا يېـ
نىدا ئۆزىگە چېكەتكىلەردەك تەلمۈرۈۋ
تۇرغان بالىلىرىغا بىر نېمىلەرنى دېمەك
چى بولۇپ ئاغزىنى مىدىرلاتتى ـ يۇ، گەپ
قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەيلا كۆز يۇمدى.

مەسئۇل مۇهەررىر سارەم ئىبراهىم

نەسرۇللا ئابلەت

# ياشلىق كۈيلىرى

## ياشلىقىم

كۈلسەن چولپان تاڭدىن بۇرۇن ئاسماندا،
يىغىندۇ نەرە تارتىپ ياشلىقىم.
ئىجادىيەت شەمشىرىدە تاغ كېسىپ،
جاھان كېزىپ چاپچىپ يۈرەر شاشلىقىم.

ئانا يەردە ياشلىقىمنىڭ ئىزى بار،
بۇڭا شاھىت بۇلار ھەر چاغ ۋىجدانىم.
شۇڭا ياشلىق ناخشىسىنى ئوقۇسام،
كۆچلىنىمەن، نۇر چاچىدۇ ئارمانىم.

سوراغلايدۇ ۋىلىق ـ ۋىلىق بۇلاقلار،
سوراغلايدۇ تەن سەگىتكەن شامماللار.
سەن كىم دەيدۇ؟ بۇ مەن دەيدۇ، ياشلىقىم
تاشنى يېرىپ چىققان بىخلار، نىھاللار.

كۆچەت دېسەڭ كۆچەت ئوخشاش ياشلىقىم،
كۆنلەرئۆتۈپ بۈك ـ باراقسان بولىدۇ.
فونتان دېسەڭ فونتان كەبى ياشلىقىم،
يەر تەكتىدىن ماگمىلارنى ئاتىدۇ.

ياشلىق ـ شاھلىق، ياشلىق دېگەن ئالتۇن چاغ،
ئۇ ئۇخلىماس ئۇيقۇسىنى غەپلەتنىڭ.
يۈكسەك شۇنچە ياشلىقىمنىڭ غۇرۇرى،
سىماسى ئۇ مۇھەببەتنىڭ ـ نەپرەتنىڭ.

پولات ئوخشاش تاۋلانغان شۇ ياشلىقىم،
سىمۋولى باتۇرلۇقۇم، پىكرىمنىڭ.
مۇجەسسەمدۇر ئاڭا زامان نۇرلىرى،
ماۋزۇسى ئۇ ھەقىقەتنىڭ، زىكرىمنىڭ.

ئەزىز ياشلىق ھاياتىمنىڭ باھارى،
قۇياش ئوغلى، كائىناتنىڭ ئەركىسى.
ئىگىسى ئۇ ۋاقىت بىلەن بوشلۇقنىڭ
كۆتۈرىدۇ تاغنى ياشلىق يەلكىسى.

ئىككى تاغنى ئېلىپ ئىككى ئالىقانغا
ئايلاندۇراي دەيدۇ ياشلىق تالقانغا.
شۇنداق ياشلىق تەئەللۇقتۇر ۋەتەنگە،
شۇنداق ياشلىق تەگداشسىزدۇر ئەبەدكە!

## قىرغاققا قاراپ

مەن لەيلەپ يۈرىمەن قولۋاق ئۈستىدە،
ئاستىمدا تۇۋى يوق بىپايان دېڭىز.
يىراقتىن نۇرلىنىپ كۆرۈنەر قىرغاق،
كۈلمەكتە ئارزۇلار، ئارزۇلار ئەزىز.

قان ئىچرە تۇغۇلۇپ، قانغا پاتىدۇ،
زەر قۇياش ھەر سەھەر، ھەربىر ئاخشامدا.
تۆكۈلەر بوۋاقنىڭ كىندىكىدىن قان
يەر ــ ئانا شۇ قانغا ئوقۇيدۇ ناخشا.

تەقدىرنىڭ سوۋغىسى ئوخشاش ئەمەسمىش،
يازارمىش تەڭرىمىز شۇنداق باغاققا.
گەرچە مەن يۈرسەممۇ دېڭىزدا لەيلەپ
يۈرىكىم ياماشتى يېشىل قىرغاققا.

### رۇبائىيلار

ئانىجان چېھرىڭدە گەر سۇنسا نۇرۇڭ،
ۋە ياكى سولاشسا ياپرىقىڭ ـ گۈلۈڭ.

تارتىدۇ ۋىجدانىم تۈگىمەس ئازاب
ئۆلغىيار قەلبىمدە شۇئان يالقۇنۇڭ.

* *

يېڭى ئاي چىققاندا كۆككە ئەركىلەپ،
ماختىدىڭ، خەلققە ئاسانلىق تىلەپ.
راست بولسا ئەقىدەڭ، ئۆچمىسۇن قەلبىڭ
كۈيۈڭنى ئوقۇغىن كۈندە ھەسسىلەپ.

* *

ئۆزۈڭنى بىلمىدىڭ، بوپتۇ بىلمىسەڭ،
نە چارە قەلبىڭدىن بىر رەت كۈلمىسەڭ.
ئۆزگىنى چۈشىنىش قالتىس مۆجىزە
سەن ئەلنى چۈشەنگىن شۆھرەت ئىزدىسەڭ.

* *

ئانامنىڭ مېنى تۇغقان ھىممىتى بار،
ئۇستازنىڭ بىلىم بەرگەن ھېكمىتى بار.
ۋەتىنىم سەنسىز ماڭا نەدە خۇشاللىق؟
ھاياتىمنىڭ سەن بىلەنلا قىممىتى بار.

ئادىل تۇنىياز

# شېئىرلار

## يۈرىكىم سۆزلەيدۇ

مەن،
ئادەمگە خاس چىرايىم بىلەن،
پۇت ـ قوللىرىم كۆزلىرىم بىلەن
ماھىيىتىمنى قالدىم يوشۇرۇپ.
سۆزلىمەكچى بولغاندا ھامان،
قورقىتىپ ۋە پوپوزا قىلىپ،

ۋۇجۇدۇمنىڭ ئەڭ چوڭقۇرىغا
يۈرىكىمنى قويدۇم باسۇرۇپ.
گىرىم قىلىپ ساختا كۈلكەمدە،
بوياق بېرىپ ئاپئاق كىپەنگە،
دۇردۇن قىلىپ كىيدىم رەڭگا رەڭ،
دوقمۇشلاردا قالسام ئۇچرىتىپ،

www.uyghurkitap.com

قەلەندەرلىك قىلغان ئۆزۈمنى
سەدىقەمنى مەھكەم سىقىمداپ،
يۇمۇۋېلىپ ماڭدىم كۆزۈمنى.
زەن سالمىدىم يېنىمدا،
بارلىقىغا بىر بوش ئورۇننىڭ.
زەن سالمىدىم چۈشۈمدە،
ياتقىنىنى ئېرىمەس مۇزنىڭ.
لېكىن ھەر قاچان،
يۈرىكىم بىر ناخشا ئېيتماقچى بولۇپ،
يىغلاشقا باشلىدى ئېيتالماي تولۇق.
ئۇ شۇنداق سۆزلەيتتى ئېسەدەپ تۇرۇپ:
— ئۇنتالماس شاختىكى ئىككى قۇشقاچمۇ،
بىر چۈشنى تەڭ كۆرگەن كېچىنى ئەبەت.
نېمىشقا بىر مەنلا ئىختىيارىمچە،
خالىغان چۈشلەرنى كۆرمەيمەن پەقەت.
بىر تال قىلنىمۇ كۆتۈرەلمەيمەن،
تەئەللۇق بولمىسا ئەگەر ئۇ ماڭا.
كۈلگەن بولسام سېنىڭ كۈلكەڭنى
ئىشەنگىن قايتۇرۇپ بېرىمەن ساڭا.
ئالغان بولسام ئىسمىڭنى تىلغا،
ئەپۇ قىل ئېيتماسقا بېرىمەن ۋەدە.
تەڭلىمە قەلبىڭنى ھېسداشلىق قىلىپ،
سەدىقە ئالغۇدەك ماغدۇر يوق مەندە.
سۆزلىمەكتە يۈرىكىم،
بىر تامچە ياش ئاستىدا بەلكىم،
كۈلۈمسىرەپ تۇرغاندۇ ئەتەم.

## يېنىمدىكى ئادەمگە

سەن،
بۇ يەردىكى قاچاندىن بېرى،
كۆردۈڭمىكىن، كۆرمىدىڭ مېنى؟
قات - قات نىقاب ياساپما كۈلكە،
داترەڭ چىراي مۇزدەك كۆز نۇرى،
لەيلەپ يۈرەر بوشلۇقتا،
كۆرەلمىدىم پەقەتلا سېنى.
مەن بۇ يەردە يېنىڭدىلا ئېخ،
تىنىقلىرىڭ تېگەر يۈزۈمگە
ئۇچۇپ كىرەر شەكلىڭ كۆزۈمگە —
چاچلىرىڭنىڭ قارىسى ھەتتا،
يۈزۈڭدىكى بىر تال چېكىتمۇ.
ئىشتەلمەيسەن ئۇنۇمنى ئەمما،
كۆرەلمەيسەن ھەقىقىي مېنى.

كۆرەلەيسەن مېنىڭ جىسمىمنى،
پۇت - قولۇمنى، بويۇم - قەددىمنى.
كۆرەلمەيسەن،
يۈرىكىمنىڭ شەكلى قانداقراق،
ياپىلاقمۇ ياكى يۇملاق؟
كۆرەلەيسەن كۆزۈمنى،
قىش سەھىرى قارىغاي شېخىدا،
چاقناپ تۇرغان مۇز پارچىسىدەك،
كۆرەلمەيسەن كۆزۈم تېگىدە.
يىغلامسىراپ تۇرغان دۇنيانى،
قىيپالڭاچ ئىشتانسىز روھنى...

مەن بۇ يەردە مەن بۇ يەردە ئېخ،
مەن بۇ يەردە — سېنىڭ قېشىڭدا.

## كېچىدىكى ئارچا دەرىخى

ئوخشمايدۇ كۈندۈزدىكىگە،
كېچىدىكى ئارچا دەرىخى.
شاخلىرىدا ئۇيقۇغا كەتكەن،
تېپتىنچقىنا قونۇپ ئاي نۇرى.

يات - ناتونۇش ئىككى ئادەمبىز،
مۈرىدىشىپ ئولتۇرغان گويا.
چۈشىمىزدە ئۇچراشتۇق بەلكىم،
ئۇمۇ ماڭا مەنمۇ ئۇنىڭغا.

تۈندە بىر تۈپ ئارچا دەرىخى

سايەم كەبى تۇرار ئالدىمدا،
بولۇپ قالدۇق يېگى قەدىناس
ئىككى سايە بۇندا ئۆزئارا.

سايە بولساق بۇرۇن ناۋادا،
ئىككى ئادەم بولغاندىن باشلاپ،
ناتونۇشقا ئايلاندۇق قايتا.

تۇرنىسا ئابلىز

## يۇلتۇز، ئاي ۋە سۇبھى

مۇگدىگەن كېچە
زېمىنغا ئاستا ياىغاندا ئېتەك،
چاراقلىشىپ يۇلتۇزلار كۆكتە
رۇجەككە نۇردىن تاقايدۇ بېزەك.
بېيىتىدۇ تەنها چۈشۈمنى
تويۇندۇرۇپ رەڭدار نەزمىگە
ئېچىلدۇرۇپ ئۈمىدتىن چېچەك.

رۇجەك ئالدىدا كۆركەم ئەتىرگۈل
جۇلالىنىپ چاقنايدۇ چوغدەك.
ئۇ ياشلىقنىڭ زىبا سايىسى
جۇشقۇنلۇقتىن بېرىدۇ دېرەك.
خۇش ئاۋازدا سايرايدۇ بۇلبۇل،
ئۇ سەبىي يۈرەك ساداسى دېمەك.

ئۇخلايدۇ كېچە
ئەتىرگۈلنىڭ هال رەڭ بەرگىدە
خۇش پۇراققا تويۇنۇپ مەستخۇش.
ئەللەيلەيدۇ شېرىن چۈشىدە
مۇڭلۇق سايراپ بۇلبۇلمۇ بىهوش.

ئىشكاپتىكى رەت ـ رەت كىتابنىڭ
هەربىر قۇرىدا تارىخ يۈكى بار
ئەقلىم قولى ئۆتەر ۋاراقلاپ.
قاناتلىنىپ خىيال كەپتىرىم
تارىخ كۆكىدە قىلىدۇ پەرۋاز
كۆمۈلگەن ئىزلارنى بويلاپ يىراقلاپ.

هاياتىمنىڭ ئالتۇن تېشىغا
ئۇيىدۇ ئاي نۇرى شادلىق كۈيىنى
يات ئۇنىڭغا ئۈگدەش ۋە چارچاش،
پۈتىدۇ هەم قايغۇ ـ ئەلەمنى.
مۇقام ئوخچۇغان يۈرەك يارامغا
شولىسىدىن تۆكەر مەلهەم ياش.

هەر كۈنى شۇنداق يارقىن كېچىدە،
ئاي نۇرىدىن ياساپ كۈمۈش تور
يۇلتۇزدەك چاقنىغان خىيالىم بىلەن
تۇتۇۋالىمەن نۇرلۇق سۇبهىنى
ئۇ ماڭا مەنسۇپ،
ياشايمەن مەغرۇر.

مۇهەممەت سالىم

## مۇهەببەت سەۋدالىرى

1

بۇ هايات خۇددى رەسىم، سۆيگۈ ئۇنىڭغا رەڭ ـ بوياق،
قوزغىتار ئىشلەنسە ياخشى دىلدا ئىلهام ـ ئىشتىياق.
سىزىشى مۇمكىن ئۇنى ئۆز بىلگىنىچە هەر كىشى،
ماس بوياقلاردا بېزەپ رەڭ ـ تۈس بېرىش تەستۇر بىراق.

www.uyghurkitap.com

2

يۈزۈڭدە سۈرىتى تاڭنىڭ جاھان سەندىن نۇر ئەمگەنمۇ؟
كۆزۈڭدە مەنبەسى نۇرنىڭ، قۇياش ئۇندىن تۆرەلگەنمۇ؟
تەبەسسۇملۇق لېۋىڭ كۆكلەم گۈلىگە ئۈلگە، كۈلمەكنى
چېچەك سەندىن ئۆگەنگەنمۇ؟ چېچەكتىن سەن ئۆگەنگەنمۇ؟

3

گۈزەللىك بابىدا بەلكىم نازاكەت ئەھلى يوق سەنچە،
مۇھەببەت بابىدا ھەممە ساداقەت ئەھلى يوق مەنچە.
شۇڭا كۈلدى جاھان ئەھلى ساڭا مەپتۇن، لېكىن دىلبەر،
ساڭا كۆيمەككە تاقەتلىك مۇھەببەت ئەھلى يوق مەنچە.

4

بەخت! بىر ئەھلى ئىنسان مەن، تەمەيىم يوق خۇدالىقتىن،
نېسىۋەمنى تولۇق ئالدىم مۇھەببەت ئاشنالىقتىن.
غورۇرلانسام كۇپايە شۇ بەخت ھەم سۆيگۈ، شەرت بىرلا:
ۋىسالىڭ پەيزىنى سۈرسەم، كېيىن ھەتتا جۇدالىقتىن.

5

ماڭا بىررەت نېسىپ بولسا ئىدى يار سۆيمىشىڭ كاشكى،
بەخت ئىلكىدە كۆكسۈمگە قويۇلسىدى بېشىڭ كاشكى.
سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن يانغان جاراھەتلىك يۈرىكىمگە،
داۋا ئەيلەپ تۆكۈلسىدى خۇشاللىق كۆز يېشىڭ كاشكى.

6

ئوتۇڭدا ئۆرتىنىپ بولدى يۈرىكىم لەختە قان، مەيلى،
ئەگەر سېنىلا راۋا كۆرسەڭ، يەنە قىل ئىمتىھان، مەيلى.
سائادەت تەختىدە قەقنۇس كەبى قەھ-قەھ ئۇرۇپ كۈلسەڭ،
ماڭا شۇ بەس، پىدا بولسۇن ئاڭا جانۇ-جاھان، مەيلى.

7

كۆيۈشنىڭ دەردىنى بىلمەي، سېنىڭ كۆيگەنلىكىڭ قايسى؟
سۆيۈشنىڭ قەدرىنى بىلمەي، سېنىڭ كۆركەملىكىڭ قايسى؟
مۇھەببەت، ئۇ - تۈتۈنسىز ئوت يۈرەكنىڭ تەكتىدە يانغان،
گۈنىڭ تەبرىنى بىلمەي سېنىڭ سۆيگەنلىكىڭ قايسى؟

8

تالاي رەناغا كۆز سالماي ساڭا كۈيگەنلىكىم، ئەپسۇس،
بىرەر رەتمۇ سىناپ باقماي كۆڭۈل بەرگەنلىكىم ئەپسۇس.
يۈزۈڭ كۈن ئەمما كۆڭلۈڭ تۈن ئىكەنىنى بايقىماي باشتا،
ھالا بۇ كۈنگە كەلگەندە ئەلەم چەككەنلىكىم ...ئەپسۇس...

9

نىگار، بىلسەڭ، دىلىم سۆيگۈ ـ مۇھەببەت چەشمىسى ئەسلى،
ساڭا ئاشىقلىقىم ئۇشبۇ مۇئەمما يەشمىسى ئەسلى.
ئەجەبلىنمە تۇرۇپ كۈلسەم، تۇرۇپ ئاھۇپىغان چەكسەم،
بۇ ھالغا ئەيلىگەن دۇچار ۋىسالىڭ تەشۋىشى ئەسلى.

11

قايسى قۇتلۇق كۈن نېسىپ بولدى سېنى كۆرمەك ماڭا،
ئاشۇ كۈلدىن ئىپتىدا بولدى ساڭا كۈيمەك ماڭا.
تاكى شۇندىن كۆرمىدىم بىر ئىلتىپات ھازىرغىچە،
يار، قاچان مۇمكىن بولاركىن سېنى بىر سۆيمەك ماڭا؟

10

بىر كۆرۈپ ھۆسنۈڭنى دىلبەر زەررە ئىللەتتىن خالاس،
مەھلىيا بولدۇم، لېكىن، تىل بولدى جۇرئەتتىن خالاس.
نەئامال؟ قىينالدى جان شېرىن ئازابلار ئىلكىدە،
ئەيلىگىن دەردتىن خالاس ياكى مۇھەببەتتىن خالاس.

12

قاچمىغىن مەندىن يىراققا، ئەي كۆزۈمنىڭ قارىسى،
قانچە قاچساڭمۇ ئۇزارماس ئىككىمىزنىڭ ئارىسى.
مەيلى قاچقىن گەر ماڭا قاتىل بولۇشنى خالىساڭ،
ھايقىماي يۈرگەن بىلەن سەندە يۈرەكنىڭ پارىسى.

13

كەلمىسە ئورتاق پىكىرگە سەيلى ـ سۆھبەت مەنىسىز،
بولمىسا روھىي خۇشاللىق سەزگۈ ـ لەززەت مەنىسىز.
ئەلنى سۆيمەك ھەم سۆيۈلمەك سۆيگۈنىڭ چىن تەبىرى،
لەۋ يېقىشماق دەپ ئىزاھلانسا مۇھەببەت مەنىسىز.

www.uyghurkitap.com


ئابلەت ئابدۇللا


# ئايدىڭدىكى ئاي دالا

ئايدىڭدا،
يۇرتۇم مېنىڭ ئاي كۆرىنەر،
ئايىنىڭ،
بىللۇر نۇرلىرىغا كۆمۈلۈپ،
لەززەتلىك خىياللارغا چۆمۈلۈپ،
كۆڭۈل سۆيۈنەر،
جان سۆيۈنەر!
جىمجىت،
خىلۋەت، تىنچ دالىلار،
بۇدىنە سايرىغان بېدىلىكلەردە،
ئارقاندالغان ئات.
بۇغداي ئېگىزلىرىدا،
يالپاشلايدۇ ئاي،
گۈل ـ گىياھلارنىڭ،
ئاداققى پۇرىقىدىن مەست بۇ تاپ،
دالا ـــ
كۆڭلۈكىدەك تازا،
غۇبارسىز.
ئەگەر نۇقسانى يوق دېيىلسە،
دېيىش كېرەك پەقەت ـــ
دالا ئەيىبسىز...
دالا قۇچاقلايدۇ مېنى،
دالا قۇچاقلايدۇ سېنى،
شېرىن ھېسلارغا چۆمدۈرۈپ،
ئۇنتۇلدۇرۇپ تۇرمۇش تەشۋىشلىرىنى،
ۋاپاسىزلىقىنى دۇنيانىڭ،
ۋاپاسىز ياردىن تەلەيسىزلىكىمنى مېنىڭ،
خىيالىمنى ئېيتىمەن ئاڭا،
ئېيتىمەن دەردىمنى،
بەزلەيدۇ ئۇ مۇڭلۇق كۆڭلۈمنى،
ئۈمىد قىرغىقىغا ئىنتىلدۇرۇپ،
ئېيت دالاغا سەنمۇ،
ئېيت سىرلىرىڭنى،
كۆز ياشلىرىڭنى تۆككىن بۇرادەر!
خۇشاللىقىڭنىمۇ،
تاتلىق ئارزۇلىرىڭنىمۇ
تۆككىن ئۇنىڭغا،
تۆككىن.
ئادەمدىن كۆرە ئۇ،
قەلبىڭنى ئوبدان چۈشىنەر!
مانا،
مېنىڭ خىيالىمغا ئوخشاش شېرىن بۇ كېچە،
يەرشارىنىڭ،
ئەڭ گۈزەل يېرىدە ياتىدۇ ئۇخلاپ،
شېرىن چۈشەكەپ.
غۇۋا،
قارامتۇل كۆرۈنگەن،
دەرەخلەر ئارىسىدىكى جىمجىتلىقتا،
بار بىر سېھرىي كۈچ،
بار بىر ئۇلۇغ ھەقىقەت،
ئۆلمەس سۆيگۈ ـ مۇھەببەت!
ئوت ـ چۆپ بېسىلغان،
لەمپە ـ ئۆگزىلەرنىڭ،
ياكى،
غوجاتام تۇتۇپ تۇرغان تاملىرىنى
كونا ھەسچىتنىڭ
يېنىدىكى قېرى سىدە تۇۋىدە،
بوۋايلار،
پارالغا چۈشكەندۇ شۇ تاپ،
ھەي،
ياشىغۇسى كېلەر ئۇلارنىڭمۇ،
ياشىغىسى...
ئۇلار ئۆسكەن دالىلار بۇ،
ئۇلار ئۆسكەن.
ئاتا ـ بوۋىسى توشقان قوغلاپ،
ئۆلۈم ـــ

قورقۇنچلۇق ئەمەس ئادەمگە،
پەقەت—
جۇدالىقى يامان بۇ دالىلارنىڭ،
جۇدالىقى!...
تۇرمۇش تەشۋىشىدە،
ئۇچۇپ كەتكەنلەر،
بىلەمسەن،
بۇ دالىلارنى كۆكسىگە سىپكەتكەن.
جەڭدە ئۆلگەنلەرنىڭ،
كۆز قارىچۇقىدا،
بۇ دالا سۈرىتى...
ئەگەر مەن بىلەن تەڭ
ئۆلسە ئىدى بۇ دالا،
بىر كۈن ئارتۇق ياشاش
ئېغىر بولار ئىدى ماڭا.
دالا ئۆلمەيدۇ،
ئۆلمەيدۇ ئۇ،
بار ئۇنىڭ شۇنداق ئۇلۇغ قۇدرىتى!
گىياھلىرىنى،
بوۋايلار ئۆستۈرگەن ئۇنىڭ،
تۇپرىقىنى شەربەتتە يۇغۇرۇپ.
شۇڭلاشقا،
مويسىپىت ئۇ،
مۆتىۋەر ئۇ،
جىڭنىڭ قوغۇنىدەك تاتلىق،
تۇرپان ئۈزۈمىدەك شېرىن،
ئىلى ئالمىسىدەك رەڭدار چىرايلىق.
سەنمۇ،
ئايدەك گۈزەل بولارسەن جەزمەن،
بۇ يۇرتتا قالساڭ تۇغۇلۇپ...
قەدىمدىن،
تاھازىرغىچە بۇ دالىدا،
ئاي شولىسىغا پەيۋەندە سۆيگۈ،
سۆيگۈدىن تۇغۇلغان پەرزەنت،
ئايدا كۆرەر ئۆزىنى،
چولپان سۆپەتلىك،
يۇلتۇزلار سارىيىدا سېزەر ئۆزىنى.
شۇنىڭ ئۈچۈندۇر بەلكى،
بوۋىلارنىڭ،
موسىبەتتە باغلانغان ئاقنى،
ئاي ـ يۇلتۇزلارغا كۆرسەتكىنى①
.........
— بۇرادەر!
قۇرۇق گەپنىڭ نە ھاجىتى،
ھەر كىشى ماختايدۇ ئۆز يۇرتىنى،
سەن يۇرتۇڭنى ماختىغاندەك!؟
— ھەي،
خالىس ئېيتقۇم كېلىدۇ بۇرادەر،
بەش قول تەڭ بولمىغاندەك،
ئوخشىمايدۇ دالا ـ يۇرت گۈزەللىكى،
مېنىڭ يۇرتۇم—
ئوتتۇرا قولدەك!
ھەر كىچە،
ھەر ئۆيدە بىر يۇلتۇز مېھمان،
ھەر كېچە،
ھەر ئۆيدە ئاي كۈلەرشادىمان.
يېنىمدا ئاي،
قوينۇمدا ئاي،
بوينۇمدا ئاي،
ئايغا باقىمەن،
دالىلارغا نۇر بوپ ئاقىمەن!
يۇرتۇم،
ئايدىڭدا ماڭا ئاي كۆرۈنەر،
ھەممە ئەلدىن باي كۆرۈنەر،
گۈزەل،
تەمكىن، خىيالچان،
جانان ئۆزۈكىدىكى جۇلالىق
بىليارد كۆزسىمان!

① كونا ئادىتىمىزدە بەلدىكى ئاقنى ئاخشىمى يۇلتۇز كۆرسۈن دەپ تالاغا قويىدۇ.





ئەنۋەر غوپۇر

# سۈكۈتكە چۆمگەن دالا

(پوۋېست)

## 1

ئىيۇل ئايلىرىنىڭ چۈش مەزگىلى ئىدى. يېلىنجاپ تۇرغان قۇياش زېمىننى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەنىدى. دادام بىلەن ئىككىمىز بىردىن ۋېلىسىپىتقا مىنىپ تاغامنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتاتتۇق. يولغا چىققىنىمىزغا ئىككى سائەتتىن ئاشتى. لېكىن يول تۈگەيدىغاندەك ئەمەس. ئالدىمىزدا ئارغامچىغا ئوخشاش ئەگرى - بۈگرى يول سوزۇلۇپ ياتماقتا. يولنىڭ ئوڭ تەرىپى ساي ۋە سازلىق. سايىنى ئوتتۇرىسىدىن خالاستان دەرياسى كېسىپ ئۆتكەن. قۇياش زېمىننى قىزدۇرماقتا. ئۇ گويا بارلىق نۇرىنى ماڭىلا چېچىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. پۈتۈن ئەزايىمدىن تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى. پات - پات قول ياغلىقىمنى ئېلىپ تەرىمنى سۈرتۈپ قوياتتىم. دادامغۇ ھېرىپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنىڭ گۆشلىرى ۋېلىسىپىتنىڭ سىلكىنىشىگە ئەگىشىپ لىغىلداپ سىلكىنەتتى. چېكىسىدىن تەر قۇيۇلاتتى. ئىككىمىز خۇددى مۇسابىقىگە چۈشكەندەك بىر - بىرىمىزدىن قېلىشماي تەكشى كېتىۋاتاتتۇق.

قەلبىمنى ئىچ ئاغرىتىشتىن كۆرە ئىشەنمەسلىك، ھەيران قېلىش ھېسسىياتى چۇلغىۋالغانىدى. مەۋجۇدىيە نېمە سەۋەبتىن قازاغا ئۇچرىغاندۇ، دېگەن سوئال مېنى بىئارام قىلاتتى. مېڭەم بۇنداق ئەقىلگە سىغمايدىغان پاجىئەنى قوبۇل قىلالمايۋاتاتتى. بۇنداق پاجىئەگە ھەرگىزمۇ ئىشىنەلمەيتتىم. ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئويلىساملا يۈرىكىمنىڭ ئاللىقانداق يەرلىرى چىدىغۇسىز ئاغرىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن مەۋجۇدىيەنىڭ بالىلارچە ساددىلىق چىقىپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزلىرىنى، مۇڭلۇق ناخشىدەك يېقىملىق سۆزلىرىنى، كۈلكىلىك چاقچاقلىرىنى، شوخ مىجەزىنى، بوۋاقلاردەك ئوماققىنا قىلىقلىرىنى ... بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

تاغامنىڭ ئايالى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ يالغۇز قىزى مەۋجۇدىيە بىلەن بىرگە تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ مەۋجۇدىيە ئىسىملىك قىزىنىڭ بارلىقىنى دادامدىن

ئاڭلىغان بولساممۇ ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشمىگەنىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئاقسۇ شەھىرىدە تۇراتتۇق، تاغامنىڭ ئۆيى قەشقەرنىڭ A ناھىيىسىدە — ناھىيىدىن يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مۇشۇ يېزىدا ئىدى. ئارىلىقىمىز مىڭ كىلومېتىردەك كېلەتتى. بىز ناھىيىگە كەلگەندىن كېيىن بۇ يېزىغا كېلىدىغان ماشىنا تاپالماي، ئىككى ۋېلىسىپىتنى ئارىيەت ئېلىپ مىنىپلا يولغا چىققانىدۇق.

بۇنىڭدىن ئالتە يىل ئىلگىرى دادام، ئانام ئۈچىمىز تاغامنىڭ ئۆيىگە بارغانىدۇق. مەن مەۋجۇدىيەنى تۇنجى قېتىم شۇ چاغدا كۆرگەن. شۇ چاغدىكى ئىشلارنى قايتا كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم. بىز تاغاملارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، ئىشىك قۇلۇپلاقلىق ئىكەن. بىزدىن 20 قەدەمچە يىراقلىقتا بىر نەچچە قىزلار ئويناۋاتاتتى. شۇ ئارىدا قىزلاردىن بىرى بىزنى كۆرۈپ ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— ئوھوي، قىزىمىز مەۋجۇدىيەكەنغۇ بۇ، — دېدى دادام ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قاراپ، — قاراڭلار بۇنىڭغا، پاتىڭىدىن سوزغاندەكلا ئۆسۈپ كېتىپتۇغۇ. قانداق، مەۋجۇدىيە داداڭ ياخشى تۇرغاندۇر، ئۆيدە يوقمۇ نېمە؟

— دادام ياخشى تۇردى، — دېدى ئۇ ماڭا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، — ئەتىگەندىلا بۇغداي ئورغىلى كەتكەنىدى. ئۆيگە كىرىپ تۇرۇڭلار. مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى چاقىرىپ كېلەي، — ئۇ شۇنداق دەپلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قىزلارغا ۋارقىرىدى:

— ھەي لەيلى، ئويناپ تۇرۇڭلار، مەن ھازىرلا كېلىمەن.

— دادا، ساراڭمۇ نېمە بۇ قىز، — دېدىم مەن دادامغا قاراپ، — تامدىن ئۆچۈپ كىرەتتۇقمىكىنە، ئىشىكنى ئېچىپ بەرمەي، ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار دېگىنىنى.

مەۋجۇدىيە سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ۋاي، راست، دېدى - دە، كەينىگە ياندى.

— باي دادا، بالاڭنى تازا ياخشى چوڭ قىلدىڭمۇ نېمە؟ — دېدى ئۇ ماڭا ئاچچىقلانغاندەك ئالىيىپ قويۇپ، — ئوغلۇڭنىڭ ئۆزى سەل مەتۇ چوڭ بولۇپ قاپتۇ. مېنى ساراڭ دەۋاتقىنىنى قارا، — ئۇ يەنە ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غالىبانە شوخلۇق چىقىپ تۇراتتى، — ئوغۇل بالىدەك جىگدىلىك بولسا ئۆچۈپ كىرەلەيسەن.

دادام بىلەن ئانام تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسىگە مەۋجۇدىيەنىڭ قوڭغۇراقتەك زىل، جاراڭلىق كۈلكىسىمۇ قوشۇلدى. خىجىل بولغانلىقىمنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ ھويلا تېمىغا قارىدىم. بىرەر مېتىر ئېگىزلىكتىكى تام بولسىغۇ بىر سەكرەپلا چىقىپ كېتەتتىم، بىراق بۇ تام خېلىلا ئېگىز ئىدى. چىقالمايدىغانلىقىمنى بىلىپ تېخىمۇ خىجىل بولدۇم.

— مېنى باي دادا دەۋاتىسىنا تېخى، — دېدى دادام ھويلىغا كىرىۋېتىپ، — بىزنى تونۇمامسەن؟

— ۋىيەي، مېنى ئوغلۇڭلاردەكلا دۆت چاغلايدىكەنسىلەر - دە، — دېدى مەۋجۇدىيە يەنە ماڭا ھۇجۇم قىلىپ، — ئىمام ھەسەن باي دادام بىلەن خۇرشىدە ئانامنى تونۇماتتىم مەن، مەكتەپتە بىكار ئوقۇمىدىم جۇمۇ مەن باي دادا.

www.uyghurkitap.com

مەن ئويلىماي ئېيتىپ قويغان سۆزۈمگە بەكمۇ پۇشايمان قىلدىم. گەپتە ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ، يېلىنغاندەك دادامغا قارىدىم. دادامۇ مېنىڭ تەرىپىمنى ئالدى.

— ئوغلۇمنى بوزەك ئېتىۋەرمە مەۋجۇدىيە، راستتىنلا ئەقىللىق ئىكەنسەن، — دېدى دادام مەۋجۇدىيەگە قاراپ، — بىز ئولتۇرۇپ تۇرايلى، سەن بېرىپ داداڭنى چاقىرىپ كەل.

قىز يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى. بىز پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردۇق. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي تاغام ئورغىقىنى كۆتۈرۈپ، ھارغىن ئەمما خۇشال ھالدا كىرىپ كەلدى. بىز بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۆيگە باشلىدى. ئارقىدىنلا مەۋجۇدىيەمۇ ئۆيگە كىردى.

— ئوغلۇڭ بىلەن مەۋجۇدىيەنىڭ يېشى تەڭمۇ دەيمەن، — دېدى تاغام ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، — بۇمۇ چوڭلا يىگىت بولۇپ قاپتۇ.

— ھەئە، — دېدى دادام، — بۇ يىل 16 ياشقا كىردى.

— يېشى تەڭ بولغان بىلەن ئەقلى سەل كەمرەككەن دادا، ئۇ تېخى مېنى سارەڭ قىزمۇ نېمە دەۋاتىدۇ، — دېدى مەۋجۇدىيە تېخىمۇ شوخلۇق قىلىپ، — ھە، راست، سىز باي داداڭنىڭ ئوغلى سەندىن بەش ئايلىق كىچىك دېگەن ئەمەسمىدىڭىز. ئۇنىڭ ئەقلىمۇ مېنىڭدىن بەش ئايلىق كىچىك ئىكەن.

ئۆيدىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. مەن خىجىل بولۇپ يەرگە كىرىپ كېتىشكە ئازلا قالدىم. ئەسلىدىمۇ مەنمۇ خېلى گەپدان، شوخ بالا ئىدىم. ساۋاقداشلىرىم ئارىسىدا ھېچكىمگە گەپ بەرمەيتتىم، بىراق ھازىر نېمە ئۈچۈندۇر ئېغىزىمغا تۈزۈككىنە گەپمۇ كەلمەي قالدى. شۇ ئارىدا ئانام تاماق ئەتمەكچى بولۇپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. مەۋجۇدىيەمۇ دوستلىرىنىڭ يېنىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى بىلەنلا بىر ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يەڭگىللەپ قالدىم-دە، دادامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. دادام بىلەن تاغام ئۆزئارا مۇڭدىشاتتى. چوڭلارنىڭ ئارىسىدا جىمجىتلا ئولتۇرۇپ، بەكلا زېرىكىپ كەتتىم. بىر چاغدا تاغام گەپتىن توختاپ ماڭا قارىدى-دە:

— زېرىكىپ كەتتىڭ ھە ئوغلۇم. ماڭ ئاۋۇ ئۆيگە كىرىپ، مەۋجۇدىيەنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ ئىچ پۇشۇقىڭنى چىقارغىن! — دېدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپلا تاغام كۆرسەتكەن ئۆيگە كىردىم. بۇ مەۋجۇدىيەنىڭ خاس ھۇجرىسى بولسا كېرەك، ئۆي ناھايىتى پاكىز ئىدى. ئىشىكنىڭ قارشى تەرىپىدە بىر كارىۋات تۇراتتى. كارىۋات ئۈستىگە ئازراقلا يوتقان-كۆرپە يىغىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە قىپقىزىل بىر گىتار تۇراتتى. كارىۋاتنىڭ ئالدىغىلا بىر شىرە قويۇلغان. شىرەنىڭ ئۈستىدە ھەر خىل كىتابلار تىزىقلىق تۇراتتى. كىتابلارنىڭ ھەممىسى رومان ۋە ھېكايە توپلاملىرى ئىدى. بۇ كىتابلارنى كۆرۈپ، مەۋجۇدىيەگە بىردىنلا ھۆرمىتىم قوزغالدى. چۈنكى تاغام ساۋاتسىز ئىدى. بۇ كىتابلارنى چوقۇم مەۋجۇدىيە ئوقۇغان. مەن شۇندىلا ئۇنىڭ گەپدانلىقىغا قايىل بولدۇم. مەنمۇ ئەدەبىياتقا

قىزىقسامـمۇ، لېكىن بۇ كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسىنى تېخى ئوقۇمىغانىدىم. شۇڭا بىر ھې-
كايىلار توپلىمىنى قولۇمغا ئېلىپلا ئوقۇشقا باشلىدىم. بىر چاغدا مەۋجۇدىيەنىڭ شوخ
ئاۋازى ئاڭلاندى:

— قاراڭلار بۇ كىتاب مەستانىسىنى. بىزنىڭ كىرگەنلىكىمىزنىمۇ تۇيمىدى.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە قولۇمدىكى كىتابنى تارتىۋالدى. مېنىڭ بىردىنلا ئاچچىقىم
كەلدى. مەن ئۇنىڭ تۇنجى كۆرۈشۈشىمىزدىلا بۇنداق قوپاللىق قىلىشىنى خالىمايتتىم.
مەن ئۇنىڭغا راسا ئاچچىق گەپ قىلاي دەپ بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئىشىك تۈۋىدە
ئىككى قىز ماڭا قاراپ پىخىلداپ كۈلۈۋېتىپتۇ. مەن قىزلارنى كۆرۈپ دېمەكچى بول-
غان گېپىمنى ئىچىمگە يۇتتۇم. ئىككى قىز مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. مەن يان-
غىراق سۈرۈلدۈم. لېكىن مەۋجۇدىيەگە قاراپمۇ قويمىدىم.

— ھەي بالا، — دېدى ئۇ مېنىڭ ئېڭىكىمنى ئۆزىگە قارىتىپ تۇرۇپ، — سېنىڭ
ئىسمىڭ نېمە؟ بىز كۆرۈشكىلى توت سائەتتىن ئارتۇق بولدى. بىراق ئىسمىڭنى
بىلەلمىدىم.

— سۇبات، — مەن زەردە بىلەن جاۋاب بەردىم.

— سۇبات ... سۇبات ... — دەپ تەكرارلىدى مەۋجۇدىيە، — ئەجەب چىرايلىق ئىسىم-
كەنغۇ بۇ، — ئۇ مېنىڭ تېخىچە دومسىيىپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ يۈزۈمنى يەڭگىلگىنە
چىمداپ ئۆزىگە قاراتتى، — ۋاي تاۋى نازۇك. خاپا بولۇپ كەتكىنىڭنى قارا سېنىڭ.
قىز بالىغىلا ئوخشايدىكەنسەن.

مەن مەۋجۇدىيەنىڭ كۆزلىرىگە قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن زىيادە شوخلۇق ۋە
سەمىمىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

— سۇبات، — دېدى ئۇ يەنە، — سەن بىزنىڭ ئارىمىزدا تاماق يېيىشتىن خىجىل
بولمايدىغانسەن؟ ھە قاچان چوڭلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرالمايسەن. سېنىڭ تامىقىڭنىمۇ
مۇشۇ يەرگە ئەكىرەي. لەيلى، گۈلھايات سىلەرمۇ گەپ قىلماي ئولتۇرۇڭلار. بۇ شەھەر-
لىك بەگزادىنىڭ ئىچى پۇشۇپ كەتمىسۇن يەنە.

ئۇ ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

گۈلھايات بىلەن لەيلىمۇ بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان شوخ قىزلار ئىكەن. مەن
ئۇلار بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتتىم. مەۋجۇدىيە ئۈستىگە توخۇ گۆشى بېسىلغان، ھور
كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئىككى لېگەن پولۇنى ئەكىرىپ شىرە ئۈستىگە قويدى. تاماقتىن
كېيىن تۇرلۇك كىتابلار، قىزىقارلىق ھېكايىلەر توغرىسىدا ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق. ھەر
قايسىمىز ئۆزىمىز ئوقۇغان كىتابلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ماختىناتتۇق. ئەمدى مەنمۇ
قىسىلىشتىن قۇتۇلۇپ، خۇددى ئۆزۈمنىڭ ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرغاندەك
بەھوزۇر سۆزلەۋەردىم. بىز سۆھبەتتىن توختىغاندا يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىدى. مەن
شۇ چاغدىلا دادامنىڭ يېنىغا چىقىپ يېتىپ قالدىم. ئەتىسى بىز تاغامنىڭ ئۆيىنىڭ
ئالدىدىكى ئالمىلىق باغدا ئارام ئالدۇق. كۈن چۈشكە يېقىنلاشقاندا مەۋجۇدىيە ئۆي-
دىن گىتار كۆتۈرۈپ چىقتى.

www.uyghurkitap.com

— مەن گىتار چالاي. سىلەر ماڭا ئەگىشىپ ناخشا ئېيتىڭلار. — مەۋجۇدىيە شۇنداق دېدى - دە، بىر توپ ئالمىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، ياڭراق ئاۋاز بىلەن ناخشا باشلىۋەتتى. قىزلار ۋە مەن ئۇنىڭ ناخشىسىغا جور بولدۇق.

مەۋجۇدىيە گىتارنى بەكمۇ مۇڭلۇق چالاتتى. ئاۋازىمۇ بۇلاق سۈيىنىڭ شىرىلدىشىدەك يېقىملىق ئىدى. ئۇنىڭ ماھارىتىگە كۆڭلۈمدە ئاپىرىن ئوقۇدۇم. ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇنىڭ قاردەك ئاپئاق قوللىرى گىتار تارلىرى ئۈستىدە تېز ۋە ماھىرلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. پەس ئاۋازدا ئېيتقان نەپىس ناخشىلىرى ھاۋاغا، دەرەخ شاخلىرىغا، يوپۇرماقلارغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. خالاستان دەرياسى ئۆزىنىڭ بوغۇق دولقۇن ناخشىسى بىلەن مەۋجۇدىيەگە جور بولماقتا ئىدى. مەن مەۋجۇدىيەنىڭ ناخشىسىغا مەھلىيا بولۇپ، گويا روھىم تېنىمدىن ئايرىلىپ ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈستىدە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك مەستخۇش ھالەتكە كېلىپ قالدىم.

ناخشا توختىشى بىلەنلا مەۋجۇدىيەنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش پەيدا بولۇپ، لەۋلىرى بوۋاق بالىنىڭكىدەك ئۆمچەيدى. ئۇنىڭ بىرنەچچە سائەت ئىلگىرىكى غەمسىزلىكى، شوخلۇقى پۈتۈنلەي يوقالغانىدى.

— نېمە بولدۇڭ مەۋجۇدىيە، — دېدىم مەن پەرىشان ھالدا، — يىغلاپسەنغۇ؟

— ياق، يىغلىمىدىم، — دېدى ئۇ قول ياغلىقى بىلەن ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — سىلەردىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىمنى ئويلاپ كۆڭلۈم بۇزۇلۇۋاتىدۇ. سەن بىلمەيسەن سۇبات. مەن يالغۇزلۇقتىن بەكلا بىزار بولۇۋاتىمەن. كىتاب ئوقۇپ، گىتار چېلىپ زېرىكىشتىن قۇتۇلماقچى بولىمەن. لېكىن يەنىلا يېتىمسىرەش تۇيغۇسى قەلبىمنى ئازابلايدۇ. چۈنكى دادامنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىدىن قولى بوشىمايدۇ. مەھەللىمىزدە مەن بىلەن تەڭتۇش باللارمۇ يوق. تەتىل ۋاقتىم توشۇپ ساۋاقداشلىرىم بىلەن كۆرۈشكىچە كۆزۈم تۆت بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا لەيلى بىلەن گۈلھاياتنى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەنىدىم. ئەمدى ئۇلارمۇ كېتىدۇ. سەنمۇ كېتىسەن. سۇبات، مېنىڭ زېرىكىشلىك كۈنلىرىم يەنە باشلىنىدىغان بولدى. ئاھ خۇدا. سىلەر ھەممىڭلار كېتىسىلەر... مەن يەنە تەتىل توشقىچە ئىككى تاغ ئارىسىدىكى مۇشۇ جايدا يېگانە قالىدىغان بولدۇم.

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىشى بىلەنلا باياتىن بېرى قارىچۇقلىرىغا يىغىلىپ قالغان ياشلار خۇددى مەرۋايىت شارچىلاردەك مەڭزىنى بويلاپ دومىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. نېمە ئۈچۈندۇر بىردىنلا مېنىڭمۇ يىغلىغۇم كېلىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا يول تەرەپتىن ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بىز تەڭلا يول تەرەپكە قارىدۇق. ئۈستىگە سېمونت بېسىلغان بىر ماشىنا ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى. يىراقتىن تاغامنىڭ بىزنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بىز باغدىن چىقىپ ماشىنىنىڭ قېشىغا باردۇق.

— ھە، قىزلىرىم، قېنى، مۇشۇ ماشىنىغا چىقىڭلار، سىلەرنى ناھىيىگە ئەكىرىپ قويىدۇ، — دېدى تاغام لەيلى بىلەن گۈلھاياتنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ، —

بۇ يەرگە يەنە قاچان ماشىنا كېلىدىغانلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. مېنىڭچە بولسىغۇ يەنە ئۇزاقراق تۇرساڭلار ياخشى بولاتتى، لېكىن ئاتا - ئاناڭلارنىڭ سىلەرنى كۆرگىسى كېلىپ كۆزلىرى تۆت بولۇپ كەتكەندۇ. زېرىكسەڭلار يەنە كېلىڭلار، مەۋجۇدىيە بىلەن ئويناپ كېتىڭلار.

لەيلى ۋە گۈلھايات مەۋجۇدىيە بىلەن قۇچاقلىشىپ، مەن بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى.

ماشىنا قويۇق توپا - چاڭ توزۇتۇپ يىراقلاپ كەتتى. بىز ماشىنا كۆزىمىزدىن غايىب بولغىچە قارىشىپ تۇردۇق. شۇ كۈنى مەۋجۇدىيە كەچ كىرگىچە توختىماي يىغلىدى. ئۇنىڭغا قاراپ مېنىڭمۇ كۆزۈمگە ياش كەلدى. مەن ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىردىم. ئۇ كارىۋات ئۈستىدە دۈم يېتىپ يىغلاۋېتىپتۇ. مەن ئاستا ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولۇمنى تەگكۈزدۈم. ئۇ ماڭا قارىدى.

— سۇبات، ئەتە سەنمۇ مېنى تاشلاپ كېتىسەنغۇ - ھە، — دېدى ئۇ تىترەك ئاۋازدا. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھېلىمۇ لىققىدە ياش مۆلدۈرلەپ تۇراتتى.

— دادام بىلەن ئانام ئەتە كېتىمىز دەۋاتىدۇ. مېنىڭمۇ كەتمەسلىككە ئامالىم يوق مەۋجۇدىيە، — دېدىم مەن، — مېنىڭغۇ بۇ يەردىن كەتمەي ئۆمۈرۋايەت ساڭا ھەمراھ بولغۇم بار ئىدى.

ئۇ مېنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، جىمجىت تۇرۇپ كۆزلىرىمگە ئۇزاققىچە تىكىلدى. چىرايىدىن ئاجايىپ بىر خىل مىسكىنلىك، غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى.

شۇ كۈنى كەچتە بىز تاغقا چىقىپ ئاينىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى تاماشا قىلدۇق. مەۋجۇدىيە يەنە شۇ مۇڭلۇق ناخشىسى بىلەن يۈرىكىمنى ئەزدى. بىز تاغدىن چۈشكەندە ئەلىياتقۇ ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە چاي ئىچىۋاتقان ۋاقتىمىزدا ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. دادام بىلەن تاغام ماشىنىنى توسۇش ئۈچۈن يولغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. مەن ئۆيدىن چىقاي دېيىشىمگىلا، مەۋجۇدىيە قولۇمدىن تارتىپ توختىتىۋالدى. ئۆيدە ئىككىمىز يالغۇز ئىدۇق.

— سەن بەك ياخشىكەنسەن سۇبات. مەن سېنى دوستلۇققا تاللىۋالدىم.

مەن گەپ قىلمىدىم.

— ۋەدە بەرگىن، — دېدى ئۇ قوللىرىمنى ئۇتتەك ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ، — سۇبات، كېلەر يىلى يازلىق تەتىل ۋاقتىدا يەنە كېلەمسەن؟

— چوقۇم كېلىمەن مەۋجۇدىيە، — دېدىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — پەقەت سېنى كۆرۈش ئۈچۈن كېلىمەن.

سۆزۈم تۈگىشى بىلەنلا ئۇ كاپ قىلىپ ياقامدىن تۇتتى - دە، چىرايىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە قاشلىرىنى ھىمىردى. ياقامدىن تارتىپ مېنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇردى. بىزنىڭ تىنىقلىرىمىز بىر - بىرىگە قوشۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە يېتىلگەن قەتئىيلىك، يېگانىلىك ئىچىدە يېتىلگەن ئىشەنچ

نۇرى چاقناپ تۇراتتى.

— شۇنى بىلىپ قالغىنىڭى سۆبات، سەن مېنىڭ دوستۇم ھەم... — ئۇ كۆزلىرىمگە ئۇزاق تىكىلدى. نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى چۈشەندىڭمۇ، دېمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭ قولىنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىنى بۇرنۇمغا تىرىدى. خۇددى تېز ئېقىپ چىققىدىغان بۇلاق سۈيىدەك يېقىملىق ئاۋاز بىلەن ئاچچىقلىنىۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا سۆزلىدى، — بىلىمەن سۆبات. سەن مېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭ. مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئەمما ماڭا بەرگەن ۋەدەڭنى ھەرگىز ئۇنتۇما.

ئۇ شۇنداق دېدى-دە، كۆزىدىن ئاققان ياشلىرىنىمۇ سۈرتمەستىن، لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلىگىنىچە، بارمىقى بىلەن پېشانەمدىن ئىتتىرىۋېتىپ، يۈگۈرگىنىچە ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.

بىز ماشىنىغا چىقىپ جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ماشىنا سىلكىنىپ-سىلكىنىپ ئاستا قوزغالدى. تاغام ۋە مەۋجۇدىيە يول ئۈستىدە ئۇزىتىپ قالدى. مەۋجۇدىيە يول بويىدا بىر قولىنى كۆتۈرگەن ھالدا ھەيكەلدەك قېتىپ تۇراتتى. ماشىنا قويۇق چاڭ توزۇتۇپ ئۇلاردىن يىراقلاشتى. ئاخىرى ئۇلار كۆزۈمدىن غايىب بولدى. يىراق، مەۋجۇدىيەنىڭ مەرمەردەك ئاق، سۈزۈك چىرايى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. يۈرىكىم قاتتىق سىقىلىپ، كۆزلىرىمگە ياش ياماشتى. قۇلىقىمغا گويا ماشىنىنىڭ گۈر-كىرىشى ئەمەس مەۋجۇدىيەنىڭ يېقىملىق ناخشىسى ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مەن ئۆز-ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم: مەن ئۇنىڭ يالقۇنلۇق ناخشىسىنى، ئوماق قىلىقلىرىنى، گۈزەل چىرايىنى، شوخ، چىقىشقاق مىجەزىنى... ئۇنتۇپ كېتەلىشىم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. كېلەر يىلى ئۇنى چوقۇم يوقلاپ كېلىمەن...

ئەپسۇسكى، مەن ئۇنى يوقلاپ كېلەلمىدىم. بىر يىلدىن كېيىن دادامدىن مەۋجۇدىيەنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. يىللار ئارقا-ئارقىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بىز بىرەر قېتىممۇ كۆرۈشەلمىدۇق. ئارىدىن بىر يىل ئەمەس، ئىككى يىلمۇ ئەمەس، تۈپتوغرا ئالتە يىل ئۆتۈپ كەتتى. مانا ھازىر ئۇنىڭ بىلەن دىدار كۆرۈشكىلى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ھازا ئاچقىلى، روھىغا دۇئا قىلغىلى كېتىپ بارىمەن. ھازىر شۇنى ھېس قىلدىمكى، مەۋجۇدىيە ئۆزىنىڭ پەرىشتىدەك پاكلىقى، ھۆرلەردەك گۈزەللىكى، بوۋاقلاردەك گۆدەكلىكى ۋە شوخلۇقى بىلەن مېنىڭ بالىلىقتىكى قەلب قەسرىمدىن مەلىكىلەردەك ئورۇن ئالغانىكەن!

## 2

تاغام بىزنى يىغا-زارە بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ مەۋجۇدىيەنى ئېسىگە ئالغان بولسا كېرەك، مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

بىز دەل مەۋجۇدىيەنىڭ ئۈچ نەزىرىسىگە ئۈلگۈرۈپ كەلگەنىدۇق. ئۆي ئادەملەر بىلەن لىققىدە تولغان بولۇپ، ھەممىلا كىشىنىڭ چىرايىنى ئېغىر مۇسىبەت قاپلىغانىدى.

تاغاملا ئەمەس ئۇنىڭ قوشنىلىرىمۇ ياش تۆكۈۋاتاتتى. يىغا - زارە بىر ئاز بېسىققاندىن كېيىن يېنىمدىكى بىر مومايدىن ئاستاغىنە سورىدىم:

— موما، قىز ئاغرىقمىدى؟

— ياق، — دېدى موماي ئاق رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — رەھمەتلىك بەك ئوبدان قىز ئىدى. چىرايىنى دېمەيلا قويۇڭ، كۆز تەگدىمۇ بىچارىگە... ئۆزىنى خالاستان دەرياسىغا تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇ.

— نېمە؟! — بىردىنلا ئەندىكىپ كەتتىم. ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. نامەلۇم بىر قول يۈرىكىمنى مۇجۇغاندەك ئىگراپ تاشلىدىم. تىنىقىمنى ئاجايىپ كۈچلۈك بىر ياڭقۇن كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. بېشىم قېيىپ تامغا يۆلىنىۋالدىم. مەن بىردەم شۇ ھالەتتە تۇرغاندىن كېيىن ئاستاغىنا مىڭىپ مەۋجۇدىيەنىڭ ھۇجرىسىغا كىردىم. ئۆينىڭ ئىچى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئىدى. پەقەت كىتابلارلا كۆپىيىپتۇ. ئۆينىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسە — ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە تىزىپ قويۇلغان كىتابلارمۇ، تامغا ئېسىلغان گىتارمۇ، كارىۋاتمۇ، يوتقان - كۆرپىلەرمۇ ماڭا مەۋجۇدىيەنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. كۆزلىرىم ئىختىيارسىز ياشقا تولدى. مۇندىن ئالتە يىل بۇرۇن مەن مەۋجۇدىيەنىڭ «بىلمەن سۆبات، سەن مېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭ. مەنمۇ سېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئەمما ماڭا بەرگەن ۋەدەڭنى ھەرگىز ئۇنتۇما...» دېگەن سۆزىنى مۇشۇ ئۆيدە ئاڭلىغانىدىم. لېكىن بۇ ئۆي ھازىر ماڭا سوغۇق ۋە يېقىمسىز بىلىنىدى. بۇ ئۆينى پەقەت مەۋجۇدىيەنىڭ شوخ كۈلكىسىلا يېللىق ۋە يېقىملىق كەيپىياتقا تولدۇرۇپ تۇرغانىكەن. ھازىر مەۋجۇدىيە يوق. بۇ ئۆي ئەمدى مەڭگۈ مۇشۇنداق سوغۇق، جىمجىت مۇڭلۇق پېتى قالىدىغان بولدى.

مەن ئاستاغىنە مەۋجۇدىيەنىڭ كارىۋىتىغا كېلىپ قىڭغىيىپ ياتتىم. نۇرغۇن ئىشلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم. مەۋجۇدىيەنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى دەرياغا تاشلىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچى بولۇپ باش قاتۇردۇم. لېكىن توپ سەۋەبىنى تاپالمىدىم. شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئۇنىڭ بېشىغا چوقۇم ئېغىر كۈن كەلگەن، لېكىن ياردەمگە ئېرىشەلمىگەن. بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىكنى ئۇ مەخپىي تۇتقان. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇ ئىشلاردىن تاغام ئەلۋەتتە خەۋەر تاپقان بولاتتى. دېمەك، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىك چوقۇم نومۇسلۇقراق ئىش بولسا كېرەك. شۇڭا ئۇ ئۆلۈم يولىنى تاللىغان، بۇ سىرلىق ئىشلارنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكەن.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى. تاغامنىڭ ئۆيدە ئاپئاق كىيىنگەن بىر نەچچە ئايال مەۋجۇدىيەنىڭ يەتتە نەزىرىسىگە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. گويا سۆزلەش مەنئى قىلىنغاندەك ھېچكىم ئېغىز ئاچمايتتى. بىر بىرى بىلەن سۆزلەشمەيتتى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەستىن ھويلىدا ئايلىنىپ يۈرەتتىم. شۇ ئارىدا ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىۋاتقان بىر قىزغا تاسادىپىي ھالدا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. بۇ قىزنىڭ چىرايى مەۋجۇدىيەگە ئوخشاش گۈزەل بولۇپ، بويىمۇ زىلۋا ئىدى. كىيىۋالغان ئاپئاق ئۇزۇن شايى كۆڭلىكى ئۇنى پەرىشتىگىلا ئوخشىتىپ

قويغانىدى. كۆزلىرىدىن ھەسرەت ئالامىتى بىلىنىپ تۇراتتى. بىللۇردەك سۈزۈك مەڭزىدە ئىككى تامچە ياش توختاپ قالغانىدى. قىزنىڭ چىرايى ماڭا تونۇشتەكلا بىلىندى. مەن ئۇنى بۇرۇن بىر يەردە كۆرگەندەك ھېس قىلدىم. لېكىن قاچان، قەيەردە كۆرگەنلىكىمنى زادىلا ئېسىمگە ئالالمىدىم. شۇ ئارىدا قىز بىر چەينەكنى كۆتۈرۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن كەچ كىرگىچە ئۇنى كۆرمىدىم. ئەتىسى نەزىر ئۆتكۈزۈلدى.

مەن نەزىر تۈگىگىچە مەۋجۇدىيەنىڭ ھۇجرىسىغا بېكىنىپ ياتتىم. پەقەت مېھمانلارنىڭ ئايىغى بېسىققاندىلا ھويلىغا چىقتىم. شۇ چاغدا بىرەيلەننىڭ:

— ۋىيىيەي، گۈلھايات، قانداق ئەھۋالىڭ؟ — دېگەن ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى. مەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم. ھېلىقى ئاق كۆڭلەكلىك قىز ئۆزىدىن سەل پاكارراق، سېمىز بىر ئايالدىن ھال ـ ئەھۋال سوراۋاتاتتى. سېمىز ئايالنىڭ قۇچىقىدا بىر ياشلار چامىسىدىكى بۇدرۇقىنە بىر بوۋاق بار ئىدى.

— ۋاي، لەيلى ئەمەسمۇ سەن! — دېدى سېمىز ئايال ھاياجانلانغان ھالدا ئاق كۆڭلەكلىك قىزغا قاراپ، — قانداق، ئۆزۈڭمۇ ياخشى تۇردۇڭمۇ؟ سېنى كۆرمىگىنىمگە ئۇزۇن ۋاقىتلار بوپتۇ. پەقەتلا ئۆزگەرمەپسەن جۇمۇ! ...

لەيلى! گۈلھايات! مەن ئۇلارنى ئەمدى تونۇدۇم.

— مەيەرگە كەلگىنە ئاداش، ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى، — دېدى لەيلى گۈلھاياتنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ سۇپىغا ئولتۇرغۇزۇپ، — ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ بۇ يەرلەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟

— قومباغ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىمەن. بۇ يىل ناھىيىگە يۆتكەلمەكچى ئىدىم. بىراق بەزى ئىشلار سەۋەبىدىن يۆتكىلەلمىدىم. ئىشقىلىپ ئۆزۈمنىغا قالماي يۆتكىلىپ كېتىشىم مۇمكىن. بۈگۈن ئەتىگەن بىر قىسىم تەجرىبە سايمانلىرىنى ئارىيەت ئېلىش ئۈچۈن ئاۋاتباغ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە كەلگەنىدىم. مەن تېخى خىيالىمدا مەۋجۇدىيە ئاشۇ مەكتەپتە ئىشلەۋاتقان بولسا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېتەرمەن دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇدۇل بۇ يەرگە كەلدىم. بۇ يەردە مەۋجۇدىيەنى يوقىتىپ، سېنى ئۇچرىتىپ قېلىشىمنى ئويلىمىغانىكەنمەن. بىچارە مەۋجۇدىيە ... ئۇ نېمىشقىمۇ ... نېمىشقىمۇ شۇنداق قىلغاندۇ ... — گۈلھايات سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماستىن ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى.

— بولدى، يىغلىما، كۆڭلۈڭنى بۇزما گۈلھايات، — دېدى لەيلى دوستىغا تەسەللى بېرىپ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ گۈلھاياتنىڭ قۇچىقىدىكى بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ ئەركىلەتتى ۋە پەرۋاسىزلارچە:

— توي قىلىۋاپسەن ـ دە، — دەپ سورىدى.

— ھەئە ... ياق، ياق، — دېدى گۈلھايات دۇدۇقلاپ. مەن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ نېمىگىدۇر خىجىل بولغاندەك قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئەمما لەيلى بۇنى

سەزمەستىن قۇچىقىمدىكى بالىنى ئەركىلەتكىنىچە ئارقا ـ ئارقىدىن سوئال سوراشقا باشلىدى:

ــ ئېرىڭ كىم، قەيەردە ئىشلەيدۇ؟ تويۇڭغا ئەجەب بىزنىمۇ چاقىرماپسىنا؟

ــ بىز ... مەن ... ــ دېدى گۈلھايات تېخىمۇ ھودۇقۇپ، ــ ئېرىم زۇلقار. ئۇ ھازىر ناھىيىدە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

ــ زۇلقار! ــ لەيلى ئىختىيارسىز بېشىنى كۆتۈردى، ــ قايسى زۇلقار؟

ــ سەن ئۇنى بىلمىسەڭمۇ لەيلى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە بىز بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇغان زۇلقارچۇ؟

لەيلى گۈلھاياتنىڭ سۆزلىرىنى تازا ئاڭقىرالمىغاندەك قايتا سورىدى:

ــقەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇغان، ھازىر ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەيدىغان زۇلقارمۇ!؟

ــ ھەئە، دەل شۇ.

لەيلىنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى بوۋاقنى گۈلھاياتقا تۇتقۇزدى ـ دە، ئۆن سېلىپ يىغلىغىنىچە ئىچكىرىدىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. گۈلھايات بوۋاقنى تۇتقىنىچە ئورنىدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەنلىكى ئېنىق ئىدى. مېنىڭمۇ نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىغا زادىلا ئەقلىم يەتمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خىيال سۈرگەن ھالدا ئاستا قەدەم تاشلاپ قەبرىستانلىققا قاراپ ماڭدىم. قەبرىستانلىق بەكمۇ سۈرلۈك ئىدى، مەن ئېھتىيات بىلەن مېڭىپ مەۋجۇدىيەنىڭ قەبرىسى تەرەپكە كېلىۋاتاتتىم. بىردىنلا مەۋجۇدىيەنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئاق كۆڭلەكلىك ئايالنى كۆرۈپ قەدىمىمنى توختاتتىم. مەن ئۇنى تونۇدۇم، ئۇ لەيلى ئىدى.



مەن ئۇنىڭ يان تەرىپىدىكى باراقسان ئۆسكەن بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇنۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدىم. لەيلى ئېچىنىشلىق ئاۋازدا نالە قىلىۋاتاتتى:

ــ دوستۇم مەۋجۇدىيە، ئېيتقىنا، بىز بۇ دۇنياغا خورلىنىش، دەپسەندە قىلىنىش ئۈچۈنلا تۆرەلگەنمۇ؟ ئاھ دوستۇم، بىز نېمە ئۈچۈن شۇ قەدەر ئاجىز، بىچارە يارىلىپ قالغان بولغىيدۇق؟ بىچارە دوستۇم، سەن بىر ۋاپاسىز، ۋىجدانسىز مەخلۇقنىڭ قۇربانى

بولۇپ كەتتىڭ. سەنلا ئەمەس گۈلھاياتمۇ ۋە ئۇنىڭ بوۋىقىمۇ ئەنە شۇ ھايۋاننىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىپتۇ. ئاڭلىغىن دوستۇم، سۆزلىرىمنى دىققەت قىلىپ ئاڭلاپ ماڭا مەسلىھەت بەرگىن. مېنىڭ بېشىم قېتىپ كەتتى. نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ئەگەر زۇلقار ئۈستىدىن سوتقا ئەرز قىلسام گۈلھايات تۇل، بالىسى يېتىم بولۇپ قالامدۇ؟! مۇبادا ئەرز قىلمىسامچۇ؟! ئاھ خۇدا!

لەيلى ئۆزىنى قەبرىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، يۇمشاق توپىلارنى تاتىلىدى. سوغۇق، نەم تۇپراقنى يۈزلىرىگە يېقىپ يىغلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ھەسرەتلىك ۋە مۇڭلۇق ئىدى.

— قانداق قىلاي دوستۇم؟! جاۋاب بەر مەۋجۇدىيە ... — دەپ ئىچىنىشلىق ئاۋازدا نالە قىلدى لەيلى. ئەمما قەبرىستانلىقتىكى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن كىشىلەرنىڭ بىرسىمۇ ئويغانمىدى. قىمىرلاپمۇ قويمىدى. مەۋجۇدىيەمۇ قەبرىنى يېرىپ سىرتقا چىقمىدى. دوستىنىڭ سوئاللىرىغىمۇ جاۋاب بەرمىدى. قەبرىدىن ھېچقانداق سادا ئاڭلانمىدى.

مېنى بىئارام قىلىۋاتقان سىر بىردىنلا يېشىلگەندەك بولدى. مەن يوشۇرۇنۇپ تۇرغان يېرىمدىن چىقىپ، قىزنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ توختىدىم. لەيلى ئاياغ تىۋىشىمنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەينىگە قارىدى. مەن ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدۇم. بىز ئۈن-تىنسىز ھالدا قول كۆتۈرۈپ، مەۋجۇدىيەنىڭ مۇڭلۇق قەبرىسىگە ئۇزاققىچە دۇئا قىلدۇق.

بىز ئارقىمىزغا قايتقان چاغدا قۇياش ئۇپۇققا باش قويغانىدى. دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدا كەچكى شەپەقنىڭ شولىسى جىلۋە قىلاتتى.

— ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا مەۋجۇدىيەنىڭ ئۆلۈۋېلىش سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىڭ! — دېدىم چوڭ يولغا چىققاندىن كېيىن قىز بىلەن يانمۇ - يان كېتىۋېتىپ.

— سىزنى ئىككى كۈندىن بېرى نەچچە قېتىم كۆردۈم، ناھايىتى پەرىشان كۆرۈندىڭىز، — دېدى قىز قول ياغلىقى بىلەن ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — سىز مەۋجۇدىيەنىڭ تۇغقىنى بولامسىز؟

— ھەئە، بىر نەۋرە ئىنىسى بولىمەن.

— نەدە ئىشلەيسىز؟

— مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيمەن.

— ئۆيىڭىز مۇشۇ ناھىيىدىمۇ؟

— ياق، ئاقسۇ شەھىرىدە.

— مەن سىزنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ، — ئىسمىڭىز نېمە؟

— سىز مېنى بىر قانچە يىللار ئىلگىرى مۇشۇ يەردە كۆرگەن، بىراق تونۇيالمايۋاتىسىز. ئىسمىم سۇبات.

— سۇبات؟... — دېدى ئۇ ھەيران بولغان ھالدا، — توغرا، ئەمدى ئېسىمگە

tuyoqburkitap.com

كەلدى. ھە ھېلىقى بىر يېلى بىز مەۋجۇدىيەنىڭ ئۆيىدە ئۇچراشقان چاغدا، سىز تېخى كىچىك بالا ئىدىڭىز. مانا ئەمدى چوڭلا يىگىت بولۇپ قاپسىز، ـ ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا ھاياجان بىلەن تىكىلدى. قىزغۇچ لەۋلىرىدە كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى. ئۇ خۇددى ئالتە يىل بۇرۇن ئۆزى كىچىك بالا ئەمەستەك، مېنى ئۇ چاغدا كىچىك بالا ئىدىڭىز، دەۋاتاتتى، ـ راست بەكلا ئۆزگىرىپ كېتىپسىز، ـ شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ماڭا قولىنى ئۇزاتتى، ـ قانداق، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟

ـ رەھمەت، ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، ـ دېدىم ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ـ مەۋجۇدىيەنىڭ ئۆلۈمى ماڭا سىرلىق تۇيۇلۇۋاتىدۇ. سىزنىڭ ھەممە ئىشتىن خەۋىرىڭىز بار ئىكەن، سۆزلەپ بەرسىڭىز.

ـ بۇ پاجىئەگە زۇلقار سەۋەبچى بولدى، مەن ئۇنىڭ...

ـ زۇلقار دېگەن كىم ئۇ؟ ـ مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتىم.

ـ زۇلقار!... ئۇ سىزگە ۋە ماڭا ئوخشاشلا بىر ئادەم، ـ لەيلى بۇ سۆزلەرنى شۇنچىلىك يىرگىنچ بىلەن تىلغا ئالدىكى، تەنلىرىم شۈركىنىپ كەتتى، ـ ئۇنىڭ توغرىسىدا سىزگە نېمە دەپ بەرسەم بولار... ئىشقىلىپ، ئۇ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى، چىرايى، سىپايە خۇلقى ـ مىجەزى، ھەسەلدەك شېرىن سۆزلىرى...گە تايىنىپ قىزلارنى ئەخمەق قىلىپ ئوينايدىغان بىر تۇغما ئالدامچى. مەۋجۇدىيەگە ئاشۇ زۇلقار زىيانكەشلىك قىلغان.

مەن لەيلىگە قارىدىم. شەپەقنىڭ شولىسى ئۇنىڭ چاچلىرىنى قىزغۇچ تۈسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. پۈتۈن بەدىنىدىن نۇر تۆكۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. كۆزلىرى چەكسىز قايغۇ ـ ھەسرەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ـ زۇلقار بىزنىڭ ساۋاقدىشىمىز بولىدۇ، ـ دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى لەيلى، ـ مەن، گۈلھايات، مەۋجۇدىيە، زۇلقار تۆتىمىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر سىنىپتا ئوقۇغان. ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن بىز قۇمدەك چېچىلىپ كەتتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن زۇلقار بىلەن كۆرۈشەلمىدىم. ئەمما ئاخىرقى ئوقۇش يىلىدا زۇلقارنىڭ مەۋجۇدىيە بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. چۈنكى مەن مەۋجۇدىيە بىلەن خەت يېزىشىپ تۇراتتىم.

ـ ئۇنداقتا سىز زۇلقارنىڭ ئۈستىدىن قانۇن ئورۇنلىرىغا ئەرز قىلماقچىمۇ؟

ـ ئەسلى شۇنداق قىلماقچىدىم، لېكىن ھازىر ئىككىلىنىپ قېلىۋاتىمەن. چۈنكى بۇ ئىشقا گۈلھاياتمۇ چېتىشلىق بولۇپ قالدى.

ـ بۇ يەڭگىللىك قىلىدىغان ئىش ئەمەس، ـ دېدىم مەن بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى تولۇقراق بىلىشكە تىرىشىپ، ـ قانۇن پاكىتنى ئاساس قىلىدۇ. شۇڭا ئوبدانراق ئويلىنىپ ئىش قىلغىنىمىز تۈزۈك.

ـ پاكىت دەمسىز؟ ـ لەيلى ماڭا پەرۋاسىزلا بىر قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ـ مەندە مەۋجۇدىيەنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئالدىدا ماڭا يازغان خېتى، زۇلقارنىڭ مەۋجۇدىيەگە ۋە ماڭا يازغان خېتى بار، بۇلار پۈت تىرەپ تۇرالىغىدەك پاكىت. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈلھايات بىلەن ئۇنىڭ بالىسى تىرىك پاكىت بولالايدۇ.

ئىككىلىنىۋاتىمەن، دېگىنىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەرز قىلسام گۈلھاياتنىمۇ ئوتقا ئىتتەرگەن بولۇپ قالىدىكەنمەن. ئەسلى مەن زۇلقارنىڭ گۈلھاياتنىڭ بەختىنىمۇ ۋەيران قىلغانلىقىنى بىلمەيتتىم. بۇنى باياتىن ئۇقتۇم. گۈلھاياتنىڭ قۇچىقىدىكى بوۋاق زۇلقارنىڭ بالىسى ئىكەن، ئەمما ئۇلار تېخى توي قىلماپتۇ. يۈرۈڭ قايتايلى، مەن خەتلەرنىمۇ ئالغاچ كەلگەن، كۆرۈپ بېقىڭ.

بىز بىرلىكتە ئۆيگە قايتتۇق.

3

گۈلھايات ئىشىك ئالدىدا لەيلىنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇ بىزنى ھەيرانلىق ئىچىدە كۈتۈۋالدى.

— نېمە بولدى لەيلى؟ — دېدى ئۇ لەيلىنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، — سېنىڭ نەگە كەتكەنلىكىڭنى بىلەلمەي تىت ـ تىت بولۇپ كەتتىم. زادى نېمە ئىش بولدى، مەن ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمىدىمغۇ؟

لەيلى گۈلھاياتقا ئېچىنىش نەزەرىدە قاراپ قويدى ـ دە، ئاستا ئۇنىڭ مۈرىسىن تۇتۇپ تۇرۇپ دېدى:

— يۈرە، ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشايلى، شۇ چاغدا ھەممىنى بىلىسەن.

بىز مەۋجۇدىيەنىڭ ھۇجرىسىغا كىردۇق. لەيلى دېرىزىدىكى جىنچىراقنى تۇتاشتۇرۇپ شىرە ئۈستىگە قويدى. ئاندىن گۈلھاياتتىن سورىدى:

— گۈلھايات، سېنىڭ زۇلقار بىلەن كۆرۈشمىگىنىڭگە قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟

— ئىككى يىل.

— ئىككى يىلدىن بېرى خەت يېزىشتىڭلارمۇ؟

— ياق، بىز توي قىلىدىغان چېغىمىزدىلا خەت يېزىشقا پۈتۈشكەن.

— خەتنى ئاۋۋال كىم يازاتتى؟

— زۇلقار.

سۆھبەت خۇددى ساقچى باشلىقى بىلەن جىنايەتچى ئوتتۇرىسىدىكى سوئال ـ جاۋابقا ئوخشاش داۋاملىشىۋاتاتتى. مەن ئۇندىمەستىن جىمجىت ئولتۇراتتىم. لەيلى سوئالنى داۋاملاشتۇردى:

— ئىككى يىلدىن بېرى زۇلقار ساڭا بىر قېتىممۇ خەت يازمىدىمۇ؟

— ياق.

— ئۇنداقتا سېنىڭ بالىنى تۇغۇپ بېقىۋاتقانلىقىڭنى زۇلقار بىلمەيدىكەن ـ دە؟...

بۇ سوئالنى ئاڭلاپ گۈلھايات ھودۇقۇپ كەتتى ۋە ماڭا گۇمانسىراش نەزەرىدە قاراپ قويۇپ سورىدى:

— لەيلى، مېنى قىينىماي نېمە ئىش بولغانلىقىنى تېزرەك ئېيتساڭچۇ؟ زۇلقار بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىدىمۇ؟

ـــ ئاھ خۇدا... ـــ لەيلى ئۈمىدسىزلەنگەندەك بېشىنى چايقىدى، ـــ سەن ئۆزۈڭدىن ئەنسىرىمەي، يەنە ئاشۇ زۇلقاردىن ئەنسىرەۋاتامسەن؟ ئاۋۋال مېنىڭ سوئاللىرىمغا جاۋاب بەرگىن. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئىشنى سۆزلەپ بېرىمەن. بۇ بالىدىنمۇ قارتىنما، ئۇ بىزنىڭ دوستىمىز. ئېھتىمال ئۇنى تونۇيالمىغانسەن، ئالتە يىل بۇرۇن مۇشۇ يەردە بىز بىلەن بىللە ئوينىغان سۇبات مۇشۇ. دېمەك، سېنىڭ تۇغقانلىقىڭنى زۇلقار بىلمەيدىكەن ـ دە، ئۇنىڭغا نېمىشقا خەۋەر قىلمىدىڭ؟

گۇلھايات ھەيران بولغان ھالدا ماڭا قاراپ بېشىنى يېنىككىنە لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرىدى. ئارقىدىنلا مۇلايىم كىچىك بالىدەك لەيلىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى:

ـــ تويىنىڭ تەييارلىقى پۈتكەندە زۇلقار ماڭا خەت يازماقچىدى. شۇڭىغىچە مەن ئۇنىڭغا خەت يازماسلىققا ۋەدە بەرگەن.

ـــ ئاھ، سەن نېمىدېگەن ساددا، نېمىدېگەن بىچارە ـ ھە. سەن ئاۋۋال مېنىڭ كېپىمنى ئاڭلا. مەن ئۆرۈمچىدە مەۋجۇدىيە بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇراتتىم. مەۋجۇدىيە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا ئالمىشىپ كەلگەندىن كېيىن ماڭا خەت يازدى. خېتىدە ئۆزىنىڭ زۇلقار بىلەن يۇرۇۋاتقانلىقىنى يېزىپتىكەن. سەن بۇنىڭ ئۈچۈن مەۋجۇدىيەدىن رەنجىمە. ئۇ سېنىڭ زۇلقار بىلەن يۇرۇۋاتقانلىقىڭنى بىلمىگەن، بىلگەن بولسا ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتى. ئەسلى بۇ ئىشلارنى زۇلقار مەۋجۇدىيەگە ئېيتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇمۇ ھېچنەرسە دېمەستىن مەۋجۇدىيەنى ئالداپ يۇرۇۋېرىپتۇ. ھەممە گۇناھ شۇنىڭدا. مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن تاھىيىلىك دوختۇرخانىغا تەقسىم قىلىندىم. شۇ يىلى قىشتا تاسادىپىي ھالدا زۇلقارلى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ ماشىنىغا سوقۇلۇپ كېتىپ يارىلانغانىكەن. باشلىقىمىز مېنى زۇلقارنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا مەسئۇل قىلىپ قويدى. راست گەپنى قىلسام، ئۇ داۋالىنىۋاتقان بىر قانچە ئاي جەريانىدا ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن نەرسىلەر توغرىسىدا پاراڭلىشىپتىمەن، لېكىن مەۋجۇدىيەنىڭ ئەھۋالىنى بىرەر قېتىممۇ سوراپ باقماپتىمەن. سوراپ باققان بولسامىمغۇ بۇنداق ئىشلار يۈز بەرمەسمىدىكىن. شۇنداق قىلىپ، زۇلقار ساقىيىپ چىقىپ كەتتى. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن زۇلقاردىن بىر پارچە، مەۋجۇدىيەدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم.

لەيلى قول سومكىسىنى ئېچىپ، ئىككى دانە كونۋېرتىنى چىقاردى.

ـــ مانا سۇبات، ئۇنلۇك ئوقۇك، ـــ دېدى ئۇ خەتلەرنى ماڭا ئۇزىتىپ تۇرۇپ.

مەن ئاۋۋال زۇلقارنىڭ لەيلىگە يازغان خېتىنى ئۈنلۈك ئوقۇدۇم. خەتتە زۇلقار ئۆزىنىڭ لەيلىنى چەكسىز ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، يۈرىكىنىڭ سۆيگۈ ئوتىدا پۇچۇلىنىۋاتقانلىقىنى، لەيلىنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندىلا ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى، لېكىن ھازىرغىچە سۆيگۈسىنى ئاشكارىلاشقا پېتىنالماي كەلگەنلىكىنى ئىپادىلىگەنىدى.

مەن خەتنى ئوقۇپ تۈگەتتىم. شۇ تاپتا گۇلھاياتنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەنىدى. بوۋاقلارنىڭكىدەك سەل سېمىز، قىزىل لەۋلىرى بىلىنەر-

www.uyghurkitap.com

بىلىنمەس تىترەۋاتاتتى. لەيلى بولسا خاتىرجەم هالدا قولۇمدىكى خەتكە تىكىلىپ ئولتۇراتتى. مەن يەنە بىر كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى ئاچتىم. ئۇنىڭدا ئىككى پارچە خەت بار ئىكەن، ئۇنىڭ بىرى مەۋجۇدىيەنىڭ لەيلىگە يازغان خېتى، يەنە بىرى زۇلقارنىڭ مەۋجۇدىيەگە يازغان خېتى ئىكەن. مەن سەل-پەل هەيران بولۇپ لەيلىنىڭ چىرايىغا قارىدىم. ئۇ مېنىڭ گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋاتقانلىقىمنى سېزىپ:

— مەۋجۇدىيە ماڭا زۇلقارنىڭ خېتىنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتىپتىكەن، ئاۋۋال ئاشۇنى ئوقۇڭ، ئوقۇۋېرىڭ، — دېدى.

مەن خەتنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

مەۋجۇدىيە، مېنى كەچۈرگىن، مەن ساڭا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلىپ قويدۇم. بۇ ئىشلارنىڭ ساڭا ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى بىلىمەن. شۇنداق بولسىمۇ ساڭا ئېيتماسلىققا ئامالىم يوق. ئاتا-ئانام مېنى تاغامنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىشكە قىستىدى. چوڭلار بىزنىڭ بېشىمىزنى قوشۇپ قويۇشقا ئون يىل ئاۋۋال پۈتۈشۈپ قويغانىكەن. دادام بىلەن ئانامغا يالۋۇرغان بولسامۇ ئۇلار كېپىمگە قۇلاق سالمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۆزۈم قىلچىمۇ ياخشى كۆرمەيدىغان ناتونۇش بىر قىز بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇ چاقىقچە بۇنى ساڭا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن، مېنى كەچۈرگىن مەۋجۇدىيە. مەنمۇ سېنىڭ مېنى كەچۈرۈۋېتىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. سەندىن شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، ئازابلانما، پەقەت ئازابلانما!

مەن خەتنى ئوقۇپ بولۇشۇم بىلەن تەڭلا لەيلى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ كەتتى:

— ئۇنىڭ توي قىلدىم دېگىنى پۈتۈنلەي يالغان! — دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — مېنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈنلا مەۋجۇدىيەدىن قۇتۇلماقچى بولغان. بۇ ئىشلار ئاشكارىلانمىغان بولسا ئۇ يەنە قانچىلىغان قىزلارنى ئەخمەق قىلغان بولاتتى.

لەيلى جىم بولۇپ قالدى. چىرايىدا غەزەپ ۋە قايغۇ ئالامەتلىرى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. گۈلهايانىڭ چىرايى كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاغزىنى ئاچقان، كۆزلىرىنى قىسقان پېتى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. قىياسىمچە ئۇ هوشىدىن كېتەيلا دەپ قالغانىدى. مەن ئەمدى مەۋجۇدىيەنىڭ خېتىنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

قەدىرلىك دوستۇم لەيلى، مەن بۇ دۇنياغا هېچقانداق داۋراڭسىز، يالغۇز كەلگەن ۋە يالغۇز ياشىغانىدىم. مانا ئەمدى يەنە ئۈن-تىنسىز، يالغۇز كەتمەكچىمەن! بۇندىن ئالتە يىل ئىلگىرى ئاقسۇ شەھىرىدىكى تاغامنىڭ ئوغلى سۇبات بىلەن تونۇشقان ۋاقتىمدا يالغۇزلۇقۇمنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدىم. ئايرىلىش ئالدىدا ئۇ ماڭا مەۋجۇدىيە، مېنى كۈتكىن، مەن يەنە كېلىمەن — دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. ئەمما ئۇ ماڭا بەرگەن ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ بالىلىق دەۋرىمنىڭ ئاخىرلىرىدىكى تۇنجى ئوغۇل دوستۇم ئىدى. شۇڭا، بۇ ئىش ماڭا ھەممۇ ئېغىر كەلدى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ مېنىڭ يالغۇزلۇقۇمغا مىسكىنلىك قوشۇلدى. كېيىن مەن زۇلقار بىلەن ئۇچراشتىم ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. سۆيگۈ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا كۈچ-قۇۋۋەت، كەيپىياتىمغا خۇشاللىق ۋە جۇشقۇنلۇق بېغىشلىغانىدى. يالغۇزلۇقۇم ئەمدى

ئاخىرلاشقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن بۇ سۆيگۈ ماڭا ئازاب ۋە خورلۇق ئېلىپ كەلدى. بارلىق ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىم بەربات بولدى. مەن بۇ خورلۇق ۋە ئازابتىن پەقەت ئۆلۈم ئارقىلىقلا قۇتۇلالايدىغانلىقىمنى تونۇپ يەتتىم.

ساڭا ھەممە ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن تۆت يېزامدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغانىدىم. بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا كۆڭلۈم ئېلىشىپ بىئارام بولۇپ كەتتىم. ئاخىرى يېزىلىق دوختۇرخانىغا باردىم. دوختۇر ماڭا ئېغىر ئاياق بولۇپ قالغانلىقىمنى ئېيتتى. مەن بۇ ئىشتىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. مەن ناھايىتى پەرىشان ھالدا دوختۇرخانىدىن ياتاققا قايتىپ كەلدىم ۋە زۇلقارغا ئالدىراپلا بىر پارچە خەت يېزىپ ئەۋەتتىم. توپتوغرا 11 كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم ۋە خۇشاللىقىمدىن يۈگۈرگىنىمچە ياتاققا كىرىپ خەتنى ئوقۇدۇم. ئاھ خۇدا! زۇلقار ئاللىقاچان باشقا بىر قىز بىلەن توي قىلىۋاپتۇ ئەمەسمۇ! بۇ ئىش ماڭا شۇنچىلىك ئېغىر كەلدىكى، خۇددى ئەقلىمدىن ئېزىپ قالغاندەك ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتىم. دەل شۇ چاغدا قورسىقىمدىكى بالا تەۋرەپ كەتتى. بۇ مېنى تېخىمۇ ۋەھىمىگە سالدى. ياق، قورسىقىمدىكى بالا ئەمەس، بېشىمغا كەلگەن قورقۇنچلۇق بالايى ـ قازا. ئاھ پەرۋەردىگاھ، ئەمدى زۇلقارنىڭ بۇ بالىسىدىن قانداق قۇتۇلسام بولار. مەن غەزەپتىن تىترەپ كەتتىم. مۇبادا زۇلقار ئالدىمدا بولغان بولسا ئىدى، ئۇنى بوغۇپلا ئۆلتۈرۈپ قويغان بولاتتىم. بىلەمسەن، شۇ ھامان بوغۇپ ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت كۈچلۈك بىر ئىستەك خىيالىمدىن كەچتى. توغرا، بۇ مېنىڭ ئەمەس، بەلكى رەقىبىم زۇلقارنىڭ بالىسى. شۇنداق ئىكەن، دادىسىنىڭ ئورنىغا بالىسىدىن ئىنتىقام ئالسام، ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەم بولمامدىكەن، قىساس ئېلىش دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدىغۇ!؟ دوستۇم لەيلى، زۇلقار ماڭا خەت ئەمەس، خۇدانىڭ ماڭا يازغان ئۆلۈۋېلىش بۇيرۇقىنى ئەۋەتىپتۇ. مەن خۇدانىڭ بۇ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش قارارىغا كەلدىم. مەن ئۆلمەكچىمەن. ئۆلۈشۈمنىڭ سەۋەبلىرىنى ساڭا ئىزاھلاپ بېرىش ئۈچۈن بۇ خەتنى يازدىم. زۇلقارنىڭ ماڭا يازغان خېتىنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتتىم. بەلكىم بۇ خېتىم قولۇڭغا تەگكىچە بۇ ۋاپاسىز دۇنيادىن كېتەرمەن. ناۋادا سەن بۇ يەرگە كەلسەڭ دادامغا تەسەللى بېرىپ قوي، ئۇ بىر تۇپ تىكەندەكلا يالغۇز قالدى. ئۇنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرغىن. سەندىن شۇنى ئىلتىماس قىلىمەنكى، مەن ئۈچۈن قانۇن ئورۇنلىرىغا ئەرز قىلىپ يۈرمە، ھەرگىز ئەرز قىلما. مۇبادا كىشىلەر مېنىڭ نىكاھسىزلا ئېغىر ئاياق بولۇپ قالغانلىقىمنى بىلىپ قالسا مەن نومۇستىن يەنە بىر قېتىم ئۆلىمەن. مەنلا ئەمەس بىچارە داداممۇ كىشىلەر ئارىسىدا يۈزىنى كۆتۈرەلمەي قېلىشى مۇمكىن. ئەلۋىدا دوستۇم لەيلى، مەن ئۈچۈن قايغۇرما، ياش تۆكمە. چۈنكى مەن قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئۆلىمەن. زۇلقارنىڭ بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالىمەن. ئۇنىڭ بالىسىنى دەريادا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرىمەن. ئەلۋىدا! ساڭا بەخت تىلەپ، جەننەتكە قاراپ كېتىۋاتقان دوستۇڭ مەۋجۇدىيە.

www.uyghurkitap.com

مەن بۇ خەتنى ئوقۇپ بولۇشۇم بىلەن تەڭلا گۈلهايات ئېچىنىشلىق ھالدا ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇ توختىماستىن يىغلايتتى، پەرياد چېكەتتى. ئۇنىڭ قەلبىدىن ئېچىنىشلىق نىدا ئۇرغۇپ چىقماقتا ئىدى.

ئۇ مەۋجۇدىيە ئۈچۈن يىغلاۋاتامدۇ ياكى ئۆز تەقدىرىگە ئېچىنىپ يىغلاۋاتامدۇ، بۇنى مەن قىياس قىلالمىدىم. بەلكىم ھەر ئىككىسى ئۈچۈن يىغلىغاندۇ. چۈنكى ئۇمۇ مەۋجۇدىيەگە ئوخشاشلا ئالدانغان، كېرەكسىز بويۇمدەكلا تاشلىۋېتىلگەن ئىدى.

لەيلى بولسا ئۇنچىۋالا ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىدى. ئۇ قول سومكىسىدىن ئاپئاق، پاكىز قول ياغلىقىنى چىقىرىپ گۈلهاياتنىڭ يېشىنى سۈرتتى ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى. گۈلهايات ئاخىرى يىغىسىنى توختاتتى.

— مەن مۇشۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىمنى ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن، — گۈلهايات كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئۆكسۈپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى، — مەن زۇلقارغا بەك ئىشىنىپ كېتىپتىمەن. مەن تېخى، ئەگەر ئۇ مېنى ئۆلۈشكە بۇيرۇسا مەن خۇشاللىق بىلەن، كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆلىمەن، دەپ ئويلايتتىم. مەن خۇددى مۇلايىم كىچىك بالىدەك، ئۇنىڭ تۇر، دېگەن يېرىدە تۇردۇم، سىزغان سىزىقىدىن چىقمىدىم. ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈم مېنى مۇشۇنداق بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. ئەسلى ئۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان بىر ئىنسان ئىكەن. ئۇنى ۋىجدانسىز دېيىش كېرەكمۇ، ئالدامچى دېيىش كېرەكمۇ، بىلەلمەيۋاتىمەن. مەن ئۇنىڭ نېمىسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ھازىرغىچە بىلمەيمەن. بەلكىم ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەن. سىز ئۇنى تونۇمايسىز سۇبات، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېرىتىۋېتىدىغان ئىللىق بىر نۇر تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. چىرايى ھەر قانداق قىزنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلالايدۇ. گەپ-سۆزىنىڭ سىلىق ۋە مۇلايىملىقىنى دېمەمسىز تېخى. ئاھ، دۇنيادىكى بارلىق ئالدامچىلار مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ! مىڭ لەنەت بۇنداق ئالدامچىلارغا! سۆيگۈ-مۇھەببەتكىمۇ، ئىشەنچ، ئېتىقاد دېگەن نەرسىلەرگىمۇ، ھەممىسىگە لەنەت! سىلەر بىلمەيسىلەر، مەن ناھايىتى جاپا تارتتىم، ئازابلاندىم. مەكتەپ مۇدىرىمىز سەلىمە خانىم بېشىمنى سىلىمىغان بولسا نېمە كۈنلەرنى كۆرەتتىمكىن-تاڭ. ئۇ بەك ياخشى ئايال، مېنى ئۆز قىزىدەك كۆرىدۇ. ھالىمدىن خەۋەر ئالىدۇ. خانىمنىڭ بەۋقىران ئىسىملىك بىر ئوغلى بار. ئوغلىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇ بەۋقىراننىڭ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى سېزىپ قالدىم. چۈنكى ئۇ ھەر كۈنى كەچتە ئۆگزىسىگە چىقىپ مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ دېرىزىسىگە قاراپ ئولتۇرۇپ گارمون چېلىشقا باشلايتتى. ئۇ پەقەت مۇڭلۇق ۋە مىسكىن مۇزىكىلارنىلا چالاتتى. ئۇ بۇ ئىشنى بىر قانچە ئايدىن بېرى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. مېنىڭ بۇنچىلىك ئىشنى سېزەلمەسلىكىم مۇمكىن ئەمەس. ئۇ تەسادىپىي ھالدا ماڭا ئۇچراپ قالغىدەك بولسا دەرھاللا ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى. تاملارنىڭ، دەرەخلەرنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالسام غىپپىدە باشقا ئۆيگە چىقىپ كېتەتتى. چىرايىمغا تىكىلىپ قارىيالمايتتى. ئۇ ھەر كۈنى كەچ كىرىشى

بىلەنلا ئۆزگىنىگە چىقىپ كارمون چېلىشقا باشلايتتى. ماڭا بولغان سۆيگۈ ھېسسىياتىنى ئەنە شۇنداق ئىزھار قىلاتتى. كېچە - كېچىلەپ كارمون چېلىپ، مەندە ئۆزىگە نىسبەتەن سۆيگۈ ھېسسىياتى ئويغاتماقچى بولاتتى. لېكىن شۇ كۈنلەردە مەن ئېغىر ئاياق بولۇپ قالغانىدىم، شۇڭا ئۇ كېچىدە مېنىڭ دېرىزەمگە قاراپ ئولتۇرۇپ كارمون چالسا، مەن كارىۋىتىمدا يېتىپ قورسىقىمنى سىلايتتىم ۋە بالامنىڭ مىدىرلىشىنى كۈزىتەتتىم. زۇلقاردىن قاچان خەت كېلىدىغانلىقى، قاچان توي قىلىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا خىيال سۈرەتتىم. بىر كۈنى كەچتە سەلىمە خانىم ئۆيىگە كىرىپ كەلدى ۋە ماڭا تاماق ئېتىشكە ياردەملەشتى. تاماقتىن كېيىن بىز ئۇزاق مۇڭدىشىپ ئولتۇردۇق. بىر چاغدا ئۇ مېنى كېلىن قىلىۋېلىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. مەن ئەمەلىيەتتە زۇلقارنى ياخشى كۆرىدىغان تۇرسام، سەلىمە خانىمغا قانداقمۇ رازىلىق بېرەلەيمەن. مەن گەپ قىلماي تۇرۇۋالدىم. سەلىمە خانىم يەنە «سەن بەلكىم نەۋقىران ماڭا گەپ قىلمىدىغۇ، دەپ ئويلىشىڭ مۇمكىن، بىراق ئۇ گەپ قىلالمايدۇ، تىلى كېسىۋېتىلگەن» دېدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، نەۋقىران ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا بىر قىز بىلەن پۈتۈشۈپتىكەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئىككىسى قىزنىڭ يۇرتىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپتۇ. لېكىن قىزنىڭ ئەتراپىدا چۆگىلەپ يۈرىيدىغان لۈكچەكلەر بىر كۈنى كېچىدە نەۋقىراننى ئۇرۇپ، ئۇنىڭ تىلىنى كېسىۋېتىپتۇ. نەۋقىران دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقاندا قىز باشقا بىر يىگىتكە تېگىۋاپتۇ. نەۋقىراننى يوقلاپمۇ كەلمەپتۇ. نەۋقىراننىڭ تىلىنىغۇ دوختۇرلار ساقايتىپتۇ، لېكىن ئۇ گەپ قىلالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. مەن بۇنى ئاڭلاپ بەك ئازابلاندىم.

مەن سەلىمە خانىمنى ئۆز ئانامدەك كۆرەتتىم ھەم ھۆرمەتلەيتتىم. ئۇمۇ ماڭا ئۆز قىزىدەك كۆيۈنەتتى. مۇشۇنداق چاغدا گەپ قىلماي تۇرۇۋالسام بولمايتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىمنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۇ ماڭا بىر ھازاغىچە كايىدى. كېيىن ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكىڭنى ھېچكىمگە بىلدۈرمە، بۇ يەردىكى كىشىلەر نىكاھسىز بالا تۇغقان ئايالنى باش كۆتۈرۈپ يۈرگۈسىز قىلىۋېتىدۇ، ئەمما سەن خاتىرجەم بول، ئۆزۈم بىر ئامال قىلىمەن، دېدى. ئارىدىن ئونبەش كۈن ئۆتكەندە ئۇ مېنى يىراق بىر ناھىيىدىكى تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. مەن شۇ يەردە يەڭگىدىم. مەن بالامنى ئېلىپ قايتىپ كەلدىم. سەلىمە خانىم مەكتەپتىكىلەرگە «گۈلھاياتنىڭ ھاممىسى تۇغۇتتا قازا قىلىپ كېتىپتىكەن، شۇنىڭ بالىسىنى بېقىۋاپتۇ» دەپ قويۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ مېنىڭ ئىشلىرىمنى ھېچكىم بىلمىدى، سۆز - چۆچەكمۇ بولمىدى. نەۋقىران بالامغا بەك ئامراق، ھەر كۈنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئەركىلىتىپ ئوينىتىدۇ. مانا، كۆردۈڭلارمۇ، مەن ھازىرغىچە زۇلقارنىڭ بالىسىنى بېقىپ، ئۇنىڭ خېتىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتىمەن، ئۇ بولسا مېنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ.

گۈلھايات ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن يەنە ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. مەن ئىختىيارسىز قاتتىق غەزەپلەندىم. شۇ پەيتتە بىرلا نەرسىگە، بىرلا نەرسىنىڭ ئاياغ - ئاستى بولغانلىقىغا ئېچىناتتىم، ئۇ بولسىمۇ مەن ئالتە يىلدىن

www.uyghurkitap.com

بېرى ئىزدىگەن، لېكىن تاپالمىغان مۇھەببەت ئىدى. شۇڭا مۇھەببەت ئۈچۈن ئازاب چېكىۋاتقان يۈرىكىمدىن ئېغىر ۋە ھەسرەتلىك نىدا ئۇرغۇپ چىقىۋاتاتتى. ئەلەملىك كۆز ياشلىرىم قارىچۇقىمدىن ئېتىلىپ چىقىپ، مەڭزىمگە سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى. مەن ئەمدى مەۋجۇدىيەنىڭ ئۆلۈۋېلىش سەۋەبلىرىنى ئۇققۇپلا قالماستىن يەنە نۇرغۇن بەختسىزلەرنىڭ ئازابلىق كۆز ياشلىرىنىمۇ كۆردۈم. كۆڭلۈم بەكمۇ بىئارام بولۇپ كەتتى.

مەن قىزلارنىڭ يېنىدىن چىقىپ تاغامنىڭ مېھمانخانا ئۆيىگە كىردىم-دە، ئېغىرلاشقان گەۋدەمنى كارىۋات ئۈستىگە تاشلىدىم ۋە ئۇخلىماقچى بولۇپ كۆزۈمنى يۇمدۇم. بىراق مەۋجۇدىيە بىلەن گۈلھايات كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. ئۇلارغا ئېچىنغانسېرى زۇلقارغا بولغان نەپرىتىم كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. گەرچە مەن ئۇنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان بولساممۇ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ۋۇجۇدۇمدا كۈچلۈك بىر خىل ئۆچمەنلىك ۋە قىساس تۇيغۇسى باش كۆتۈرگەنىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئەمدىلا يۈزۈمنى يۇيۇپ تۇراتتىم، لەيلى ناھايىتى پەرىشان ھالدا ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە نامەلۇم بىر خىل ۋەھىمە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— سۇبات، — دېدى ئۇ ماڭا سوئال نەزىرىدە قاراپ، — سىز گۈلھاياتنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— ياق، — دېدىم مەن ھودۇققان ھالدا، — ئۇ ئاخشام سىز بىلەن بىللە قالغانىدىغۇ؟

— ھەئە، ئاخشام ئۇ يېنىمدىلا ئۇخلاپ قالغانىدى. سەھەردە ئويغىنىپ قارىسام ئۇنىڭ ئورنى بوش تۇرىدۇ.

بىز پۈتۈن كەنتنى ئاختۇرۇپ چىقتۇق. ئۇچرىغانلىكى كىشىلەردىن سورىدۇق. بىراق گۈلھاياتنى ھېچيەردىن تاپالمىدۇق. ئاخىر بىز ئۇنى زۇلقارنىڭ يېنىغا كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىپ، ناھىيىگە بارماقچى بولدۇق.

مەن تاغام بىلەن دادامغا ناھىيىدە مۇھىم بىر ئىشىم چىقىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ، لەيلى بىلەن بىللە ناھىيىگە قاراپ يولغا چىقتىم.

4

بىز كەچكە يېقىن ناھىيىگە يېتىپ كەلدۇق.

— يۈرۈك سۇبات، — دېدى لەيلى قولۇمدىن تارتىپ تۇرۇپ، — ئاۋۋال بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ بىر ئاز دەم ئالغاچ تاماق يەۋالايلى. ئۇنىڭدىن كېيىن زۇلقارنىڭ ئۆيىگە بارايلى.

— ئۆيىڭىزگە بارسام قانداق بولار؟ — دېدىم مەن، — ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ئالدىدا ئوڭايسىزلىنىپ قالارمەنمىكىن. ئۇلار مېنى ئېلىپ كىرگىنىڭىزنى كۆرسە ئېھتىمال

ئويلاپ قالار؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، سوبات، ئۇلار ھېچقانداق ئويلاپ قالمايدۇ. كىم بىلىدۇ، كېيىنچە بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئادىمى بولۇپ قالامسىز تېخى، — لەيلى شۇنداق دېدى-يۇ، بۇ چاقچىقىدىن ئۇيۇلۇپ بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى.

— شۇنداق بولسىمۇ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كېتەتتىم، — دېدىم مەنمۇ چاقچاق قىلىشقا تىرىشىپ، — لېكىن خۇدانىڭ ماڭا ئۇنداق ئامەتنى نېسىپ قىلىشىغا ئىشىنەلمەيمەن.

لەيلى جىمىپ قالدى. بىز ئۈن-تىنسىز مېڭىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق. يۈزىمىزنى يۇيۇپ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ئىككىمىز ئىككى ۋېلىسىپىتقا مىنىپ زولقارنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتۇق.

بىزنى زۇلقارنىڭ ئانىسى كۈتۈۋالدى. زۇلقارنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى، بىردەم كۈتۈپ تۇرساق كېلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىپ، بىزنى مېھمانخانىغا باشلىدى.

كۆپ ئۆتمەستىنلا زۇلقار سىرتتىن كىرىپ كەلدى.

— ۋوي، سىز كەنسىز-دە لەيلى، ياخشىمۇ سىز؟ — زۇلقار لەيلىدىن كۈلۈمسى-رەپ تۇرۇپ ئەھۋال سورىدى. لېكىن لەيلىنىڭ چىرايىدىكى غەزەپ-نەپرەت ئىپا-دىسىنى كۆرۈپ سەل-پەل تەمتىرەپ قالدى. كېيىن ياخشىمۇ سىز، دەپ ماڭا قولىنى ئۇزاتتى. ئەسلىدە مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەسلىكنى ئويلىغانىدىم. لېكىن ئۇنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ئورنىمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا قولۇمنى بەردىم. مەۋجۇدىيە بىلەن گۇلھاياتنىڭ ئۇنى شۇ دەرىجىدە ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىكەن، ئۇنىڭ چىرايىدىن، كۆزلىرىدىن... بىر خىل تۇغما گۈزەللىك ۋە جەلىپكارلىق چىقىپ تۇراتتى.

— گۇلھايات سىزنى ئىزدەپ كەلدىمۇ؟ — دېدى لەيلى ئۇنىڭغا بىگىزدەك تى-كىلىپ تۇرۇپ.

— نېمە، ئۇ... ئۇ... — زۇلقار لەيلىنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقانلىقىنى سېزىپ تەمتىرەپ كەتتى، — ياق... ياق... ئۇ بۇ يەرگە كەلمىدى. پەقەت كەلمىدى. لەيلى، سىز مېنى ئەپۇ قىلىڭ. مەن راستىنلا ئەخمەقلىق قىپتىمەن. ئىككىڭلارنىڭ مۇناسى-ۋىتىنى بىلمەستىن... سىزگە خەت...

— باشقىچە ئويلاپ قالماڭ، سىزنى ماڭا يازغان تەكلىپ خېتىڭىز ئۈچۈن ئىز-دەپ كەلگىنىممۇ يوق، — دېدى لەيلى زۇلقارنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — بۇ يىگىت بى-لەنمۇ دوستلۇقتىن باشقا ھېچقانداق مۇناسىۋىتىمىز يوق. ئۇنى سىزگە تونۇشتۇرۇپ قو-ياي. ئىسمى سوبات. بېيجىڭدا ئوقۇيدۇ. ئەمدى ئۆزۈمنىڭ نېمىشقا كەلگەنلىكىمنىمۇ چۈشەندۈرۈپ قوياي، مەن دوستۇم مەۋجۇدىيەنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى سىزگە خە-ۋەر قىلغىلى كەلدىم.

— نېمە، نېمە؟ — زۇلقار كەسكىن ھالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ لەيلىگە تىكىلدى، — سىز... چاقچاق... چاقچاق... قىلىۋاتمايدىغانسىز؟

— بېشىڭىزنى سىلكىۋېتىپ ئاڭلاڭ، زۇلقار، سىز ئۇنىڭغا توي قىلدىم، دەپ خەت يېزىپتىكەنسىز، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالدى. شۇنىمۇ بىلىپ قېلىڭ، زۇلقار، ئۇ سىزنىڭ تېخى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچمىغان بالىڭىزنىمۇ ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەتتى. سىز تېخى بىلمەيسىز. گۈلھايات تېخىچە سىزنىڭ بالىڭىزنى بېقىپ يۈرىدۇ. ئۇ شۇنچە نومۇسقا، كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىگە، تىل ئاھانەتلىرىگە چىداپ بالىڭىزنى تۇغدى. ئۇلار ئانا - بالا ئىككىسى سىزنى كۈتۈۋاتىدۇ. بىلەمسىز؟ ئۇ سىزنىڭ توي قىلىش توغرىسىدا ئۆزىگە خەت يېزىشىڭىزنى كۈتۈۋاتىدۇ! ئەكسىچە سىز مەن بىلەن توي قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز. سىزدە ۋىجدان دېگەن نەرسە يوقكەن! سىز ھايۋاندىن پەرقلەنمەيدىكەنسىز! سىز خىيالىڭىزدا تېخى بۇ ئىشلىرىمنى لەيلى بىلمەيدۇ دەپ ئويلاپ يۈرەمسىز؟! مەن ھەممىنى بىلىمەن. گۈلھايات بىلەن مەۋجۇدىيەنىڭ پاك سۆيگۈسىنى قانداق خارلىغانلىقىڭىزنى ئوبدان بىلىمەن، — لەيلى دېمى سىقىلىپ قالغاندەك بىردىنلا سۆزىدىن توختاپ قالدى. زۇلقار بولسا، ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى بويىنىدىن كۈچ بىلەن پەسكە بېسىپ تۇرغاندەك بېشىنى يەرگە ساڭگىلاتقىنىچە جىمجىت ئولتۇراتتى. لەيلى سۆزىدىن توختىشى بىلەن ئۇ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ چىرايى شۇنچىلىك تاتىرىپ كەتكەنىدىكى، رەڭگىنىڭ ئاق ياكى سېرىق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— مەن ... مەن ... مەۋجۇدىيەدىن كەچۈرۈم سورايمەن. ئۇ ... ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ كەچۈرۈم سورايمەن.

زۇلقار بەكمۇ گاڭگىراپ قالغانىدى. ئۇ لەيلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭقىرالمىغاندەك تىكەچلەپ سۆزلەشكە باشلىدى، — مەن ... مەن مەۋجۇدىيەدىن كەچۈرۈم سوراپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن ... ئۇنىڭ ...

— سىز ئۆزىڭىزنى بەكمۇ ئەقىللىق ھېسابلايتتىڭىزغۇ زۇلقار، سۆزلىرىمنى نېمىشقا چۈشەنمەيسىز؟ — لەيلى يەنە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — زۇلقار، ماڭا قاراڭ، گېپىمنى ئۇققۇۋاتامسىز؟ مەۋجۇدىيە سىز بىلەن توي قىلالمايدۇ. ئۇ ئۆلدى ... ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىشىڭىز ھاجەتسىز. سىز ئەمدى قانۇننىڭ ھۆكۈمىنى كۈتۈڭ. مەن قانۇن ئالدىدا دوستۇم مەۋجۇدىيە ئۈچۈن دەۋاگەر بولىمەن ھەم تولۇق پاكىتقا ئىگە ۋەكىل سۈپىتىدە سوتتا گۇۋاھلىقتىن ئۆتىمەن. مەن ئىككى كۈندىن كېيىن يەنە كېلىمەن. شۇ ۋاقىتقىچە ئوبدان ئويلىنىپ بېقىڭ، — لەيلى سۆزىنى تۈگىتىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ماڭا قارىدى، — يۈرۈڭ، سۇبات، ئەمدى بىز قايتايلى.

بىز ئۆيىدىن چىقىپ كەتتۇق، سىرتتا ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. بىزنى زۇلقار چوڭ يولغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

— بولدى، كىرىپ كېتىڭ، — دېدىم مەن زۇلقارغا، — سىز يەنە كۆپ ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرمىسىڭىز بولمايدۇ.

لەيلى بىلەن ئىككىمىز ۋېلىسىپىتقا مىنىپ يولغا چۈشتۇق. بىز ئەمدىلا يولنىڭ دوقمۇشىغا يېقىنلاشقاندا زۇلقارنىڭ مېنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— سۇبات، بۇياققا كېلىڭلا!

مەن ۋېلىسىپىتنى ئارقىغا بۇراپ، زۇلقارنىڭ يېنىغا كەلدىم.

— بېشىم بەك قېتىپ كەتتى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن ... ئەتە كېلەمسىز؟ — دېدى ئۇ خۇددى ناھايىتى قىيىن ئىشقا دۇچ كەلگەندەك بېشىنى ئەگكەن ھالدا، — ۋاقتىڭىز يېتەرمۇ؟

— يېتىدۇ، قىلىدىغان بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— ئۇقمايمەن، نېمىشقىكىن سىز بىلەن بىرگە بولۇشنى خالاپ قالدىم. ئەتىگەندە سىزنى ئۆيدە كۈتىمەن.

— ماقۇل، سائەت قانچىدە؟

— توققۇزدا.

مەن لەيلىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم. بىز يەنە ۋېلىسىپىتقا مىنىپ يولغا چۈشتۇق.

— ئۇ نېمە دېدى؟ — دەپ سورىدى لەيلى پەرۋاسىز ھالدا.

— ئەتە يەنە كېلىشىمنى ئۆتۈندى.

— نېمە ئىشى بار ئىكەن؟

— بىلمىدىم.

بىز يەنە جىمجىتلا ماڭدۇق. يولنى كوچا چىراغلىرى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. كوچىدا ئۆتكۈنچىلەرمۇ ناھايىتى ئازئىدى. ناھىيىلىك مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە مەن ۋېلىسىپىتتىن چۈشتۇم. لەيلىمۇ نېمە بولغانلىقىنى بىلمەستىن ۋېلىسىپىتتىن چۈشتى.

— لەيلى، مەن مۇشۇ مېھمانخانىدا يېتىپ قالاي، — دېدىم، — بازار ئىچىدە مېنىڭ بىرەر تونۇشۇممۇ يوق.

— نېمە؟ — ئۇ ماڭا خۇددى ئۇشتۇمتۇت بىر نەرسىدىن چۆچۈگەندەك قىياپەتتە قارىدى. — مېنىمۇ تونۇمامسىز؟ يۈرۈڭ، بىزنىڭ ئۆيدە يېتىپ قېلىڭ.

— رەھمەت، ئۆيىڭىزدە يېتىۋالىدىغان ۋاقىتلىرىممۇ كېلىپ قالار.

ئۇ بىرەر مىنۇتچە جىم تۇرغاندىن كېيىن پىچىرلىدى:

— ئەمىسە مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇڭ.

بىز ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ ئاستاغىنە يولغا چۈشتۇق.

5

ئەتىسى سائەت توققۇزدا زۇلقارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ كۇنۇپكىنى باستىم. ئىشىكنى زۇلقار ئۆزى ئاچتى.

— دەل ۋاقتىدا كەلدىڭىز. مەن سىزنى ساقلاپ تۇرغانىدىم، — دېدى زۇلقار. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ ھەيران بولدۇم. ئۇ بىر كېچىدىلا ئورۇقلاپ

www.uyghurkitap.com

كەتكەنىدى. چىرايىدىن ئەندىشە ۋە مىسكىنلىك ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى، ــ ئۆيگە كىرىڭ.

مەن ئۇنى مېھمانخانىدا كۈتۈپ تۇردۇم. ئۇ يانىدىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، پومپىيىپ تۇرغان بىر سومكىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

ــ چاي ئىچتىڭىزمۇ؟

ــ ھەئە.

ــ قۇمباغ يېزىسىغا بارىدىغان ئىش چىقىپ قالدى. مەن بىلەن بىللە بېرىشنى خالامسىز؟ ــ دېدى ئۇ جىددىي رەۋىشتە، ــ گۈلھاياتنى يوقلاپ كەلسەكمىكىن، دەيمەن.

ــ ماقۇل، يۈرۈڭ ئەمىسە.

توۋا دەيمەن، زۇلقار بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا غەزەپ ـ نەپرىتىم قايناپ تاشقانىدى. ئۇنى ياقىسىدىن بوغۇپ راسا ئەدەبلىگۈم، دەسسەپ چەيلىگۈم، چايناپ پۇركۈۋەتكۈم كەلگەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىمدا ئۇنىڭ ياقىسىدىن بوغالمىدىم، چايناپمۇ پۇركۈۋېتەلمىدىم، ئەكسىچە، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم. ھازىر بولسا خۇددى ئىتائەتمەن بالىدەك ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قۇمباغ يېزىسىغا كېتىۋاتىمەن. بۇ، بۇنىڭدىن قورققانلىقىم، ياقىسىدىن بوغۇشقا توغرا كەلسە كۈچۈم يەتمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىم ئەمەس. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. بوي ـ بەستىممۇ زۇلقاردىن قاۋۇلراق ئىدى. ئىقرار قىلىمەنكى، ئالدىنقى كۈندىكى يۈز كۆرۈشۈش ۋاقتىدىلا ئۇنىڭغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىمنىڭ ئاستا ـ ئاستا پەسىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئانچە ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. ئىشقىلىپ تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈش بىلەنلا ئۇ ماڭا سىلىق ـ سىپايە مىجەزلىك، مۇلايىم بىر يىگىتتەك كۆرۈنگەنىدى. مانا ھازىرمۇ ئۇنىڭ مەۋجۇدىيە بىلەن گۈلھاياتنى ئەخمەق قىلغانلىقىغا، ئۇلارنى ئالدىغانلىقىغا، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى راست، بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىقرار قىلغان.

بىز قۇمباغ يېزىسىغا بارىدىغان ماشىنا ئىزدەپ، بىرەر سائەتچە ئۇيان ـ بۇيان قاتراپ يۈردۇق. ئاخىرى رۇدا زاۋۇتىغا بارىدىغان بىر يۈك ماشىنىسى تاپتۇق. بۇ ماشىنا قۇمباغ يېزىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتىدىكەن. بىز كوزۇپىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردۇق. بىراق قۇمباغ يېزىسىغا يېتىپ كېلەي دەپ قالغاندا ماشىنا بۇزۇلۇپ قالدى. ئۇنىڭ نېرىسىغا بىز پىيادە ماڭماقچى بولدۇق.

زۇلقار ئېغىر سومكىنى مۈرىسىگە ئېسىپ ئۈن ـ تىنسىز ھالدا كېتىپ باراتتى.

ــ مەن سىزدىن بىر ئىشنى سورىماقچىدىم، ــ دېدىم مەن ئىلاجى بار سىلىق سۆزلەشكە تىرىشىپ، ــ سىز گۈلھايات بىلەن مەۋجۇدىيەنى نېمىشقا تاشلىۋەتتىڭىز؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى بەكمۇ بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ. بۇ سىزنى قىستىغانلىقىم ئەمەس. ئەگەر خالىمىسىڭىز جاۋاب بەرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئۇ خۇددى مېنىڭ كېيىمنى ئاڭلىمىغاندەك بىر ەر مىنۇتقىچە ئۈن - تىنىسىز
ماڭدى. كېيىن ئۆز ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى.

— سۇبات، مېنى ئۆزىنى ئاقلاۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭ. تونۇگۈن سىلەر كەت-
كەندىن كېيىن مەن دەل مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە ئويلىدىم. پۈتۈن بىر كېچە كىرپىك
قاقماي تاڭ ئاتقۇزدۇم. لېكىن ئۇلارنى ئېسىمقا تاشلىۋەتكەنلىكىمنىڭ سەۋەبىنى
تاپالمىدىم. بۇ ئىشلارنى سىزگە، تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بېرەي، شۇنىڭدىن كېيىن قان-
داق خۇلاسە چىقارسىڭىز مەيلى. مەن ئاخىرقى ئوقۇش يىلىغا قەدەم قويغان ۋاقتىمدا
گۈلھايات ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مەكتەپتىن كېتىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۆزۈم-
نىڭ بىر نەرسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. سىز كىچىك باللارنىڭ
قورچاق ئوينىغىنىنى كۆرگەنمۇ، باللا قورچاقنى ئويناپ بولغاندىن كېيىن ئۆزى
خالىغان يەرگە تاشلاپ قويىدۇ. كېيىن ئۇنى ئىزدەپ تاپالمىسا يىغلاپ تۇرۇپ
ئاتا - ئانىسىغا باشقا قورچاق ئالغۇزىدۇ. مېنىڭ ئايرىلىپ قالغان نەرسەم دەل
ئاشۇنداق قورچاققا ئوخشايتتى. گۈلھاياتتىن ئايرىلغىنىم ئۈچۈن ئازابلانمىدىم، لېكىن
يالغۇزلۇقتىن زېرىكىشكە باشلىدىم. يالغۇزلۇق مېنى بىزار قىلىپ ئىچىمنى پۇشۇراتتى، لېكىن
گۈلھاياتنىڭ يېنىمدا بولمىغانلىقىغا ئۆكۈنمەيتتىم ... مەن پەقەت مەكتەپ ئىچىدە
بىر - بىرىنى قۇلتۇقلاپ كېتىۋاتقان قىز - ئوغۇللارنى كۆرگىنىمدە، كىرلەشكەن كىي-
يىملىرىمنى ھەر قېتىم كارىۋات ئاستىدىكى يەشىشىككە ئەلەم بىلەن تاشلىغان ۋاقىت-
لىرىمدىلا خۇددى يامغۇردا قالغان كىشى ئۆيىدىكى كۈنلۈكىنى ئەسلىگىنىگە ئوخشاش
گۈلھاياتنى ئېسىمگە ئالاتتىم. مۇبادا يېنىمدا ماڭا ھەمراھ بولىدىغان يەنە بىر قىز
بولغىنىدا گۈلھاياتنى ئېسىمگە ئېلىپ قويمىغانمۇ بولاتتىم. مەن شۇ كۈنلەردە ھا-
راق ئىچىشكە ئادەتلىنىپ قالدىم. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن مەكتەپ سىرتىدىكى
ماگىزىنلارغا بېرىپ پارچە ھاراق ئېلىپ ئىچەتتىم ۋە سىرتلاردا ئايلىنىپ يۈرەتتىم.
كىنو - تىياتىرلارغا باراتتىم. پەقەت ساۋاقداشلىرىم ئۇخلاپ قالغاندىلا ئاندىن قاي-
تىپ كېلەتتىم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاسادىپىي مەۋجۇدىيەنى ئۇچرىتىپ
قالدىم. شۇ كۈنى مەن «ماي كىنوخانىسى» دا كىنو كۆردۇم. كىنو تۈگىگەندىن كې-
يىن بىر بوتكىغا كىرىپ يەنە بىر نەچچە رومكا پارچە ھاراق ئېلىپ ئىچتىم. ئان-
دىن كوچىلاردا يەنە بىر ھازا لەلەڭشىپ يۈرگەندىن كېيىنلا مەكتەپكە قاراپ ماڭ-
دىم. ئەتراپ قاراڭغۇ ئىدى. مەن مەكتەپكە بارىدىغان كوچىغا قايرىلدىم. شۇ چاغ-
دا مەن ئاۋۋال بىر قىزنىڭ چىرقىرىغان، ئارقىدىنلا «لۈكچەك! مېنى قويۇۋەت ... »
دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. سىنچىلاپ قارىسام بىر ئادەم بىر قىزنى يولنىڭ ياقى-
سىدىكى ئۆيگە سۆرىگىلى تۇرۇپتۇ. خېلى كۆپ ئاۋارىچىلىقتىن كېيىن مەن قىزنى
قۇتقازدىم. مەن قۇتقۇزغان قىز دەل مەۋجۇدىيە ئىكەن. ئۇ كېسەل سەۋەبى بىلەن
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن بىزنىڭ مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەلگەنىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن
بىز كۈن ئارىلاپ ئۇچرىشىپ تۇردۇق. كىنو، تىياتىر، تانسىلارغا باردۇق. نۇر-
غۇن - نۇرغۇن پاراڭلارنى قىلىشتۇق. كەيپىياتىمدا ئۆزگىرىش بولدى، كۈن بويى

خۇشال يۇرىدىغـان بولدۇم. چۈنكى مەن يالغـۇزلۇق ۋە زېرىكىشـتىن قـۇتۇلغانىدىم. ئەلۋەتتە مېنىڭ خۇشاللىقىم يەنىلا كىچىك بالىنىڭ يوقىتىپ قويغان قورچىقىنى تېپىۋالغاندىن كېيىنكى خۇشاللىقىغا ئوخشايتتى. كېيىنكى ئىشلار ئۆزلۈكىدىنلا يۈرۈشۈپ كـەتتى. بەزى ئىشلارنى دېمىسەممۇ بولار. ئوقۇش پۈتتۈرگەنـدىن كېيىن مەۋجۇدىيە ئۆز يېزىسىغا كەتتى. لېكىن بۇ ئايرىلىش مېنى ھېچقانچە ئازابلىمىدى. سىز بەلكىم مېنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالانغانلىقىمنى لەيلىـدىن ئاڭلىغانـسىز، شۇ كۈنلەردە مەن مەۋجۇدىيەنى لەيلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردۇم. مەۋجۇدىيەغۇ مەكتەپ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان گۈزەل قىز ئىدى. لېكىن لەيلى ماڭا مەۋجۇدىيەدىنمۇ چىرايلىق كۆرۈندى. مەن ئەمدى لەيلىگە قىزىـقىپ قالدىم. ئەمدى زېرىكمەسمەن، ئـۇنىڭ بىلەن كـۆكـۆل ئېچىپ يۈرۈۋېرەرمەن، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. تونۇغۇن سىلەر كەتكەندىن كېيىن پۈتۈن كېچە ئۇخلىمىدىم. پۈتۈن زېھنىـمنى يىغىـپ ئويلاندىم. ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئىشلارنى بىرمۇ ـ بىر ئەسلەپ چىقـتىم. يۈرىكىمـنىڭ قات ـ قېتـىنى چۇۋۇپ بىرلا نەرسـىنى ــ مۇھەببەتنى ئىزدىدىم، ئەمما تاپالـمىدىم. يۈرىكىـمدىكى گەپنى قىلسام، مەن تاكى ھازىرغـىچە بىرمۇ قىزنى ياخـشى كۆرۈپ باقماپتىمەن. مەن پەقەت گۈلھاياتقا قىزىقىپلا قاپتىمەن. مەۋجۇدىيەگە مەپتۇن بولۇپ، ئۇنى ياقتۇرۇپلا قاپتىمەن. لەيلىگىمۇ قىزىقىپتىمەن. ئۇلارنىڭ ھېچقايىسىسىنى ياخشى كۆرۈپ باقماپتىمەن. مەن خۇددى تاسادىپىي ئامەتكە يولۇقۇپ قالغاندەك، ناھايىتى ئاسانـلا ئۇلارنىڭ ۋىسالىـغا ئېرىشـىپ قالغان. شۇنـىڭ بىلەن مېنـىڭ قەلبىمـدىكى ھېس ـ تۇيـغۇلار مۇھەبـبەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلمەي، قىزىقىش، ياقتۇرۇپ قېلىش باسقۇچىدىلا توختاپ قالدى. ئەسلىدە مەن ئۇلارغا شۇنچىـكى قىزىقىۋاتقان چاغدىلا ئۇلار مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، ماڭا پۈتـۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىـلىپ كەتـكەندى. ئۇلار مېنىڭ قەلبىمدە مۇھەببەت ئويغىتالـمىدى، مەندە ئۇنتۇلماس تەسىراتلار قالدۇرالمىدى. شۇڭا مەۋجۇدىيەنى ئۇچراتقان ۋاقتىدا گۈلھاياتنى ئۇنتۇپ كەتتىم، لەيلىنى ئۇچراتقاندا مەۋجۇدىيەنى ئۇنتۇپ كەتتىم. لېكىن سىز مېنى ئالدامچىكەن دەپ ئويلاپ قالماڭ، ئۇلارنى ئالداپ قويۇش مېنىڭ خىيالىمغىمۇ كىرىپ چىققىنى يوق. قىزلار مـاڭـا بىرىدىن بىرى چىرايـلىق كۆرۈنۈۋەردى. شۇنـىڭ بىلەن مۇشۇنـداق ئېچىنىشلىق ئىشلار يۈز بەردى. مەن سىزگە كۆڭلۈمـدىكى گەپلەرنى ئېيتىپ بەردىم، ئەمدى سىز قانداق ئويلىسىڭىز مەيلى.

زۇلقار قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، يىراقلارغا تىكىلگىنىچە چوڭ ـ چـوڭ قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئېچىنىشلىق تۇسكـە كىرىپ قالـغان بـولۇپ، ئۆز قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقى، روھىي ئازاب چېكىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتـتى.

ــ سىز گۈلھاياتنى ياخشى كۆرمەيدىغان تۇرۇقلۇق يەنە نېمە ئۈچـۈن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش خىيالىغا كېلىپ قالدىڭىز؟ ــ دېدىم مەن ئۇنىڭ بىلەن يانمۇيان كېتىۋېتىپ.

ــ ئاھ خۇدا! ــ دەپ ئېچىنىشلىق ھالدا ۋارقىرىۋەتتى زۇلقار، ــ بايا سىزگە

بىر كېچە ئۇخلىمىدىم، دېدىمغۇ، سىز مېنىڭ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز. بۇ ئازاب ھەرگىزمۇ ئۈزۈمنىڭ قانۇن ئالدىدا جاۋابكار بولۇپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىگەنلىكىمنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. مۇبادا مەن 20 يىل تۈرمىدە ياتقان بولساممۇ تۇنۇگۈن كېچىدىكىدەك قىينالمىغان بولاتتىم. گويا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك، يۈرىكىم ئاشۇ ئوت ئىچىدە كاۋاپ بولۇپ كېتىۋاتقاندەك قاتتىق ئازابلاندىم. يۈرىكىمنى بۇنچىلىك ئېچىشتۇرۇپ ئاغرىتقان نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى ئاستا ـ ئاستا ھېس قىلىشقا باشلىدىم، ئۇنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ياش تۆكتۈم. ئۇ نەرسە مېنىڭ ۋىجدانىم ئىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن جازاسىنى ئۈن ـ تىنسىز قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. چۈنكى مەنمۇ بىر ئادەم ـ دە، ئادەم سۈپىتىدە تەپەككۇر قىلىمەن، سۆزلەيمەن، ئاڭلايمەن. يۈرىكىم تىنماستىن سوقۇپ، ماڭا ئادەم ئىكەنلىكىمنى ھەر دەقىقىدە ھېس قىلدۇرۇپ تۇرىدۇ. شۇنداق، پۈتۈن بىر كېچە ۋىجدانىمنىڭ سوراق سەھنىسىدە سوتقا تارتىلدىم. ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھلىرىمغا ئىقرار قىلدىم. ئازاب ئىچىدە تاڭنى ئاتقۇزدۇم. مەۋجۇدىيە ئۆلۈۋالدى. ئۇنى تىرىلدۈرگىلى بولمايدۇ، ئەمما تىرىكلەرنى قۇتقۇزۇپ قېلىش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن گۈلھاياتنى ياخشى كۆرمىسەممۇ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلدىم، ئىشىنىڭكى سۇبات، مەن چوقۇم ئۇنىڭ بىلەن بەختلىك بولىمەن.

زۇلقار سۆزىدىن توختاپ يەنە خىيالغا بېرىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ تاكى قۇمباغ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگىچە زۇۋان سۈرمەي ماڭدى.

6

ئىشىكنى 50 ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان سېمىز، ئاق پېشماق ئايال ئاچتى.

— بىز گۈلھاياتنى ئىزدەپ كەلگەنىدۇق، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ئېگىلىپ سالام قىلغاندىن كېيىن، — بىز ئۇنىڭ دوستلىرى بولىمىز.

— ئۆيگە كىرىڭلار، بالىلىرىم، — دېدى ئۇ بوسۇغىنىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇرۇپ.

زۇلقار بىلەن ئىككىمىز ئۆيگە كىردۇق، ئۆي ئاددىيلا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئازادە ۋە پاكىز ئىدى.

— ئەدەبسىزلىك بولسىمۇ سوراپ باقاي، ئۆزلىرى سەلىمە خانىم بولاملا؟ — دەپ سورىدىم مەن سۈپىنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن.

— ھەئە، مېنىڭ ئىسمىم سەلىمە، — دېدى ئۇ، — يۇقىرىغا ئۆتۈپ ئولتۇرۇڭلار، بالىلىرىم، قېنى گىلەم ئۈستىگە چىقىڭلار.

— بىز گۈلھايات بىلەن كۆرۈشسەك بولاتتى، — دەپ سۆز قىستۇردى زۇلقار.

سەلىمە خانىم بىزگە چاي قۇيماقچى بولۇپ چەينەك، پىيالىلەر بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. ئۇ بىردىنلا چەينەكنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ، زۇلقارنىڭ چىرايىغا

www.uyghurkitap.com

مىختەك قادىلىپ قارىدى.



— مەن سىزنىڭ سۈرىتىڭىزنى كۆرگەن، سىزنىڭ ئىسمىڭىز زۇلقار ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

— ھەئە، مېنىڭ ئىسمىم زۇلقار.

— ھۇ، لۈكچەك! سەن قايسى يۈزۈڭ بىلەن گۈلھاياتنى ئىزدەپ كەلدىڭ؟ مەن ساڭا ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى ئېيتىپ بېرەمەدىم؟ — سەلىمە خانىم بىردىنلا غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. قوللىرى بىلىنەرلىك تىترەۋاتاتتى، — ماقۇل، ساڭا ئېيتىپ بېرەي گۈلھايات قەبرىستانلىقتا، قەبرە ئىچىدە، ئۇ تونۇگۈن ئۆلدى. سەن لۈكچەكنىڭ ۋاپاسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى، ئۇ تۇپراق ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. ماڭ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بول. ھوي قارا يۈز! بۇنداق ياشقىچە ئۆلۈۋالساڭ بولمامدۇ؟ ساڭا بىر تال ئارغامچا بېرەي، ئېسىلىپ ئۆل! سەن ئادەم ئەمەسكەنسەن زۇلقار! گۈلھايات ساڭا شۇنچە ئەقىدە باغلىغان، بارلىق دەرد- ئەلەملەرنى ئۆزى يالغۇزلا تارتقان ئەمەسمىدى!؟

— ئۇنىڭ بالىسىچۇ؟ — ئالدىراپلا سورىدى زۇلقار.

— ئۇنى ئاغزىڭغا ئالما، مۇناپىق! — سەلىمە خانىم خۇددى يارىلانغان شىردەك ھۆركىرىدى، — ئۇنىڭدا ھەققىڭ يوق. ئاھ پەرۋەردىگاھ، سەن نېمىشقا مۇشۇنداق ئالدامچى، مۇناپىقلارنىڭ جېنىنى ئالماي، ياخشىلارنى بۇرۇن ئېلىپ كېتىدىغانسەن.

سەلىمە خانىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جالاقلاپ تىترەپ كەتتىم، قەلبىمنى ئاچچىق پۇشايمان، چىدىغۇسىز ئەلەم كۆيدۈرۈپ ئۆتتى، مېڭەم زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. بەدىنىم بىر تەرەپكە قىيسايغاندەك بولدى. كېيىن ھېچ نەرسىنى سەزمىدىم.

بىر چاغدا كىمدۇر بىرىنىڭ قاتتىق سىلكىشىدىن ئېسىمگە كېلىپ كۆزۈمنى ئاچتىم. ئالدىمدا سەلىمە خانىم تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— سىز سۇبات بولامسىز؟ — سورىدى ئۇ مۆرەمدىن سىلكىپ تۇرۇپ، — سىزنىڭ ئىسمىڭىز سۇباتمۇ؟

مەن سەلىمە خانىمنىڭ كۆزلىرىگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدىم. ئۇنىڭ ياشقا غۇراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئانىلارغا خاس چوڭقۇر مېھرىي - مۇھەببەت ۋە ئاق كۆڭۈللۈك چىقىپ تۇراتتى.

— ھەئە، ئىسمىم سۇبات، — دېدىم مەن ھەيران بولغان ھالدا.

— لەيلى دېگەن قىز سىز بىلەن بىللە كەلمىدىمۇ؟

— ياق. ئۇ كەلمىدى. ئۇ تېخى بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز، — دېدىم ۋە ئۆيگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. زۇلقار كۆرۈنمەيتتى.

— سەلىمە خانىم، زۇلقار قېنى؟

— بىلمەيمەن. ئۇنىڭ قاچان چىقىپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلماپتىمەن.

مەن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ سىرتقا قاراپ ئوقتەك ئېتىلدىم.

— سۇبات! نەگە بارىسىز؟ ھەي سۇبات...

ئارقامدىن سەلىمە خانىمنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەمما مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتىم. زۇلقار، زۇلقار، دەپ ۋارقىرىغىنىمچە يۈگۈردۈم. ئەتراپنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى باسقان بولۇپ، بوشلۇقتا نە ئاي، نە يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. مېنىڭ ئاۋازىم كېچە قوينىغا سىڭىپ كەتتى. زۇلقار مېنىڭ چاقىرىقلىرىمغا جاۋاب بەرمىدى. پۈتۈن كەنتنى ئايلىنىپ چىقتىم. لېكىن زۇلقارنى تاپالمىدىم.

بىر چاغدا سەلىمە خانىم ئارقامدىن يېتىشىپ كېلىپ، بېلىكىمنى كاپپىدە تۇتۇۋالدى.

— ئۆيگە كىرىپ ئۇخلاڭ سۇبات، بەك چارچاپ كېتىپسىز. ئۇنى ئەتە ئىزدىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— بىراق، زۇلقار ئۆزىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈۋالارمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

— ئەنسىرىمەڭ، — دېدى سەلىمە خانىم پەرۋاسىزلىق بىلەن، — ئۇ ئۆزىنى ھېچ نەرسە قىلىۋالمايدۇ.

مەن سەلىمە خانىمغا ئىتائەت قىلىپ ئۆيگە كىردىم، دېمىسىمۇ بۇ قاراڭغۇ كېچىدە زۇلقارنى تاپالىشىمغا ئىشەنچ قىلالماي قالغانىدىم. ئەمما قەلبىمنى ئەنسىزچىلىك قاپلىۋالغانىدى.

— ياتساممۇ بەرىبىر ئۇخلىيالمىغىدەكمەن، — دېدىم سەلىمە خانىمغا، — ماڭا كۆلمايا تىنىڭ قانداق ئۆلۈۋالغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسىلىچۇ!

بۇ ماڭا بىر ھازا تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن ئېغىر خورسىندى.

— ئېيتىپ بەرگۈدەك ھېچقانچە ئىشمۇ يوق، ئوغلۇم. ئىشقىلىپ، بىز بىر - بىرىمىزگە يار - يۆلەك بولۇپ، ئانا - بالىدەك ياشىغان. ئۇ ئاۋاتباغ ئوتتۇرا مەكتەپتىن

www.uyghurkitap.com

تەجرىبە سايمانلىرى ئېلىپ كېلىمەن دەپ كەتكەنىدى. لېكىن ھېچنېمە ئالماي قۇرۇق قول قايتىپ كەپتۇ. چىرايى سەل تاتىرىپ قالغانىكەن. ماڭا، سەل چارچاپ قالدىم، ئارام ئېلىۋالاي، دېگەنىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە كىرسەم تورۇسقا ئېسىلغان ھالەتتە تۇرۇپتۇ. بالىسىنىڭ ياستۇقىنىڭ تېگىدىن ئىككى پارچە خەت چىقتى. بىرىنى ماڭا، بىرىنى لەيلى بىلەن سىزگە يېزىپ قالدۇرۇپتۇ. ماڭا يازغان خېتىدە بالامنى سۇبات بىلەن لەيلىگە بېرىۋېتىڭ، دەپ تاپىلاپتۇ. مانا، ماۋۇ سىزنىڭ خېتىڭىز.

مەن گۈلھاياتنىڭ خېتىنى ئېچىپ ئوقۇدۇم. ئۇ مۇنداق دەپ يازغانىدى:

سۆيۈملۈك دوستلىرىم، مەن ھىيلە ـ مىكىرمۇ، ئالدامچىلىق، پەسكەشلىكلەرمۇ، ئازاب ـ ئوقۇبەتمۇ بولمىغان نېرىقى دۇنياغا كېتىۋاتىمەن. قىزىم جۇلالىنى سىلەرگە قالدۇردۇم. ئۇنى بېقىپ قاتارغا قوشۇڭلار. ئۇنى ياخشى تەربىيىلەپ، شاد ـ خۇراملىقتا ئېرىشتۈرۈڭلار. ئۇنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈشتىن باش تارتماڭلار. مەن سىلەرگە كۆپ نەرسە قالدۇرالمىدىم. ئىشكاپتا ئىككى مىڭ يۈەن پۇلنىڭ چېكى بار. ئۇنى مەن زۇلقار بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن يىغقان. شۇ پۇلنى جۇلالە ئۈچۈن ئىشلىتىڭلار.

خەير. بەختسىز دوستۇڭلار گۈلھايات.

گۈلھاياتنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، زۇلقارغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىم قايتىدىن يالقۇنجاپ كەتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى زۇلقارنى ئىزدەپ تېپىش، ئۇنى قانۇن ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن ئىبارەت بىرلا ئوي چۇلغىۋالدى. لەيلىنىڭ ئېيتقىنىدەك زۇلقارنى ئەمدى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشكە، بۇ پاجىئەلىك ئىشلارنى جىمجىتلا ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولمايتتى.

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن مەن قايتىپ كەتمەكچى بولدۇم.

— سەلىمە خانىم، رۇخسەت قىلسىلا، جۇلالىنى ناھىيىگە ئېلىپ كەتسەم.

— ئاھ سۇبات، مەن سىزنىڭ مۇشۇنداق دېيىشىڭىزدىن ئەنسىرەپ تۇرغانىدىم، — دېدى سەلىمە خانىم قايغۇرغان ھالدا، — ئۇنى گۈلھايات ماڭا ئەمەس، سىلەرگە قالدۇرۇپتۇ. ئېلىپ كېتىمەن دېسىڭىز ئىختىيارىڭىز، لېكىن بۈگۈن ئېلىپ كەتمەڭ. ھازىر ئۇنى ئېلىپ كەتسىڭىز نەۋقىرانغا ئۇۋال بولىدۇ. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدىغان ئادەم قالمايدۇ. شۇڭا بىر مەزگىل مۇشۇ يەردە تۇرسۇن. سىزمۇ ناھىيىگە بېرىپ ئىشلىرىڭىزنى تۈگىتىپ كېلىڭ. ئۇنىڭغىچە نەۋقىرانىمۇ ئازابلىرىنى ئۇنتۇپ كېتەر. شۇ چاغدا جۇلالىنىمۇ ئېلىپ كېتىڭ. ئۆتۈنۈپ قالاي. ئۇنى ھازىرچە مېنىڭ يېنىمدا قالدۇرۇپ قويۇڭ.

مەن سەلىمە خانىمنىڭ بۇ سەمىمىي ئۆتۈنۈشلىرىگە ماقۇل بولدۇم. ئۇ مېنى ماشىنا بىلەن ناھىيىگە ئۇزىتىپ قويدى. ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇدۇل لەيلىنىڭ ئۆيىگە باردىم.

— نەگە باردىڭىز سۇبات؟ — دەپ سورىدى ئۇ تەشۋىشلەنگەن ھالدا، — سىزدىن

بەكلا ئەنسىرەپ كەتتىم.

— قۇمباغ يېزىسىغا باردىم.

— زۇلقار بىلەنمۇ؟

— ھەئە.

— گۇلھاياتنى تاپالىدىڭلارمۇ؟

مەن ئۇندىمەستىن گۇلھاياتنىڭ خېتىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم. خەتنىڭ بىرىنچى جۇملىسىنى ئوقۇپلا ئۇنىڭ چىرايى سارغىيىپ كەتتى. كۆزلىرىدە ياش ئەگىشكە باشلىدى. لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.

— يۈرۈڭ سۇبات، — دېدى ئۇ خەتنى ئوقۇپ بولۇپلا قولۇمدىن تارتىپ، — ھازىرلا زۇلقارنىڭ ئۆيىگە بارايلى. ئۇ سىز بىلەن بىللە قايتىپ كەلگەنمىدى؟

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ، لەيلى، مۇشۇ كېچىدە بارامدۇق؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە زۇلقار قۇمباغدىلا غايىب بولۇپ كەتكەن.

— ھازىرلا بارايلى، ئەمدى مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. ئۇنىڭغا ئەتە سوت مەھكىمىسىدە كۆرۈشىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ قويۇپلا قايتىپ كېلىمىز.

بىز زۇلقارنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلدۇق. ئىشىكنى ئۇنىڭ ئانىسى ئاچتى.

— زۇلقار ئۆيدە بارمۇ؟ — دەپ سورىدى لەيلى ئېگىلىپ سالام قىلغاندىن كېيىن.

— ۋاي خۇدايىم، بۇنى سىلەرمۇ بىلمەمسىلەر! بىز تېخى سىلەرنى بىلىدۇ دەپ... سىلەردىن سوراپ باقماقچى بولۇپ... — ئۇ بىردىنلا ھۆكۈرەپ يىغلىۋەتتى، - ساۋۇت، بۇ يەرگە چىققىنا!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ لەيلى بىلەن ئىككىمىز نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ قالدۇق. شۇ ئارىدا زۇلقارنىڭ دادىسى ھاسىرىغىنىچە يېنىمىزغا يېتىپ كەلدى. ئۇ سارغۇچ چاچلىق، ھەددىدىن تاشقىرى سېمىز، قورسىقى يوغان، سالاپەتلىك ئادەم ئىدى.

—ئۆزۈڭنى بېسىۋال نۇرسىمان، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، ئۇ قايتىپ كېلىشى مۇمكىن، — دېدى ساۋۇت ئاكا ئايالىنى بەزلەپ، — قېنى بالىلىرىم، ئۆيگە كىرىڭلار.

بىز گەپ - سۆز قىلماستىن مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇردۇق. ساۋۇت ئاكا ئالدىمىزغا پېچىنە - پىرەنىكلەرنى تىزدى، چاي قۇيدى.

— زۇلقار بۈگۈن ئەتىگەن قايتىپ كەلگەن، — دېدى ساۋۇت ئاكا ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا، — ماڭا بەكمۇ ھارغىن كۆرۈنگەنىدى. چۈشتە ئىشتىن يېنىپ ئۆيگە كەلسەم ئۇ كۆرۈنمىدى. بىر پارچە خەت يېزىپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ساۋۇت ئاكا يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى. ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى: «سۆيۈملۈك دادا، ئانا، مەن كەتتىم. قىلمىشلىرىمنىڭ جازاسىنى تارتىشىم كېرەك. مېنى ئىزدىمەڭلار، ئۇنتۇپ كېتىڭلار.»

لەيلى بىلەن ئىككىمىز خەتنى ئوقۇپ بولۇپ بىر - بىرىمىزگە ۋەھىمە ۋە

www.uyghurkitap.com

ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە قارىشىپ قالدۇق.

— چۈشتىن كېيىن ئۇنى كۆپ ئىزدىدىم، — دېدى ساۋۇت ئاكا، — بىز تېخى سىزنى ئۇنىڭ بارىدىغان يېرىنى بىلسە كېرەك دەپ ئويلاپتىكەنمىز. ئەمدى ئاخىرقى ئۈمىدىمىزمۇ يوققا چىقتى. ئاھ، ئۇ بىزنىڭ بىر تاللا بالىمىز ئىدى، ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز. ئوغلۇم، سىزنىڭچە ئۇ قايتىپ كېلەرمۇ؟ — ئۇ ماڭا ئىلتىجا بىلەن تىكىلدى. گەرچە ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ چىرايىدىن ئوغلىغا بولغان چوڭقۇر ئاتىلىق مېھرى - مۇھەببىتى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— بەلكىم... بەلكىم قايتىپ كېلەر، — مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي مۇجمەللا جاۋاب بەردىم.

بىز خوشلىشىپ قايتىپ كەتتۇق.

## خاتىمە

كۈز كۈنلىرىنىڭ چۈش مەزگىلى ئىدى. مەن ئىشتىن قايتىپ كېلىپلا ئۈزۈمنى كرېسلوغا تاشلاپ سوزۇلۇپ ياتتىم. لەيلى ھەر دائىم «ئىشتىن كېلىپلا بىردەم سوزۇلۇپ يېتىۋالسىڭىز ھاردۇقىڭىز چىقىپ قالىدۇ» دەيتتى. مەنمۇ شۇنداق قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدىم. لېكىن بۈگۈن ماڭا ھاردۇق چىقىرىش نېسىپ بولمىغانىكەن. بىرەر مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەيلا ئىشىك جالاقلاپ ئېچىلىپ، بوسۇغىدا قىزىم جۇلالە پەيدا بولدى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۆزىنى قۇچىقىمغا ئاتتى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، ھاسىراپ تۇراتتى.

— نېمە بولدى قىزىم؟ — دېدىم مەن ئۇنى باغرىمغا بېسىپ تۇرۇپ، — بىرەر ئىش بولدىمۇ؟

— قورقۇۋاتىمەن دادا.

— نېمىشقا؟

— ئارقامدىن بىر ئادەم قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ بەكلا قورقۇنچلۇق ئادەمكەن.

— نېمە؟ — دېدىم مەن چۆچۈپ كېتىپ، — ئۇ قانداقراق ئادەمكەن، سەن تونۇمامسەن؟

— ياق، تونۇمايمەن، — ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەقىقەتەن بىر خىل قورقۇنچ، ۋەھىمە ئىپادىسى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ماڭا يېپىشىپ تۇرۇپ دېدى، — مەن ئۇ ئادەمنى زادى كۆرۈپ باقمىغان. ئۇ ئادەم بەكمۇ سەت، يۈزلىرىدە جىقلا قاپقارا تۈكى بار. بىزنىڭ سىنىپىتىكى دىلرابانىڭ بوۋىسىغا ئوخشايدۇ.

— قورقما قىزىم، — مەن ئۇنى يېنىمدا ئولتۇرغۇزۇپ پېشانىسىگە ئاتىلىق مېھرىم بىلەن سۆيدۈم، — ئۇ ئادەم سېنى نېمىشقا قوغلىدى؟

جۇلالىنىڭ چىرايىدىكى ئەنسىزچىلىك بىر ئاز پەسەيگەن بولسىمۇ، يەنىلا تېز - تېز نەپەس ئالاتتى.

— سىزنىڭ ئىدارىڭىزنىڭ كۇلۇبىدا مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىلىپتىكەن، مۇئەللىم بىزنىمۇ ئېلىپ بارغانىدى.

— نېمىشقا؟

— مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارغا گۈل تەقدىم قىلىشقا.

— سەنمۇ تەقدىم قىلدىڭمۇ؟

— ھەئە. لېكىن مەن ھېلىقى سەت ئادەمگە گۈل تەقدىم قىپتىمەن.

— كىمگە؟

— ھېلىقى مېنىڭ ئارقامدىن قوغلاپ كەلگەن ئادەمگىچۇ؟

— ھە، سۆزلە قىزىم.

— بىز سەھنىگە چىقىپ ھەر بىرىمىز بىردىن ئوقۇتقۇچىغا گۈل تەقدىم قىلغانىدۇق. مېنىڭ ئۇدۇلۇمغا ھېلىقى ئادەم كېلىپ قاپتۇ. مەن ئۇنىڭغا قاراپ قورقۇپ كەتتىم. شۇنداق بولسىمۇ گۈلنى ئۇنىڭغا ئىككى قوللاپ سۇندۇم. ئۇ چىرايىمغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن قولۇمدىن تۇتۇۋېلىپ: «ئىسمىڭىز نېمە؟» دەپ سورىدى. «ئىسمىم جۇلالە. قولۇم ئاغرىپ كەتتى، قويۇۋېتىڭ» دېدىم. «دادىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟ ئانىڭىزنىڭچۇ؟ ئېيتىپ بەرسىڭىزلا قويۇۋېتىمەن» دېدى. «دادامنىڭ ئىسمى سۇبات، ئانامنىڭ ئىسمى لەيلى، بىلدىڭىزمۇ؟ ئەمدى قولۇمنى قويۇۋېتىڭ» دېدىم. ئۇ قولۇمنى قويۇۋەتتى. مەن سەھنىدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ ئارقامغا قارىسام ئۇ ئادەم يىغلاۋېتىپتۇ. مەن زالدىن چىقىپ كەتكەندە ئۇ ئادەممۇ ئارقامدىن بىللە چىقتى. ھازىرمۇ ئارقامدىن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ.

— سۇبات، بۇ كىمدۇ؟ — دېدى لەيلى ئاشخانىدىن بېشىنى چىقىرىپ، — بالا ئوغرىسى بولۇپ قالمىسۇن يەنە. ھازىر خەقلەرنىڭ كىچىك بالىلىرى يوقاپ كېتىۋاتىدۇ.

دەل شۇ چاغدا ئىشىك چېكىلدى.

— ئۇ كەلدى. — جۇلالە مېنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. — ئۇ... ئۇ كەلدى دادا، ئىشىكنى ئاچماڭ.

مەنمۇ سەل ئەندىشە قىلىپ قالدىم. يۈرىكىم ئىختىيارسىز دۈپۈلدەپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ جۇلالەنىڭ چاچلىرىنى سىلىدىم. ئىشىك يەنە چېكىلدى. ئەمدى ئىشىكنى ئاچماي بولمايتتى.

— قورقما قىزىم. مەن يېنىڭدا بولغاندىكىن سەن ھېچكىمدىن قورقما، — مەن جۇلالەنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئالدىمدا مەڭزى ئاپتاپتا كۆيگەن، يۈزلىرىنى قويۇق، قاپقارا ساقال باسقان، چېكە چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان، پېشانىسىنى ئۇزۇن-ئۇزۇن قورۇقلار باسقان، ئورۇقراق، ئوتتۇرا بوي، ئورا كۆز بىر كىشى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. بۇ جۇلالە بايىلا كېپىنى قىلغان ناتونۇش ئادەمنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئۇ ئاق كۆڭلەك، قارا سارجىدىن تىكىلگەن كاستيۇم، شىم كىيىۋالغانىدى.

www.uyghurkitap.com

— ياخشىمۇ سىز، سۇبات؟ تىنچ ئامان تۇرۇۋاتامسىز؟ — دەپ ماڭا قولىنى ئۇزاتتى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ مۇزدەك سوغۇق، بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەۋاتقان قولىنى تۇتۇپ كۆرۈشتۈم.

— ياخشىمۇ سىز، ئۆيگە كىرىڭ.

— رەھمەت.

ئۇ ئۆيگە كىرىپ، ھېچبىر تۈزۈت قىلماستىنلا كىرىسلوغا چۆكۈپ ئولتۇردى. جۇلالە ئۇنى كۆرۈپ ئانا، دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئاشخانىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى.

— لەيلى، بۇياققا چىقىڭ، — دەپ توۋلىدىم مەن، — مېھمانغا چاي قويۇڭ.

لەيلى ئاشخانىدىن چىقتى - دە، بۇ ناتونۇش ئادەمگە قاراپ، بىرقانچە دەقىقە تۇرۇپ قالدى. روشەنكى بۇ مېھماننى ئۇمۇ تونۇيالمايۋاتاتتى، لېكىن ئۇ چاندۇرماستىن ھېلىقى كىشىگە سالام قىلدى.

— ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز لەيلى؟ — مېھمان ئېتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ لەيلىگە چوڭقۇر ئېگىلىپ ھۆرمەت بىلدۈردى.

لەيلى مېھماننى تونۇمىغاچقا «ياخشى تۇردۇم، ئۆزىڭىزچۇ» دەپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قەنت - ناۋات، چىلان، قۇرۇق ئۈزۈم، باقالى... دېگەندەك نەرسىلەرنى تىزدى. ئاندىن ئىككىمىزگە چاي قۇيۇپ بېرىپ، ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

— سۇبات، قانچە بالىڭىز بار؟ — مېھمان ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلىدى - دە، يانچۇقىدىن قەغەز ئېلىپ، موخۇركا ئوراشقا باشلىدى، — جۇلالە قانچىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتىدۇ؟

— ئۈچ بالام بار، جۇلالە 5 - سىنىپتا ئوقۇۋاتىدۇ.

— ھە... جۇلالە بۇ يىل 11 ياشقا كىرىدۇ دەيمەن. ئۇ ھەقىقەتەن كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان ناھايىتى ئوماق، چىرايلىق بالا بوپتۇ.

مېھمان مەندىن ھەدەپ سوئال سوراپتتى. مەن ئۇنىڭ سوئاللىرىغا «ھەئە، شۇنداق، توغرا...» دېگەندەك قىسقا جاۋابلارنى بېرىپ، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشكە تىرىشىپ خىيال سۈرەتتىم.

— سۇبات، سىز ئوقۇش پۈتتۈرۈپلا بۇ ناھىيىگە قايتىپ كەلگەنمۇ؟ ئاتا - ئانىڭىز ھېلىمۇ ئاقسۇ شەھىرىدە تۇرۇۋاتامدۇ؟

— توۋا، بۇ مېھمان مېنىڭ بېشىمنى ئايلاندۇرۇۋەتتىغۇ! ئۇ مېنىمۇ، خوتۇنۇمنىمۇ تونۇيدىكەن. بالىلىرىمنىڭ ئىسمىنى، نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنىمۇ بىلىدىكەن. ھەتتا مېنىڭ تەرجىمىھالىمدىنمۇ خەۋىرى بار ئىكەن. بۇ زادى كىم بولغىيدى؟ ياكى مەندىن نەپ ئېلىشنى كۆزلەۋاتقان ئالدامچىمىكىن.

— ئائىلەڭلار ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئىكەن، — ئۇنىڭ سۆزى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى، — مەنمۇ مۇشۇنداق شاد - خۇراملىققا چۆمگەن يىللىق ئائىلىمنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن، ئەپسۇسكى، ماڭا مۇنداق بەخت نېسىپ بولمىدى، — ئۇ ئېھتىسىگىدۇر

قايغۇرغاندەك بېشىمنى چايقىدى.

كۆپ ئۆتمەي لەيلى تاماق ئېلىپ كىردى. مېھمان، مەن ۋە لەيلى ئۈچىمىز ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ تاماق يېدۇق. مېھمان تاماقنى يەپ بولۇپلا قايتىشقا تەمشىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— سۇبات، لەيلى، سىلەرنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇم، خەير. مەن قايتاي، بەلكىم ئىشقا بارىدىغان ۋاقتىڭلارمۇ توشۇپ قالغاندۇر. خۇدا بۇيرۇسا يەنە كۆرۈشەرمىز.

— ئالدىرىماڭ، ئولتۇرۇڭ، — دېدىم مەن مېھمانغا جىددىي تىكىلىپ، — ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، بىز سىزنى تونۇيالمايۋاتىمىز. ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟

مېھمان قايتىدىن ئورنىغا ئولتۇردى-دە، ئېغىر-بېسىق قىياپەتتە سۆزلىدى:

— مېنىڭ سىلەرگە تونۇشلۇق بەرمەستىنلا قايتىپ كېتىش نىيىتىم بار ئىدى. بۇ ئەدەبسىزلىكىمنى كەچۈرۈڭلار. مەن زۇلقار بولىمەن.

— نېمە؟ سىز زۇلقارما؟ — لەيلى بىلەن ئىككىمىز تەڭلا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدۇق، — شۇنچە يىللاردىن بېرى قەيەردە يۈردىڭىز؟ هازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— هازىر يامانيار يايلىقىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىمەن، — دېدى زۇلقار غەمكىن ئاۋازدا، — ئۇ يايلاقنىڭ نامىنى سىلەر بەلكىم ئاڭلىمىغان بولساڭلار كېرەك. ئۇ يەردە تۆتلا ئوقۇتقۇچىسى بار بىر باشلانغۇچ مەكتەپ بار ئىكەن. 10 يىلدىن بېرى ئاشۇ يايلاقتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ كەلدىم. بۇ يىل «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» بولۇپ باھالىنىپتىكەنمەن، شۇ سەۋەبتىن ناھىيىگە كېلىپ يىغىنغا قاتنىشىپ قالدىم. ئەسلىدە تونۇش كىشىلەر بىلەن دۇقۇرۇشۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ يىغىنغا قاتناشماسلىق نىيىتىگە كەلگەنىدىم، ئەمما بالامنى كۆرۈۋېلىش مەقسىتىدە بۇ يەرگە كېلىپ يىغىنغا قاتناشتىم. يىغىن ئارىلىقىدا ئۆسمۈر بالىلار بىزگە گۈل تەقدىم قىلدى. ئۇلارنى كۆرۈپ «ئەگەر مېنىڭ بالامۇ هايات بولسا، ئۇمۇ مۇشۇنچىلىك چوڭ بولۇپ كەتكەندۇر» دەپ ئويلاپ قالدىم. كۆزلىرىمگە ياش كەلدى. شۇ ئارىدا بىر قىز ماڭىمۇ بىر دەستە گۈل سۇندى. ئادەمنىڭ يۈرىكى ئاجايىپ تۇيغۇن بولىدىكەن، ئۇ قىزنىڭ قولىدىكى گۈلنى ئېلىۋاتقان ۋاقتىمدا يۈرىكىم ئورنىدىن ئېغىپ كەتكەندەك بىر قىسىملا بولۇپ كەتتىم. ئالدىمدىكى قىزنىڭ كۆزلىرى دادامنىڭ كۆزىگە، بۇرنى گۈلھاياتنىڭ بۇرنىغا ئوخشايتتى. ئۇ خۇددى مېنىڭ بالامدەكلا تۇيۇلۇپ پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ بېلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ ئىسمىنى سورىدىم. نېمىلەرنى سورىغانلىقىمنى بەلكىم ئۇ سىلەرگە دەپ بەرگەندۇ. ئۇنىڭ جاۋابلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئۆز قىزىم ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشەندىم.

ئۇ سۆزىنى توگىتىپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. ئۇنىڭ بەدىنى تىترەۋاتاتتى. شەكسىزكى، ئۇ قاتتىق ئازابلىنىۋاتاتتى.

— سىز ئۇنى ئېلىپ كەتمەكچىمۇ؟ — دېدىم مەن، ھودۇقۇشىمدىن ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپلا قالدى. پۈتۈن بەدىنىم تىكەنلىشىپ كەتتى. لەيلىنىڭ چىرايىمۇ ئۆڭۈپ كەتتى.

— ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭلار. ئۇنى سىلەر بېقىپ چوڭ قىلدىڭلار. ھەممە ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈردۈڭلار. ئۇ سىلەرنىڭ بالاڭلار. مەن ئاتىلىق مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلالمىغان تۇرسام، ئۇنى ئېلىپ كېتىشكە يۈزۈم قانداقمۇ چىدىسۇن! — ئۇ چېكىۋاتقان تاماكىسىنىڭ قالدۇقىنى كولدانغا بېسىپ ئۆچۈردى ـ دە، مېنىڭ كۆزلىرىمگە ئىلتىجا بىلەن تىكىلدى، — سۇبات، جۇلالىنى بۇ ئۆيگە چاقىرسىڭىز، ئۇنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالسام...

مەن جۇلالىگە بىر مۇنچە ياخشى گەپلەرنى قىلىپ، ئۇزاق يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ، ناھايىتى تەستە زۇلقارنىڭ يېنىغا ئېلىپ چىقتىم.

— تاغا، ياخشىمۇ سىز؟ — جۇلالە ئىشىكنىڭ ئالدىدىلا تۇرۇپ زۇلقاردىن ئەھۋال سورىدى. كېيىن قولۇمدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ئىككى ئۆكىسىنىڭ يېنىغا قېچىپ كىرىپ كەتتى.

— ئۇنى بەكلا قورقۇتىۋېتىپسىز زۇلقار، — مەن ئۇنىڭغا جۇلالىنىڭ بايا ئۆيگە كىرگەن ۋاقتىدىكى ھالىتىنى تەسۋىرلەپ بەردىم.

— ئاھ خۇدا! مەن مۇشۇنداق جازانى تارتىشقا ھەقلىق، — زۇلقار ئېچىنىشلىق ئاۋازدا ئىڭراپ تاشلىدى، — بۇ مەندەك تاش يۈرەك ئاتىلارغا بېرىلگەن جازا.

ئۇ ئۆزىنى كرېسلوغا تاشلاپ، يۈزىنى ئالقىنى بىلەن توسىۋالدى، مەن ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارقىسىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان ياشنى كۆردۈم، ئۇ بىر ھازاغىچە ئاشۇنداق ئولتۇرغاندىن كېيىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ يۈزىنى سۈرتتى. كېيىن قويۇن يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ ماڭا سۇندى.

— سۇبات، مەن جۇلالىنىڭ ئالدىدا ئاتىلىق مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلالمىدىم. ئۇنىڭ ئېغىرچىلىقىنى سىلەر كۆتۈردۈڭلار. مانا بۇ بەش مىڭ يۈەن پۇل. مەن بۇنى جۇلالە ئۈچۈن يىغقان. بۇ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەلىپىم. بۇنى قوبۇل قىلىسىڭىز.

مېنىڭ بىردىنلا ئاچچىقىم كەلدى. ئۇنىڭ قولىنى كۈچ بىلەن ئىتتىرىۋەتتىم.

— نېمىلەرنى قىلىپ يۈرىسىز زۇلقار، بىز سىزنىڭ پۇلىڭىزغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قاپتىمىزمۇ؟ جۇلالىنى باقالمايۋېتىپتىمىزمۇ؟ بولدى، جۇلالىنى ئۆزىڭىز ئېلىپ كېتىڭ!

زۇلقار بىردىنلا ھودۇقۇپ كەتتى.

— رەنجىمەڭ، مېنى ئەپۇ قىلىڭ، — دېدى ئۇ پۇلنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، — ئەمىسە جۇلالىنىڭ رەسىمىدىن بىر پارچە بېرىڭىز.

مەن ئالبومنى ئېچىپ، جۇلالىنىڭ يېقىندا چۈشكەن رەڭلىك سۈرىتىدىن بىرنى ئېلىپ بەردىم.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى ئۇ رەسىمنى ئاق كۆڭلىكىنىڭ تۆش يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، — سىلەرنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم. مەن قايتاي.

— نەگە بارىسىز، ئۆيىڭىزگىمۇ؟

— ھەئە، ئۆيۈمگە، لېكىن ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيىگە ئەمەس، ئاشۇ تاغدىكى كەپەمگە،

— قاچان قايتماقچى سىز؟

— ھازىرلا.

— ناھىيىگە قايتىپ كەلمەمسىز؟

— ياق، قايتىپ كەلمەيمەن، — دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن، — ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە ئاشۇ تاغدا ياشايمەن. ئۇ يەردىكىلەر مېنى بەكلا ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ يەردە مېنىڭ نۇرغۇن دوستلىرىم بار. ئۇلار مېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. كېيىنچە سىلەرنى ئاشۇ يايلاقتىكى ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلىمەن. بارغاندا كۆرەرسىلەر. بىزنىڭ ئۇ يەر بەكمۇ گۈزەل. ھە راست. شۇ چاغدا جۇلالىنىمۇ بىللە ئاپىرىڭلار.

مەن ئۇنىڭغا چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، دەپ ۋەدە بەردىم. لەيلى بىلەن ئىككىمىزنىڭ قولىنى لەن زۇلقارنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتۇق. ئۇ ھەر ئىككىمىزنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ خوشلاشتى.

مەن ئۆيگە قايتىپ كىرگەندە لەيلى شىرەدىكى چىنە - تەخسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتقانىكەن. ئۇ بىردىنلا مېنى چاقىردى.

— قاراڭا، سۇبات، ئۇ بۇ پۇللارنى ئولتۇرغان يېرىدە ئۇنتۇپ قاپتۇ.

لەيلىنىڭ قولىدىكى پۇللارنى كۆرۈپ ئىچىم تىتىلداپ كەتتى. نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. بۇ باياتىن زۇلقار ماڭا ئۇزاتقان پۇل ئىدى.

— ھەي، بۇ ئۇنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ. ئۇ بۇ پۇللارنى ئۇنتۇپ قالغان ئەمەس قەستەن قالدۇرۇپ قويۇپتۇ. مەن ئۇنى چاقىرىپ كىرەي.

— ياق، توختاڭ، — دېدى لەيلى پۇلنى سىقىمدىغىنىچە، — سىز ئارقىسىدىن يېتىشەلمەيسىز. جۇلالە چاقىرىپ كەلسۇن. جۇلالە، تاغاڭنى چاقىرىپ كىرگىنە قىزىم. ئۇنىڭغا پۇلىڭىزنى ئۇنتۇپ قاپسىز، دېگىن.

جۇلالە قۇيۇندەك يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كەتتى، لېكىن يېرىم سائەتلەردىن كېيىن مەيۈس ھالدا قايتىپ كەلدى.

— دادا، ئانا، مەن تاغامنى تاپالمىدىم. يۈگۈرۈپ كىنوخانىنىڭ ئالدىغىچە باردىم. تاغام يېزىسىغا كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ.

كۆڭلۈم بىردىنلا غەشلىككە تولدى. دېرىزىنى ئېچىپ سىرتقا نەزەر تاشلىدىم. پۈتكۈل كائىنات ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى شېخىدىن ئۈزۈلۈپ بىر - بىرلەپ يەرگە تۆكۈلەتتى. كۆز ئالدىمدىكى بوشلۇقتا بىرتال خازان ئاستا - ئاستا لەيلەپ يەرگە چۈشتى. ئۇ گويا ئۇزۇن يىللار داۋامىدا تۈگۈپ، كونىراپ، سارغىيىپ كەتكەن بىر پارچە قەغەزگە ئوخشايتتى. ئۇ راستتىنلا بىر پارچە قەغەز ئىدى. ئۇنىڭغا «ۋاقىت، ئىنسان، ھايات، تەقدىر» دېگەن ئەگرى - بۈگرى خەتلەر يېزىپ قويۇلغانىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمۇھەممەت جۇمە

ئەخمەتجان قۇربان

## ھېكايىدىكى شېئىر ۋە مۇزىكا

ھېكايىنىڭ ئۆزىگە خاس پىسخىكىسى مەۋجۇتمۇ - يوق ؟ بۇ سوئال ئالدىدا بىز ئوبدانلا تەمتىرەيمىز. ھەتتا ھېكايە ئىجادىيىتى ۋە ھېكايە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىغا خېلى كۆپ يىل بولغانلارمۇ بۇ سوئالغا كىشىنى قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ھېكايە تەتقىقاتىغا ئائىت ماقالىلەرگە كۆز يۈگۈرتسەك، ھېكايە پىسخىكىسىغا ئائىت بىرەر پارچە ماقالىمۇ ئۇچرىتالمايمىز. ھېكايە پىسخىكىسىنى تەتقىق قىلىش، ۋە بۇ ئارقىلىق يېڭى كۆز-قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش خېلى بۇرۇنلا زۆرۈر بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ بوشلۇق شۇ پېتىلا تۇرۇۋەردى. بۇ بوشلۇقنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھېكايە ئىجادىيىتى ۋە ھېكايە تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇپ، كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىش ئوبيېكتىنى بۇرمىلاپ، زوقلىنىش ئالىمىنى بوغۇپ قويۇۋاتىدۇ. ئىزدىنىۋاتقان بەزى يازغۇچىلىرىمىز ھېكايە پىسخىكىسىنىڭ قانۇن - پرىنسىپلىرى بويىچە خېلىلا ياخشى ھېكايىلارنى ئىجاد قىلىپ، بۇ جەھەتتە دادىل قەدەم تاشلىدى. ئەمما بەزى تەتقىقاتچى ۋە ئوبزورچىلىرىمىز شۇ ھېكايىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ھېكايىنىڭ ئۆزىنىڭ پىسخىكىسى ۋە يازغۇچىنىڭ ئاشۇ پىسخىكىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئۇچۇن كۆرسەتكەن ئىجادىي ئىزدىنىشى، ماھارىتىدىن ئىزدىمەي، ئۇنى چەت ئەللەردىكى بەزى ھېكايە ئېقىملىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەتبىق قىلىنىشىدىن ئىبارەت تاشقى ئامىللاردىن ئىزدەپ، ھېكايە تەرەققىياتىدىكى ھادىسىنى ماھىيەتتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇۋاتىدۇ. بۇ تەتقىقاتچى، ئوبزورچىلارنىڭ بەزىلىرى ئەمەلىيەتتە ھېكايە يازغۇچىنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى چۈشەنمەستىنلا قەلەم تەۋرىتىۋاتىدۇ. نەتىجىدە كىتابخانلارنىڭ ھېكايىدىن زوقلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ ئىزدىنىۋاتقان بەزى يازغۇچىلىرىمىز چەت ئەللەردىكى ئىلغار ئەدەبىي ئېقىملاردىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، خېلى ياخشى ھېكايىلارنى ئىجاد قىلىۋاتىدۇ. لېكىن بۇنداق ھېكايىلارنى باھالىغان، تەتقىق قىلغان چېغىمىزدا ئالدى بىلەن بۇ ھېكايىلارنىڭ ئۇسلۇبى ۋە باشقا ئامىللىرىدىكى ئىجادىيلىقىنى يورۇتۇپ بېرىشىمىز كېرەك.

كۆۋەندە مەن مەتىمىن ھوشۇرنىڭ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق

2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئايخان» ناملىق ھېكايىسى ۋە بۇ ھېكايە ھەققىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ھېس قىلغانلىرىمغا ئاساسەن، ھېكايىدىكى شېئىر ھەم مۇزىكا ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

ھېكايە پىسخىكىسى ھېكايىدا شېئىر، يەنى شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي مۇھىت، شېئىرىي ستېرېئولۇق ۋە شېئىرىي چەكسىزلىكنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھېكايە پىسخىكىسىنىڭ ھازىرلىغان پرىنسىپلىرى بويىچە ئۆزىدە تۈرلۈك شېئىرىي خۇسۇسىيەتلەرنى ھازىرلىغان ھېكايىلار زوقلانغۇچىلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالالايدۇ.

ھېكايىدىكى شېئىر ئالدى بىلەن ھېكايىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازىدا يارقىن ئەكس ئېتىشى كېرەك. «ئايخان» ھېكايىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى شۇ يەردىكى، باش قەھرىمان ئايخاننىڭ ئوبرازى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان كۈچلۈك شېئىرىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىنغان. ئايخاننىڭ ئوبرازىدىكى شېئىرىي خۇسۇسىيەتلەرنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، ئايخان تەقدىرىنىڭ شېئىرىي ستېرېئولۇققا ئىگە قىلىنىشى.

بۇ ھېكايىدا ئايخاننىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرى ئۇنىڭ كۆكتاتلىق ئىچىدە بىر كېچە ئۇخلاپ قېلىپ ئەقلىدىن ئازغانلىقىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىدۇ. سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزەتكەندە، بۇ نۇقتىنىڭ كۈچلۈك شېئىرىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە ستېرېئولۇق كۆزنەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. بىز بۇ ستېرېئولۇق كۆزنەكنى تۇراقلىق ھالەتتىمۇ ۋە چەكسىز كېڭەيتىۋاتقان ھالەتتىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. بۇ نۇقتا بىر خىل شېئىرىي كۆڭگالىققا ئىگە قىلىنغان. زوقلانغۇچىلار ئاشۇ كۆڭگالىق ئىچىدە ئايخاننىڭ تراگېدىيىسىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. چۈنكى، ھېكايىنىڭ ئومۇمىي مۇھىتى زوقلانغۇچىلارنىڭ بۇ ھەقتە تەسەۋۋۇر قىلىشىنى ياخشى ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن. بىز ھېلىقى ستېرېئولۇق كۆزنەكنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ھېكايىدىكى ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن باغلاپ قارىساقلا، ئايخان تراگېدىيىسىنىڭ ھېچقانداق ئەپسانىۋىلىققا ئىگە ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئايخاننىڭ ھېكايىدىكى شېئىرىي مۇھىت ئىچىدە جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئۇ گەرچە روھىي جەھەتتە «سىرلىق بىر پلانېتلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس مېھمانلىرى» بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقاندەك ياشىسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئاشۇ جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولغاچقا، ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاشلا شۇ جەمئىيەتنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى تېتىيدۇ. شۇڭا ئۇ ھېلىم مۇزدۇزنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولىدۇ. قاۋۇلنىڭ مۇھەببىتىگە ۋە ئاخىرىدا بىر توپ قارا نىيەتلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرايدۇ. ھېكايىدىكى شېئىرىي خۇسۇسىيەتلەر ئايخاننىڭ ئوبرازىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپالىغاچقا، بۇ ئوبراز بىزگە تېخىمۇ سېھىرلىك، تېخىمۇ ستېرېئولۇق بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئايخاننىڭ ئوبرازىنى ناھايىتى نېپىز ۋە جىلۋىلىك بىر قەۋەت تۇمان ئوراپ تۇرىدۇ. ئەنە شۇ شېئىرىي تۇمان ھېكايىنىڭ بەدىئىي لەززىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغان. بىز ئايخاننىڭ ئوبرازىدىن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكى بەزى يارقىن خىيال پېرسوناژلارنىڭ پاساھەتلىك سىماسىنى كۆرگەندەك بولىمىز.

ئىككىنچى، ئايخاننىڭ تىلىدىكى شېئىرىي خۇسۇسىيەت.

ھېكايە تىلىنىڭ قانداق بولۇشى ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ھېكايىنىڭ تىلى شېئىرغا قانچە يېقىنلاشقانسېرى بەدىئىيۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. ھازىرقى كۆپلىگەن ھېكايىلىرىمىزنىڭ تىلى شېئىرىي تىلدىن يىراقلىشىپ قېلىۋاتىدۇ.

ھېكايىدىكى ئاپتور تىلى ۋە پېرسوناژ تىلى شېئىرىي خۇسۇسىيەتكە قانچە باي بولغانسېرى، ئۇزىنىڭ كىشىلەرگە تەربىيە بېرىش مەقسىتىگە يېتىپلا قالماستىن، بەلكى زوقلانغۇچىلارنىڭ قەلب دۇنياسىغا چوڭقۇر تەسىر قىلىپ، ئۇلارغا مول بەدىئىي لەززەت ئاتا قىلىدۇ. بىز «ئايخان» ھېكايىسىدىكى مۇنۇ دىئالوگلارنى كۆرۈپ باقايلى:

«—‹ تۇمەنىمنىڭ يىللار ياشىسۇن!› دېمەمسەن!

— ياشىسۇن ؟ ! كىم ياشايدۇ،— ھەيران بولدى ئايخان،— ئاسماننىڭ ئاستى، يەرنىڭ ئۈستى... ئۇلارلا ياشىمىسۇن، ھەممىمىز تەڭ ياشايلى، تۆمۈرچىمۇ ياشىسۇن، موزدۇزنى كىم كۆمۈۋەتتى ؟ ... ئىت، مۈشۈك، قۇشقاچلار ياشىمامدىكەن؟»

مۇنداقلا قارىماققا بۇ سۆزلەر ئەقلىدىن ئازغان ئايخاننىڭ ھېچقانداق ئويلانمايلا دەپ قويغان سۆزلىرىدەك تۇيۇلىدۇ، لېكىن بىز بۇ سۆزلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەھلىل قىلساق، جۇلالاپ تۇرغان يارقىن شېئىرىي ئىستېتىكىنى كۆرەلەيمىز. بۇ شېئىرىي ئىستېتىكىدا ئايخاننىڭ ھاياتقا بولغان مۇھەببىتى، ئادەملەرگە ۋە پۈتۈن تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان ياخشى تىلىكى ئىپادە قىلىنغان. تاقىغا ـ تۇقۇقا ئېيتىپ قويۇلغاندەك تۇيۇلىدىغان بۇ سۆزلەر يوشۇرۇن ئىچكى مەنتىقە ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ كۆرۈنمەس رەنجىرلىرى ئارقىلىق يىمىرىلمەس بىر گەۋدە قىلىنغان. يەنە ھېكايىدىكى مۇنۇ دىئالوگلارنى كۆرۈپ باقايلى!

«— ئايخان، ھە، تۆمۈرچى سېنى نېمە قىلىدى؟

— مېنى سۆيۈپ...

— كۆلنىڭ بويىدىما ؟

— قارىياغاچنىڭ ئاستىدا.

— كىم كۆردى ؟

— قۇشقاچلار.

— ھە، سېنى سۆيدى، يەنىچۇ ؟

— يەنە ... »

شەكىل جەھەتتىنمۇ چاچما شېئىرغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ دىئالوگدىن شېئىرىي مۇھىت، شېئىرىي ستېرېئولۇق ۋە زوقلانغۇچىلار تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلىدىغان شېئىرىي تەسەۋۋۇر قاتارلىقلارنى كۆرەلەيمىز. بۇ دىئالوگلاردا ئايخان بىلەن قاۋۇلنىڭ مۇھەببىتىگە زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن كۆل بويى، قارىياغاچنىڭ ئاستى ۋە ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ جانلىق شاھىدى بولغان قۇشقاچلار كۈچلۈك شېئىرىي سىمۋوللۇق قۇدرەتكە ئىگە قىلىنغاندىن باشقا، ئەڭ ئاخىرىدىكى «يەنە ...» سۆزى بىر خىل شېئىرىي پىنھانلىق ئىچىدە زوقلانغۇچىلارغا ئۇزۇلمەس شېئىرىي تەسەۋۋۇر ئاتا قىلالايدۇ.

«يەنە» سۆزىنىڭ ئاخىرىسىغا ئىنتايىن ئورۇنلۇق قويۇلغان ئۈچ تال چېكىتمۇ گويا ئۈچ تەسەۋۋۇر دۇنياسىدەك، زوقلانغۇچىلارغا ھېكايىدا يېزىلمىغان نۇرغۇن كەچمىشلەردىن بېشارەت بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئايخان پىسخىكىسىدىكى شېئىرىي خۇسۇسىيەت.

ئايخاننىڭ پىسخىكىسى پاساھەتلىك يېزىلغان گۈزەل شېئىرغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا بالىلارغا خاس ساددىلىق، ئاق كۆڭۈل قىزلارغا خاس مۇھەببەت ۋە گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىش، ۋىجدانلىق ئاياللارغا خاس قەيسەرلىك ۋە ساداقەت يالقۇنجايدۇ. ئايخاننىڭ بالىلار ياسىغان لاي توقاچلارنى ئېتىكىگە ئېلىۋېلىپ ھەۋەس بىلەن ئويناپ كېتىشىدىن ئۇنىڭ بالىلارغا خاس ساددىلىقىنى، گاھى ـ گاھىدا ياسىنىپ ـ تارىنىشلىرىدىن گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشىنى، قاۋۇل بىلەن بولغان مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىدىن مۇھەببەتكە بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈشىنى، ئاخىرىدا قاۋۇلنى (ئەمەلىيەتتە جەسىتىنى) قوغداش ئۈچۈن قارا نىيەتلەرگە قارشى كۆرسەتكەن قەيسەرلىكىدىن ئۇنىڭ ۋىجدانلىق ئاياللارغا خاس ساداقەتمەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئايخاننىڭ پىسخىكىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل قىلىپ، شېئىرىي ئىدراكىمىز ۋە تەسەۋۋۇرىمىز بىلەن پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرالىساق، ئۇنىڭ قارىماققا ساغلام ئەمەستەك كۆرۈنىدىغان پىسخىكىسىنىڭ ئىنتايىن ساغلام ھەم يارقىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

ئايخان پىسخىكىسىنى زوقلانغۇچىلارنى ئاسانلا قايمۇقتۇرۇپ قويىدىغان ناتۇرال قاتلامغا قويۇپ تەھلىل قىلىش توغرا ئەمەس، بىز ئاشۇ ناتۇرال قاتلامنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ھېكايىنىڭ پىسخىكىسىغا چوڭقۇرلاپ كىرەلىسەكلا، يازغۇچىنىڭ ئايخان ئارقىلىق نېمىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، نېمىنى تىپىكلەشتۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. ئايخاننىڭ پىسخىكىسىدا بىز ئاسان بىلىۋالالمايدىغان ئۆزگىرىشچان ئالۋۇندەك جىلۋىدارلىق بار. شۇڭا زوقلىنىش سەۋىيىسى تۆۋەن بەزى كىتابخانلار ئايخاننىڭ پىسخىكىسى ۋە خاراكتېرىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئاسان بىلەلمەسلىكى مۇمكىن. ھازىرچە قاتماللاشقان زوقلىنىش ئادىتىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ بولالمىغان كىتابخانلىرىمىزدىن رەنجىشكە تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ. لېكىن ئەدەبىي تەنقىدچى، تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭمۇ ئۆگەنمەي، ئىزدەنمەي ئەتراپلىق ئويلانماي تۇرۇپلا ھېكايىلىرىمىزغا كەلسە ـ كەلمەس باھا بېرىشى، قارىماققا ھېكايىنىڭ ئۇتۇقلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھەقىقىي ئۇتۇقلىرىنى كۆرمەسكە سېلىشى، ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنىڭمۇ بىر ئىجادىي ئەمگەك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ ئاللىبۇرۇن قاتماللىشىپ كەتكەن نەزەرىيەلەرگە سېلىپ تەھلىل قىلىشى كىشىنى ئەجەبلەندۈرمەي قالمايدۇ.

ئىنسان ــ ئەڭ ئالىي ھېسسىياتلىق مەخلۇق. شۇڭا ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە ئۇ ياشاۋاتقان شارائىتتا شېئىرىي مۇھىتنىڭ ئۇچقۇنلىرى جىلۋىلىنىپ تۇرغان بولىدۇ، قىسقىسى، ياخشى يېزىلغان ھېكايىلاردىكى پېرسوناژلار شېئىرىي مۇھىت

ئىچىدە ياشايدۇ. بۇ خىل شېئىرىي مۇھىت پاجىئە ۋە تراگېدىيىنىمۇ، سۆيگۈ ۋە ھايات شادلىقىنىمۇ، جۇشقۇن ۋە مۇڭلۇق لىرىكىنىمۇ ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولىدۇ، ھېكايىدىكى شېئىر ھېكايە پېرسوناژلىرىنىڭ ئوبرازىدا يارقىنلاشقاندىن باشقا ھېكايىدىكى مەنزىرە، سيۇژېت، قىياپەت، كومپوزىتسىيە قاتارلىقلاردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. لېكىن ئۇ يەنىلا پېرسوناژ ئوبرازىدىكى شېئىرىي خۇسۇسىيەتلەرنى تېخىمۇ جىلۋىلەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇنداقلا پېرسوناژ ئوبرازىنى يارقىنلاشتۇرۇۋاتقان شېئىرىي خۇسۇسىيەت بىلەن يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدە بولۇپ كېتىدۇ.

ھېكايىدا يارىتىلغان مۇزىكا ئامىللىرى ھېكايىنىڭ زوقلانغۇچىلارنىڭ ھېسسىياتىغا تەسىر قىلىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھازىر يېزىلىۋاتقان بەزى ھېكايىلاردا مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا بۇنداق ھېكايىلارنىڭ كومپوزىتسىيىسى چۇۋالچاق، مەزمۇنى ھېسسىياتقا ئىنتايىن گاداي بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھېكايىنى مۇزىكىدارلىققا ئىگە قىلىدىغان ئۇدار ۋە مېلودىيىنى تاپقىلى بولمايدۇ.

مۇزىكا — رىتىملىق سەنئەت. ھېكايە پىسخىكىسىدىن قارىغاندا، ھېكايىنى مەلۇم جەھەتتىن رىتىملىق سەنئەت دېيىشكە بولىدۇ. مۇنداق قارىماققا، ھېكايىنىڭ رىتىملىق سەنئەت ئىكەنلىكى مۇزىكىنىڭكىدەك يارقىن تۇيۇلمايدۇ. ئەمەلىيەتتە مۇزىكا سەزگۈمىزنى ئىشقا سېلىپ تىڭشىساق، ھېكايىنىڭ كومپوزىتسىيىسى سيۇژېتىدىكى تۈگۈن، راۋاج، ئەۋج، يېشىم قىسىملىرىدا ھېكايە پېرسوناژلىرىنىڭ پسىخىكا تەرەققىياتى بىلەن جىپسىلىشىپ بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن ئۇدار ۋە جۇشقۇن مېلودىيىنى ئاڭلىيالايمىز.

فېيىرباخ «خرىستىئان دىنىنىڭ ماھىيىتى» دېگەن ئەسىرىدە «مۇزىكىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى قەلبىنىڭ ساداسىدىن ئىبارەت» دەپ يازغان. مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىنغان ھېكايىلارنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلىپ يېتەلەيسەك، يازغۇچىنىڭ ھېكايىغا سىڭدۈرگەن ھەقىقىي قەلب ساداسىنى ئاڭلىيالايمىز.

بەدىئىي ئەسەر تىلى مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى تىلنىڭ ئۆزى ئاھاڭدارلىققا ئىگە. يازغۇچىلار ئاشۇ خۇسۇسىيەتتىن پايدىلىنىپ، تۇرمۇش ھادىسىلىرى ۋە شەيئىلەرنى جاراڭلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تىلنىڭ ئېگىز-پەس، ئۇزۇن قىسقا، ئېغىر-يېنىك، تېز-ئاستا ھەمدە ئېغىزغا ئەپلىك، راۋان بولۇشتىن ئىبارەت گارمونىك خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق كىشىلەرگە بىر خىل مۇزىكىلىق زوق بېغىشلىنىدۇ، بۇ خۇسۇسىيەت يالغۇز شېئىرىيەت ۋە لىرىك نەسىرلەردىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، ھېكايىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

بىز «ئايخان» ھېكايىسىنىڭ تىلىدىكى مۇزىكىلىق ئامىللارنى كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ، ھېكايىنى ئوقۇغان كىتابخانلار ئاسانلا ھېس قىلالايدۇ. بىز ھېكايىنى ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا تەسەۋۋۇرىمىزدا پەيدا بولغان بىر غايىۋى دەريانىڭ يېنىك شىلدىرلىشىنى، ئىچكى كۈچىنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولغان شاۋقۇنىنى ئېنىق ئاڭلىيالايمىز.

شۇنداقلا «چۆچەكچى موماي» نىڭ ئاغزىدىن تۆكۈلۈۋاتقان جەزبىلىك رىتىم ھەمدە ئاشۇ تېمىدىن ئاپىرىدە بولغان ئۆزگىرىشچان مېلودىيىنىڭ سېھىرلىك ساداسىنى ئاڭلىيالايمىز. بۇ سېھىرلىك سادا ئەڭ ئاۋۋال ئايخان ۋە ئۇنىڭ كەچمىشلىرىنى مەر-كەز قىلىپ ئۇنلەيدۇ. بۇ مېلودىيە ھېكايىدىكى پاجىئە، سۆيگۈ، گۈزەللىك ۋە رەزىللىك ئېلېمېنتلىرىنى ئۆزىگە تاكىت قىلغان بولۇپ، ئۇ ئايخان كەچمىشىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىردەم لىرىك، يېنىك مۇزىكىغا، بىردەم مۇڭلۇق كۆز ياشلىق كۈيگە، بىردەم ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ياڭراق ھايات ناخشىسىغا ئايلىنىدۇ. «ئايخان» ھېكايىسىغا سىڭدۈرۈلگەن مۇزىكىلىق سادانى دىققەت بىلەن تىڭشىساق، داۋاملىشىۋاتقان جەزبىلىك سىمفونىيىنى ئاڭلىغاندەك بولىمىز. يازغۇچىنىڭ زوقلانغۇچىلارنىڭ قەلب روياللىنى خېلىلا يۇقىرى ماھارەت بىلەن چالالىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلىمىز. «ئايخان» ھېكايىسىغا سىڭدۈرۈلگەن سىمفونىيىنىڭ ئەڭ لەززەتلىك يېرى، تېخى تۈگىمىگەن بىر سىمفونىيىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى چەكسىز بوشلۇقتا داۋاملىق جاراڭلاۋاتقانلىقىدا. ھېكايە مۇنداق ئاياغلىشىدۇ:

«يېقىندىن بېرى ئىچى پۇشقان ئاياللار بۇ ۋەقەگە رىۋايەت تۈسىنى بېرىپ، قاۋۇل بىلەن ئايخان ھاياتكەن، ئۇلار ھەر كۈنى كەچلىكى سازلىقتىكى كۆل بويىدا ئۇچرىشىپ تاڭ يورۇشقا يېقىن غايىب بولۇپ كېتىدىكەن، دەپ ھېكايە قىلىشىدىغان بولدى ...» دەل مۇشۇ بىر نەچچە جۈملە ئارقىلىق ھېكايىدىكى مۇزىكا زوقلانغۇچىلارنىڭ قەلبىگە كۆچكەن. ئاشۇ مۇزىكا زوقلانغۇچىلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىدراكىنى ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئوخشىمىغان مېلودىيىدە داۋاملىق جاراڭلايدۇ.

ھېكايىدىكى مۇزىكا بىلەن شېئىر ھېكايىنىڭ بەدىئىي كۈچىنى ئاشۇرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى، ھېكايىدىكى شېئىر ۋە مۇزىكا ھېكايىنىڭ بەزى بۆلەكلىرىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا گەۋدىلەنسە، يەنە بەزى بۆلەكلىرىدە بىرىكىپ بىر گەۋدە بولۇپ كېتىدۇ. ھازىرقى كۆپلىگەن ھېكايىلىرىمىزدا بۇ خۇسۇسىيەتكە سەل قارالغاچقا، زوقلانغۇچىلىرىمىز ھېكايىنى ناتورال قاتلام بويىچە چۈشىنىشكە ئادەتلىنىپ قالغان. بەزى ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

«ئايخان» ھېكايىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خېلى كۆپ مۇلاھىزىلەر بولدى. مۇلاھىزە قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى. بۇنداق مۇلاھىزىلەر زوقلانغۇچىلارنىڭ زوقلىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ۋە ھېكايىچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى پايدىلىق. شۇڭا مەنمۇ بۇ قىسقىغىنە مۇلاھىزەمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقتىم. باشقىلارنىڭمۇ پايدىلىق بولغان مۇلاھىزىگە ئاۋاز قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

بۇ يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى پېشقەدەم ئۆزبېك شائىرى شۈكۈر يالقىن 75 ياشقا كىردى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن دىققىتىڭىزلارغا ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر سۇندۇق.

شۈكۈر يالقىن (ئۆزبېك)

## شېئىرلار

### يەتمىش بەش يېشىمدا

چارەك كەم بىر ئەسىر ياشاپ دۇنيادا،
كۆپ ئىسسىق - سوغۇقلار كەچتى بۇ باشتىن.
گاھ ئاتلىق، گاھ كېزىپ سەرسان پىيادە،
ھاياتقا ئىز سالدىم يەتمىش بەش ياشتىن.

يەتمىش بەش ياز بىلەن كۈز ۋە قىش ئۆتتى،
گاھ خۇشال، گاھ ئەلەم - ھەسرەت ئىلكىدە.
شۇنچىلىك نەۋ باھار — نورۇز كېلىپ كەتتى،
پاياندار گۈل يېيىپ ھايات مۈلكىگە.

گەر بالا - قازاغا گىرىپتار بولسا،
يەتمىش بەشنى كۆردۈم دەيتتى بەزىلەر.
شۇنداق يەتمىش بەشتىن نەچچىنى كۆرسەم،
ماڭا كۆرمىگەندەك بولۇپ سېزىلەر.

ئۆتمۈشتىن تەجرىبە - ساۋاق شۇ ئىكەن:
ھەسرەتتىن پايدا يوق، شاد كۈلگەن ئەۋزەل.
قاقشىماق ئۆمۈرگە شۇمبۇيا - تىكەن،
گۈل كەبى ئېچىلماق ھەممىدىن گۈزەل!

ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرى بولۇپ قالسىمۇ،
يىگىتتەك پاراقلاپ كۈلگۈم كېلىدۇ.
كۈمۈش باش موماىلار، دەل سىزلەرنىمۇ،
قارا چاچ قىزلاردەك كۆرگۈم كېلىدۇ.

ھازىرقى مومايلار، بوۋايلار بىرچاغ،
قىز ۋە يىگىت ئىدۇق گۈزەل ۋە بەرنا.
ھېلىمۇ قىلىمىز ياشلاردەك چاقچاق،
بىرىمىز بۇلبۇلۇ، بىرىمىز رەنا.

خىجىللىق ئىچىدە ئاستاغىنە دەي:
بىزمۇ بىر - بىرىمىزگە كۆيۈشكەن ئىدۇق.
خالىيراق جاي تاپساق، خەققە سەزدۈرمەي،
تاتلىق - تاتلىققىنا سۆيۈشكەنىدۇق.

شۇ شېرىن دەملەرنىڭ تەمى ئاغزىمدا،
بولمىدى دېگەندە ئەسلەپ خۇشالمەن.
قايغۇ يوق، ھەسرەت يوق ناخشام - سازىمدا،
كۈلىمەن، ئاھ - ۋاھتىن يىراق بىر چالمەن.

1992 - يىل. ئۈرۈمچى.

# بوۋايلارغا بايراملىق چاقچاق

ئەسسالامۇ - ئەلەيكۇم، كۈمۈش چاچلىق بوۋايلار،
يەتمىش - سەكسەنگە كەلگەن ئۇلۇغ ياشلىق بوۋايلار!
قېرىغاندا ئۆتكۈزگەن بايراملىرى مۇبارەك،
نەۋ باھاردا - نورۇزدا نەۋقىران بولۇپ تۇرغايلا!

مەن بىر بوۋاي، ئىقرارمەن، ئەمما مۇشۇ سورۇندا
ماڭا بوۋا بولغۇدەك بوۋايلارمۇ بەك تولا.
ساقىلىمنى ماختىنىشىپ دېگەنىدىلەن پەرىشتە،
ساقال قويماي ئەمدى مەن دېمەيسىلەر ئۆزۈڭلار.

ماڭا ياراشقان ساقال سىزلەرگە ياراشماسمۇ،
ياكى ساقال قويۇشقا ئۇنىمامدۇ مومايلار؟
مەن پەرىشتە بولسام گەر، سىزلەر نېمە، شەيتانمۇ؟
بۇنى بىر قىلىپ كۆرسەك مۇنازىرە - غۇلغۇلا.

سۆزنىڭ زىننىتى ماقال، ئەرنىڭ زىننىتى ساقال —
دېگەن تەمسىل كەلمەيدۇ ئېسىڭلارغا زادىلا.
ساتىراش ھەتتا ئۇستىرا - كاپلىغۇچمۇ، قاقشايدۇ،
نۆۋەت كۈتكەن ياشلارمۇ سىزدىن زارلايدۇ تەڭلا.

يۈز ياشقا يېقىنلىشىپ كوسا بولۇپ بارساڭلار،
مەخشەردە خۇدايىممۇ كۈلۈپ كېتىدۇ تاڭلا.
ساقالسىز قېرىلارغا چاقچاقنى ئارتۇق قىلىپ،
رەنجىتىپ قويما يەنە، شۈكۈر بوۋاي، ئاۋايلا.

ئەسسالامۇ - ئەلەيكۇم بارچە بوۋاي، مومايلار،
نەۋ باھاردا - نورۇزدا نەۋقىراندەك تۇرغايلا!

1991 - يىل 21 - مارت، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئىستەر كۆڭۈل ①

كۆپ ئازاب چەكتى بۇ جان ئارامى جان ئىستەر كۆڭۈل،
تار كۆرۈندى بۇ جاھان ئۆزگە جاھان ئىستەر كۆڭۈل.
يارۇ - دوستلارنىڭ مازارىدىن ئىبارەت ئالەمىڭ،
ئەقرە بالەرنىڭ يانىدىن بىر ماكان ئىستەر كۆڭۈل.
گەرچە جىسمىم تۇتقۇن ئەمما كۆڭلۈم ئىسياندا ھامان،
قەلبىمنى زەبت ئەتكۇدەك چىن ھۆكۈمران ئىستەر كۆڭۈل،
مەن ئۈمىد ئەتكەن باھارۇگۈل ۋە رەيھان شولمىدى،
تۆك بۇلۇت قەھرىڭنىكىم، ۋەقتى خەزان ئىستەر كۆڭۈل.
كۆرمىشىم شول بولسا تەقدىردىن ھەمىشە ئەي پەلەك،
بەس، تۈگەت دەۋرىڭنىكىم، ئاخىر زامان ئىستەر كۆڭۈل.
ياق، ئۈمىدسىزلەنمە يالقىن، يان يەنە، ياندۇر يەنە،
ئوت سىناقتىن تاۋلىنىپ چوڭ ئىمتىھان ئىستەر كۆڭۈل.

1943 - يىل، غۇلجا.

## مىرزا بېدىل سۆزلىرىدىن

ئالدىنىپ قالما، سەن ھەييارلارنى دوست ھەم ئۆز دېمە،
سول كۆزۈڭنى ئوڭ كۆزۈڭگە ھەر قاچان دوست كۆز دېمە،
بىمەھەل قىچقىردى دەپ خوراز بېشىنى كەسكۈچى كۆپ،
دۈشمىنىڭ سەزگۈر كۈتەر، مەۋقەنى بىلمەي سۆز دېمە.

جەمئىيەتتە سەن ئەگەر ئاقماقچى بولساڭ قانچە تېز،
كەمتەرىن ئۇتقىل ئۆزۈڭنى، بول تۆۋەن، بولما ئېگىز.
كۆرمىدىڭمۇ سۇ تۆۋەنگە ئاقسا، ئاقىقاي بەك راۋان،
دۆڭگە ئاققانچە سىكىنلەر، بەلكى توختار شۈبھىسىز.

قەلبى ئۆرتەنگەن كىشىگە تېز نەسىھەت قىلمىغىن،
يەنى يۇمشاق سۆز دېدىم دەپ ئوت يۈرەكنى تىلمىغىن.
ئويلا: قىزىق شىشەگە بىر تامچە سۇ تەگسە مەگەر،
شىشەنىڭ تاش زەربىدىن چۇل - چۇل بولۇپ سۇنغانلىقىن.

1936 - يىل، قەشقەر.

---

① بۇ شېئىرنى شوكۇر يالقىن 1945 - يىلى يازغان بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا كىشىلەر ئاغزىدا يادلانغان. ھەيۋەكى، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىل 1 - سانىدا بۇ غەزەل بەزى سۆزلىرى ئۆزگەرتىلىپ ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ نامىدا ئېلان قىلىنغان.

## بىرنەچچە سۆز

يولۇڭدىن بىر قېتىم يانما، يولۇڭدا بولسا مىڭ يانغىن،
ئەگەر نامەرد يولى بولسا، ئۇ يولدىن مەيلى مىڭ يانغىن.

*           *

ساداقەتلىك غېرىبنى پۇل ئەمەس گۆھەرگىمۇ ساتما،
يامان شاھ بولسا ساتقىن، ئەرزىمەس يارماققىمۇ ساتقىن.

*           *

ساڭا دىلدىن ۋاپالىق يات مىڭ ئەۋزەل بىۋاپا ئۆزدىن،
رەپىقەڭ بولسا تۈزكور، ئۇ ئۈزاق ياتسۇن، ئۈزاق ياتقىن.

*           *

ئېلىڭگە پايدىسىز ئىش بولسا، هارغىن، يالتىيىپ قالغىن،
ۋە لېكىن ئەل ئىشىدىن هارمىغىن، بولساڭمۇ مىڭ هارغىن.

ئېغىر بول ئەلگە ئەمما ياۋغا قارشى بول قىزىق ئوتتەك،
چېلىشتا قايىنغىن ـ تاشقىن، بولۇپ كەلكۈن ۋە يا تاشقىن.

تومۇزدا ئەلگە بول سالقىن سىلاپ، سۆيۈپ، بېرىپ ئارام،
زېمىستاندا ئىسسىت ئەلنى، ئۆزۈڭ كۆي، مەيلى بول يالقىن.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت



كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## كىتابخانىلاردىن خەت

### سىپايىلىق ئاستىغا يوشۇرۇنغان رەزىللىك

مەن شائىر ھەم يازغۇچى ئارسلاننىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 9 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «سىپايە ئايال» ناملىق ھېكايىسىنى زور قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم. بۇ ھېكايىدا بىر قاتار ۋەقەلەر ئارقىلىق جەمئىيىتىمىزدىكى شەرمى - ھايا، ئەدەب - ئەخلاقنى ئۆزىگە يار تۇتۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرۈۋاتقان بىر قىسىم بۇزۇق، چاكىنا ئاياللار شۇنداقلا ھوقۇقىنى ئۆزىنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىدىغان ئەمەت مۇدىرغا ئوخشاش قىسمەن غەيرىي مۇھەببەت مەستانىلىرى ئۆتكۈر تىل بىلەن قامچىلىنىپ، كۈچلۈك ھەجۋىي قىلىنغان. مەن بۇ ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلايمەن:

بىرىنچى، ئاپتور تەسۋىرلەش ئۇسۇلىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان. شۇنداق بولغاچقا كىتابخانلار ئەسەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان ئادەملەرنى كۆرۈۋاتقاندەك، گەپ - سۆزلىرىنى بىۋاستە ئاڭلاۋاتقاندەك ھەم شۇ مۇھىت ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىدۇ.

پېرسوناژلار تىلى ئەسەردە ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان مۇھىم ئامىل. «ـ ماڭا ئۇنداق قارىمىسىلا، ئىزا تارتىدىكەنمەن، — دېدى پاتەمخان ئاچا نازلىنىپ، — بىزدىن گۇمانلانغان ھېلىقى قارا نىيەتنىڭ ئەدىبىنى تۇيدۇرماي بېرىپىلا — ھە، مۇدىر.

— بىزنىڭ پېيىمىزگە چۈشمەك بولغاندەك كۆرۈنىۋېدى، شارتىلا قىلىپ قالدىم، ئۆزىمۇ زەربىنىڭ قاياقتىن كەلگەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى. ئۇنداقلار تاش سانىغىچ،

